# ئۇيغۇر

# خەلق چۆچەكلىرى

8

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

(8)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتى
79 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى
نەشرگە تەييارلىغان

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (8)

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا306№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى1168×850مم1/32 باسما تاۋىقى:9.5
1985 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·956
تىراژى:1—29,000
باھاسى: 0·72 يۈەن

# مۇندەرىجە

ھەسەن بىلەن ھۈسەن ........................ 1
قارا يىيەتلىك قېرىنداش ........................ 7
ھورۇنلۇقتىن شاھلىققىچە ........................ 16
بايەزەك ........................ 27
ھىندىستان مەلىكىسى ........................ 31
شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى ........................ 34
باقىنىڭ سۆز سىيتەۋىلىشى ........................ 44
«بۇقا مۇزايلاپتۇ» ........................ 49
چوڭ خوتۇنىنىڭ كارامىتى ........................ 52
شاھزادە ھەسەن ........................ 57
ئەجمەن باتۇر ........................ 65
تەخەي يىگىت ........................ 73
پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى ........................ 77
دىخان ........................ 82
يۇر شىھىت ........................ 87
بېشىغا قۇش قونغان بالا ........................ 98
چاشقان بىلەن سودىگەر ........................ 101
ئالتۇن بېلىق ........................ 103
ئىت بىلەن مۈشۈك ........................ 105
قاسىم ئوغرى ........................ 107
پادىشا بىلەن باغۋەن ........................ 109
پەملىك دىۋانە ........................ 111
قەھرىمانىنىڭ ھىكايىسى ........................ 121

باي بىلەن چاكار ........ 141
ئالتە قارىغۇ بىلەن سودىگەر ........ 145
ئوقۇش ئۈچۈن ........ 150
قەشقەر بۇلبۇلى ........ 155
جاھاننى بەختلىك كەزگەنلەر ........ 159
دىدەك قىز ........ 161
ئات بىلەن سېھىرگەر ........ 165
ئامەت بىلەن قورقاق ........ 171
مەلىكە قانخور ھېكايىسى ........ 177
سالىق باي ........ 192
شاتۇتنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 203
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساياھىتى ........ 205
پالۋان ........ 208
پاقا شاھزادە ........ 210
ئۈچ ئاكا - ئۇكا ........ 212
قادىر ئەۋلىيا ........ 214
چۈش قانداق پەيدا بولغان ........ 217
ئۈچ دوست ........ 223
دىۋانە بىلەن گۈلنىسا ........ 226
پوچى موزاي ........ 229
پەرىزات ........ 231
غېرىپ ھېكايىسى ........ 236
شاھزادە بىلەن مەلىكە ........ 239
دانا، نادان ۋە قاسساپ ........ 250
ئىلمۇلىپ ........ 254
سادات ۋە ئادات ........ 264
ئەقىللىق دىۋانە ........ 271

قوچقار، تەخەي ۋە بۆرى ........................... 273
سودىگەرنىڭ خوتۇنى .............................. 277
پەرىزات قىز .................................... 280
بەگلەرنىڭ خىيالى ................................ 286
بەگلەر ......................................... 290

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەسەن بىلەن ھۇسەن

بۇرۇنقى زاماندا، كۇچار شەھىرىدە ئۆتكەن ئىككى سودىگەرنىڭ ھەسەن ۋە ھۇسەن دىگەن ئوغۇللىرى يېقىن دوست ئىكەن. ئۇلار يىگىتلىك قورامىغا يەتكەندىن كېيىن، دادىلىرىنىڭ كەسپىگە ۋارىس بولۇپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇلار باشقا شەھەرلەردىن ھەر خىل ماللارنى ئېلىپ كېلىپ كۇچاردا ساتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككىسى قەشقەرگە بېرىپتۇ. شەھەرنى ئايلىنىپ تاماشا قىلماقچى بولۇپ كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر راۋاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە راۋاقتا تۇرۇشلۇق قىز دەرىزدىن بېشىنى چىقارغان ئىكەن، ئۇنى ھەسەن كۆرۈپ قاپتۇ. كۆرۈپ قاپتۇ - دە، شۇ ھامانلا قىزنىڭ ھۆسنى - جامالىغا كۆيۈپ، ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ھۇسەن ئۇنى مىڭ تەسلىكتە ھۇشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ھەسەن:

— ئەي، قىيامەتلىك دوستۇم ھۇسەن كۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپتىكى، مەن بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. ئەمدى بۇ قىزسىز مېنىڭ ھاياتىم ھايات ئەمەس. مەن سۆيگۈ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارمىغۇچە يۇرتقا كېتەلمەيمەن. ئىشىمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن دۇئايىڭنى بېرىپ يولۇڭغا راۋان بولغىن، ئەگەر بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەم رازى بولارسەن، — دەپ ياش تۆكۈپتۇ. ھۇسەن ئايرىلىشقا قىيماي

كۆپ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپتۇ. ئەمما ھەۋەسىنى يولدىن قايتۇرالماپتۇ. ئاخىر مىڭ تەسلىكتە ئايرىلىپ ھەسەننى قەشقەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى ماللارنى ئېلىپ كۇچارغا قايتىپتۇ.

ھەسەن بولسا شۇ كۈندىن باشلاپ قىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش ئۈچۈن راۋاقنى ئايلىنىپلا يۈرۈپتۇ. لېكىن قىزنى ئىككىنچى قېتىم كۆرەلمەپتۇ. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۆيۈك ئوتى ئەۋج ئېلىپ چىرايى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

ئەنە شۇ راۋاقنىڭ يېنىدا بىر كەمپىر ياشايدىكەن، ئۇ كەمپىر كۈندە ئۈچ سەر يىپ ئىگىرىپ ئۈچ نانغا تېگىشىدىكەن. ئۇنىڭ بىر توخۇسى، بىر مۈشۈكى بولۇپ، ئۈچى ئۈچ ناننى يەپ ھايات كەچۈرىدىكەن.

كەمپىر ھەسەننىڭ كۈندە راۋاقنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ھەسەن كەلگەندە موماي:

— ئەي يىگىت، نېمە دەردىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەسەن:

— ئەي ئانا، سىلى قېرىكەنلا، مەن بولسام ياش، سىلە مېنىڭ دەردىمگە يېتەلمەيلا، — دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ. موماي يەنە:

— ئەي بالام، ھەرقانداق دەردىڭ بولسا سۆزلە، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي، — دەپتۇ. ھەسەن ئىچ سىرىنى مومايغا تۆكۈپتۇ. موماي:

— بۇ قىز قەشقەر پادىشاسىنىڭ قىزى بولىدۇ. ئۇ زادىلا كوچىغا چىقمايدۇ. ئۇنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى يېنىدىكى ئۈچ كېنىزىكى ئەكىرىپ بېرىدۇ. بۇ قىز يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ قالدى، شۇڭا مەن ئامال قىلالايمەن، — دەپتۇ. يىگىت چەكسىز خۇشال بولۇپتۇ. ئاندىن كېيىن موماي يىگىتكە:

— سەن ماڭا ئىككى چۆجە ئەكىرىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

ھەسەن ماقۇل بولۇپ، بازاردىن ئىككى چۆجە ئەكىرىپ بېرىپتۇ. موماي ئىككى خالتا تىكىپ، چۆجىلىنى سېلىپ، ئۇنى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ قىزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە قىزغا:

— ۋاي بالام، ياش بالىلار باشنى تۇجۇپلەپ باقالمايدۇ. مەن باش بېقىشقا ناھايىتى ئۇستا، باشلىرى سىركە بولۇپ قالغاندۇ، — دەپ قىزنى يېنىغا تەكلىپ قىپتۇ. مومايى قىزنىڭ چېچىنى ھەر قېتىم سىققاندا ئۇنىڭ قولتۇغىدىكى چۆجە «چۇك - چۇك» قىلىپتۇ. قىز ئەجەپلىنىپ:

— ۋاي موما، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي قىزىم، بۇ گەپنى ھېچكىشىگە دېمەيتتىم، سىلە سوراپ قاللا، بوپتۇ، دەپ بېرەي. مەن ئەسلىدە كاتتا بىر باينىڭ قىزى ئىدىم. ئاتام مېنى ياخشى كۆرگەچكە يېنىدىن ئايرىماي، يىگىرمە بەش ياشقا كىرگىچە ئەرگە بەرمىدى. مەن ۋاقتىدا ئەرگە تەگمىگەنلىكىم ئۈچۈن مۇشۇنداق «چۇك - چۇك» كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان، — دەپتۇ موماي.

بۇنى ئاڭلىغان قىز قورقۇپ كېتىپ كىمكىلا بولسا بىرىگە ئەرگە تېگىشنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مومايغا:

— ئەي موما، مەنمۇ يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ قالدىم، ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ — دەپتۇ.

— ۋاي بالام، بۇ تولىمۇ يامان بولۇپتۇ. دەرھال بىر ئامالنى قىلايلى، مېنىڭ بىر ئىنىم بار. ئۇ تولىمۇ كېلىشكەن يىگىت. شۇنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويسام قانداق؟ — دەپتۇ موماي. قىز ناھايىتى خوشال بولۇپ:

— ئۇنداق بولسا مەن ئاتامغا ئېيتاي، بىز بىر قول سېتىۋالماقچى ئىدۇق، ئاتام ماڭا ئۇ يىگىتنى قول ئورنىدا ئېلىپ بەرسۇن. مەن شۇ ئارقىلىق مەقسىدىمگە يېتەي، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەكشەنبە كۈنى موماي ھەسەننى ئوبدان ياساپ قۇل بازى-
رىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قىز ئاتىسىغا:
— ئەي ئاتا، بۈگۈن بازارغا شۇنداق بىر ياخشى قۇل كىرىپتۇ، شۇ قۇلنى ماڭا ئېلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. پادىشا دەرھال بازارغا ئادەم چىقارتىپ قىزى ئېيتقان قۇلنى نەچچە پۇل دېسە شۇنچە پۇلغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشانىڭ ئادەملىرى قۇل بازىرىغا بېرىپ ھەسەننى ئۈچيۈز تىللاغا سېتىۋاپتۇ. موماي پۇلنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ھەسەن پادىشانىڭ قىزىنىڭ خاس قۇلى بولۇپ، ئۈچ كېنىزەك بىلەن بىللە شۇ قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپتۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. قىز قارىسا ھەسەن ئوبدانلا كېلىشكەن يىگىت. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ يۈرىكى ھەسەنگە سوقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بارا - بارا ئىككىسى يېقىنلىشىشقا باشلاپتۇ. ھەسەن كۈندۈزى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلسا كېچىسى قىز بىلەن بىللە بولۇپ راھەتتە ياشاپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ دادىسى بۇلارنىڭ ئىشىدىن گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەسەننى چارباغقا يۆتكەپ، قۇللارغا باشلىق قىلىپ قويۇپتۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ھەسەن چارباغقا ئاجايىپ كېلىشكەن بىر راۋاق سالدۇرۇپتۇ ۋە پادىشانى بۇ راۋاقنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. پادىشا راۋاقنى كۆرۈپ، ناھايىتى رازى بولۇپ، قىزىنىڭمۇ چىقىپ سەيلە قىلىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىپتۇ. ئەتىسى چۈشتە قىز باغقا كەپتۇ ۋە ھەسەن بىلەن كۆرۈشۈپ خېلى ئۇزاق پاراڭ قىلىشىپتۇ. ئاندىن قىز ھەسەنگە بىر پارچە رەسىمنى سوغا قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. قىز كەتكەندىن كېيىن ھەسەن قىزنىڭ رەسىمىگە قاراپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر تەتۈر قويۇن كېلىپلا رەسىمنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇ رەسىم شۇ ئۇچقىنىچە توپ - توغرا خوتەن پادىشاسىنىڭ ئوردىسى ئىچىگە

بېرىپ چۈشۈپتۇ. خىزمەتچىلەر رەسىمنى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشا رەسىمگە بىر قاراپلا قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە:

— بۇ رەسىم ئۇلۇغ ئاللاتائالا تەرىپىدىن ماڭا ئەۋەتىلگەن، بۇ قىز قەيەردە بولسا دەرھال تېپىش كېرەك، — ئەگەر كىمكى بۇ قىزنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بېرەلىسە مەن ئۇنىڭغا ئوڭ قول ۋەزىرلىكنى بېرىمەن، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھەسەننىڭ دوستى ھۈسەندىن ئاڭلايلى:

ھۈسەن كۈچارغا كەلگەندىن كېيىن ئۆز تىجارىتى بىلەن بولۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرى «دوستۇم ھەسەننىڭ ئەھۋالى نېچۈكتۇر؟ ئۇنى ئىزلەپ تاپسام بولاتتى» دەپ ئويلاپ تۇرغاندا خوتەن پادىشاسىنىڭ ھېلىقى پەرمانىنى ئېيتىپ كەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھۈسەن دەرھال قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ قەشقەرگە بېرىپ ھەسەننى كۆپ ئىزلىگەن بولسىمۇ، دېرىكىنى ئالالماي، ئاخىر خوتەنگە قاراپ يول ئاپتۇ. ھۈسەن خوتەنگە بېرىپ ئوردىغا كىرىپ ئۇ قىزنى تونۇيدىغانلىقىنى، قىزنىڭ قەشقەر پادىشاسىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشا خوشال بولۇپ كېتىپ شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. پادىشا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ ۋە قەشقەرگە بېرىپ قەشقەر پادىشاسىدىن قىزنى سوراپتۇ. ئۇ زامانلاردا خوتەن شەھىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، «چىن ماچىن» دەپ ئاتىلىدىكەن. شۇنداقلا قەشقەر پادىشاسىمۇ، كۇچار پادىشاسىمۇ بۇ پادىشادىن قورقىدىكەن. شۇڭلاشقا قەشقەر پادىشاسى دەرھال خوتەن پادىشاسى ئالدىدا تازىم قىلىپ قىزنى بىرنەچچە كۈن توي قىلىپ خوتەن شاھىغا بېرىپتۇ. قىزنى خوتەنگە ئېلىپ دېگىش ئالدىدا ھەسەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا قىز يىغلاپ تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سەن بىر ياغچى سۈپىتىدە ياسىنىپ خوتەنگە بارغىن. قالغىنىنى ئۆزەم جايلايمەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ خوتەن پادىشاسى قىزنى ئېلىپ قايتىپتۇ. قىز خوتەنگە بارغاندىن كېيىن تاماقمۇ يېمەي، ئۇخلىماي، يىغلاپلا يۈرۈپتۇ. زادىلا كۈلمەپتۇ. پادىشانى يېنىغىمۇ يولاتماپتۇ. پادىشا «بۈگۈن يۇمشاپ قالار، ئەتە يۇمشاپ قالار» دەپ كۈتۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھەسەندىن ئاڭلىساق، ئۇ ئىككى ئۆشكىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، ياغ قاچىلاپ بىر ئېشەككە ئارتىپ خوتەن شەھىرىگە بېرىپتۇ ۋە كوچىدا:

— «ياغ ساتىمەن، ياغ» دەپ ۋاقىراپ ياغ سېتىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئوردىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ ۋە «ياغ - ياغ» دەپ بىر ۋاقىرىغان ئىكەن، قىز ھەسەننىڭ ئاۋازىنى تونۇپ بىرلا كۈلۈپتىكەن ئوردا زىلزىلىگە كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا «بۇ قىز ياغچىنى كۆرسە خۇشال بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلاپ ياغچىنى دەرھال تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ ۋە ئەتىسى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ياغچىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئېشەكنى مىنىپ سىرتقا چىقىپ «ياغ ساتىمەن» دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۇنىڭ سەت ئاۋازىنى ئاڭلىغان قىز:

— جاللات، بۇ ياغچى نېمە دەپ ئوردىنىڭ ئالدىنى قالايمىقان قىلىدۇ؟ دەرھال بېشىنى ئال! — دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ. جاللات يۈگۈرۈپ چىقىپ، پادىشانىڭ «مەن ياغچى ئەمەس، پادىشا» دېگىنىگە ئۇنىماي كاللىسىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۈسەن دەرھال دوستى ھەسەننى قۇتقۇزۇپ چىقىپ قىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇلار خۇشال بولۇپ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ. ھەسەن خوتەن شەھىرىنىڭ پادىشاسى، ھۈسەن ئۇنىڭ قول ۋەزىرى بولۇپ يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ناھىيە ياقا گۇڭشېسىدىن جامال شېرىپ.

## قارا نىيەتلىك قېرىنداش

زامانلارنىڭ زامانىسىدا مەلۇم بىر شەھەر پادىشاسىنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشانىڭ كىچىك خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ئابدۇرۇسۇل قويۇپتۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ خانىش يەنە ھامىلدار بولۇپتۇ. كۈنى يېقىنلاشقاندا پادىشا خانىشنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

پادىشانىڭ كىچىك خوتۇنى ئاز كۈن ئۆتمەيلا شۇ شەھەرنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر كىشىگە ياتلىق بولۇپتۇ. كۈنى توشۇپ بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قىزغا پەرىزات دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. پەرىزات شۇنداق چىرايلىق چوڭ بولۇپ ئون يەتتە - ئون سەككىزلەرگە كىرىپتۇ. ئانا شۇ كۈنىچە پەرىزاتنى ھېچيەرگە چىقارماپتۇ. ئانا بىر كۈنى پەرىزاتنى شەھەر ئايلاندۇرماقچى بولۇپ ئىشەككە مىندۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. بۇلار ئايلىنىپ ئوردىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا پادىشا پەرىزاتنى كۆرۈپتۇ - دە، «ئاھ!» دەپ ھوشىنى يوقىتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا قىز يوق. پادىشا دەرھال ئادەم چاقىرتىپ قىزنىڭ ئۆيىنى ئۇقۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر نىڭ - تىڭلاپ يۈرۈپ، قىزنىڭ شەھەرنىڭ چەت ياقىسىدىكى بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھاللا پادىشاغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى بولۇپ، قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. پەرىزات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پادىشانىڭ مال - دۇنياسىغا قىزىققان بولسا كېرەك، ئەلچىلەرگە رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولۇپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى نىكا ئوقۇلىدىكەن، پادىشانىڭ ئوغلى ئابدۇرۇسۇل بىر موللىنى نىكا قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئەمما موللا ئۇنىماپتۇ. ئابدۇرۇسۇل موللىدىن:

— نىمە ئۈچۈن ئۇنىمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالام، مەن ئۈچۈن نىكا قىلىش قىيىن ئەمەس. بىراق ساڭا ئېيتماي بولمايدۇ. بۇ قىز سېنىڭ سىڭلىڭ بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئاتاڭ ئاناڭنى مۇشۇ قىز قوسىقىدا چاغدا ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئاناڭ كۆن ئېلىش ئۈچۈن بۇ كەمبەغەل كىشى بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولغان، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ موللا.

ئابدۇرۇسۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ - دە، دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشا شۇنداق غەزەپكە كېلىپتۇ - دە، دەرھال «جاللات» دەپ ۋاقىرىغان ئىكەن، شۇ ھامانلا توقماق، نەيزىلەرنى كۆتەرگەن جاللاتلار تەييار بولۇپتۇ. جاللاتلار پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئابدۇرۇسۇلنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەككۈزمەي دار ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. گۇناسىز ئوغۇلغا ۋەزىرلەرنىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ - دە، پادىشاغا «ئىھ، پادىشاھى ئالەم، ئوغۇللىرى تېخى ياش، بۇنى ئۆلتۈرمەي، يىراق جايغا پالايلى» دەپتۇ. پادىشا ۋەزىرلەرنىڭ تەلىۋى بويىچە ئابدۇرۇسۇلنى پەرىزات بىلەن بىللە شەھەردىن ئالتە ئاي يىراقلىقتىكى بىر چۆلگە پالاپتۇ. بۇلار چۆل - جەزىرىلەردە ئۇسسىزلىق ۋە ئاچلىق دەردىدىن ھالىدىن كېتىپ ئوخلاپ قاپتۇ. ئابدۇرۇسۇل چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپپاق ساقال بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي:

— ھەي بالام، بۇ يەردە يېتىۋەرمەڭلار، ئاچلىقتىن ئۆلۈسىلەر. ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ سول تەرەپكە ماڭساڭلار بىر دەريا بار؛ بۇ دەريانىڭ قېشىدا بىر بۇلاق بار. بۇلاقنىڭ قېشىدا بىر توپ سۆگەت بار. بۇ بۇلاقتىن ھەر جۈمە كۈنى بىر ئەڭگۈشتەر چىقىدۇ. بۇ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىۋالساڭلار نىمە دىسەڭلار شۇ پەيدا بولىدۇ. بېشىڭلارغا كۈن چۈشمەيدۇ، — دەپتۇ. ئابدۇرۇسۇل كۆزىنى ئېچىپ قارىسا چۈشى ئىكەن. ئۇ شۇ ھامان سىڭلىسى بىلەن سول تەرەپكە قاراپ مېڭىپ بىر دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. راست دىگەندەك دەريا بويىدا بىر بۇلاق، بۇلاق بېشىدا بىر توپ سۆگەت بار ئىكەن. بۇلار ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشۇپتۇ. ئاخىر جۈمە كۈنى بولۇپتۇ. بوۋاينىڭ دىگىنى بويىچە ئۇلار كۈتۈپتۇ. بىر چاغدا بۇلاقتىن بىر ئەڭگۈشتەر چىقىپتۇ. ئابدۇرۇسۇل:

— خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر راۋاق سېلىنسۇن، راۋاقتا بىر ئاسما كۆۋرۈك قويۇلسۇن، بۇ كۆۋرۈكتە مەندىن باشقا ئادەم ماڭمىسۇن، چىقسام تەڭ چىقسۇن، چۈشسەم تەڭ چۈشسۇن، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. شۇ ھامانلا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق ۋە بىر يىغما كۆۋرۈك پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئابدۇرۇسۇل بىلەن سىڭلىسى ئىنتايىن خوشال بولۇپ راۋاققا چىقىپتۇ ۋە بۇلار بۇ جايدا كۈن ئۆتكۈزۈشكە كىرىشىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئابدۇرۇسۇل گۆش تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئوۋغا كېتىپتۇ. پەرىزات راۋاققا چىقىپتۇ. بىر چاغدا بىر قويچى دەريا بويىغا قوي باققىلى كەپتۇ. قويچى دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ بىر گۈزەل قىزنىڭ شولىسىنى كۆرۈپتۇ. دەرھال ئەتراپقا قارىسا ھېچكىم كۆرۈنمىگۈدەك. يەنە دەرياغا قارىسا گۈزەل بىر قىزنىڭ شولىسى تۇرغىدەك. مالچى ھەيران بولۇپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىسا بىر راۋاق تۇرغۇدەك. راۋاق ئۈستىدە دەل سۇدا شولىسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى

نى: كۆرگەن قىز مالچىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرغۇدەك. قويچى قىزنى
بىر كۆرۈش بىلەن ئاشىقى بىقارار بولۇپ:
— ئەي ئايجامال قىز، مۇمكىن بولسا بۇ يەرگە بىر چۈش-
سەڭ، — دەپتۇ. قىز نەگمۇ قويچى بىلەن كۆرۈشكۈسى كەپتۇ -
دە، قويچىغا:
— ئەي قويچى، مەن چۈشەلمەيمەن، سەن چىقساڭ
بولىدۇ، — دەپتۇ. قويچى قىزدىن:
— مەن قانداق چىقىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئاكام ھەر كۈنى بۇ راۋاقتىن چۈشۈپ چىقىدۇ. سىز
ئاكام چىققاندا ئارقىسىدىن چىقىڭ، — دەپتۇ.
قىزنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان قويچى ئابدۇرۇسۇلنىڭ كېلى-
شىنى كۈتۈپتۇ. ئابدۇرۇسۇل ئۇۋدىن قايتىپ كەپتۇ. قويچى خۇ-
شاللىقىدا قويلىرىنى تاشلاپ، ئابدۇرۇسۇلنىڭ كەينىدىن راۋاققا
چىقىپتۇ ۋە ئابدۇرۇسۇلنىڭ يەنە ئۇۋغا چىقىشىنى كۈتۈپ مۆكۈپ
يېتىپتۇ. ئەتىسى ئابدۇرۇسۇل ئۇۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. قويچى پۇر-
سەتنى غەنىمەت بىلىپ قىزنىڭ قېشىغا كىرىپ مۇڭدىشىپتۇ.
بارا - بارا بۇ ئىككىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئابدۇرۇسۇلدىن
ئەنسىرەشتىن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. پەرىزات
كۆپ ئويلاپ، ئاخىرى:
— ئاكام مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. نېمە دىسەم شۇنى
قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا مەن ئاغرىپ قالدىم دەي، ئەگەر مېنى
«نېمە يەيسەن؟ كۆڭلۈڭ نېمە تارتىدۇ؟» دىسە، «كۆڭلۈم يولۋاس
سۈتىنى تارتىدۇ» دەيمەن، شۇنىڭ بىلەن ئاكام ماڭا يولۋاس
سۈتى ئەكىلىپ بېرىدۇ، دەپ يولۋاسقا يەم بولىدۇ، — دەپتۇ.
ئابدۇرۇسۇل ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، پەرىزات
«ۋايجان - ۋايەي» دەپ ياتقۇدەك. ئابدۇرۇسۇل بۇ ھالنى كۆرۈپ
قورقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ ۋە سىڭلىسىدىن:

— كۆكلۈك نېمىنى خالايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يولۋاس سۈتى، — دەپتۇ قىز.

سىڭلىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇررۇسۇل دەرھاللا يولۋاس تۇتۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئابدۇررۇسۇل ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاخىرى بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. «بۇ يەردە بىر دەم ئالاي» دەپ، ئېتىنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ ئىككى قىزى راۋاقتا ئويناۋېتىپ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغان ئابدۇررۇسۇلنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، شۇ ئان ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپتۇ ۋە نەدىن نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئابدۇررۇسۇل ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان ئەيلەپتۇ. قىزلار ئۇنىڭ يولۋاس تۇتۇپ سۈتىنى ئالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ:

— سىز ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ كەينىگە ئۆتسىڭىز بىر چىشى يولۋاس بار، ئۇ يولۋاسنىڭ پۇتىغا قومۇش كىرىپ كېتىپ يېرىڭداپ ياتىدۇ. سىز يولۋاسنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ قومۇشنى چىقىرىپ، يېرىڭلارنى تازىلىۋەتسىڭىز ساقىيىدۇ-دە، سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنۇتماي سۈتىنى بېرىدۇ، دەپتۇ.

ئابدۇررۇسۇل مېڭىپتۇ. ئاخىرى قىزلار كۆرسەتكەن تاققا يېتىپ كەپتۇ. تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قارىسا، راست دىگەندەك بىر يولۋاس ياتقىدەك. بۇنى كۆرگەن ئابدۇررۇسۇل دەرھاللا قىزلارنىڭ دىگىنى بويىچە ئىش قىپتۇ. يولۋاس ھوشىغا كېلىپ ئابدۇررۇسۇلغا رەھمەتلەر ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئابدۇررۇسۇل:

— مەن سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى ساقايتقىلى كەلدىم، — دەپتۇ. يولۋاس:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يەنە باشقا ئىشلىرىڭىز باردۇر؟ — دەپ سوراپتۇدە. بىرلا ۋاقىراپ ئابدۇرۇسۇلنى بېسىۋاپتۇ. ھايت -- ھۇيت دېگۈچىلا ئەركەك يولۋاس بىلەن ئۇنىڭ باللىرى يېتىپ كېلىپ:

— ئادىمىزاتنىڭ پۇرىقى بارغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. چىشى يولۋاس بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ ئابدۇرۇسۇلنى چىقىرىپتۇ. ئەركەك يولۋاس ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئادىمىزات، ساڭا نىمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. ئابدۇرۇسۇل مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ. يولۋاسلار دەرھال سۈت ھازىرلاپ بېرىپتۇ. «ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشسە بۇنى كۆيدۈرسەڭ بىز پەيدا بولىمىز» دەپ بىر تال تۈكنى بېرىپتۇ. ئابدۇرۇسۇل خوشال بولۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. قايتىپ كېلىۋېتىپ پادىشاھنىڭ ھېلىقى ئىككى قىزىغا يەنە يولۇقۇپتۇ. قىزلار ئۇنى مۇشۇ جايدا قېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئابدۇرۇسۇل ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى ئويلاپ ئۇنىماپتۇ. قىزلار «بىز سۈتنى تېگىشىۋالساق يەنە كېلىدۇ» دەپ ئويلاپ، يولۋاس سۈتىنى كالا سۈتىگە ئالماشتۇرۇۋاپتۇ. ئابدۇرۇسۇل بۇنى ئۇقماي مىڭ بىر جاپا بىلەن سىڭلىسىنىڭ قېشىغا كەلسە «ياخشى بولۇپ قالدىم» دەپ ئېچكىلى ئۇنىماپتۇ. ئابدۇرۇسۇل سىڭلىسىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىدىن خوشال بولۇپتۇ. ئەتىسى ئوۋغا چىقىپتۇ. ئابدۇرۇسۇلنىڭ تىرىك قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قويچى پەرىزاتقا:

— ئاكىڭىز باتۇر ئىكەن. يولۋاسنىڭ سۈتىنى ئەكەلدى. ئەمدى نىمە قىلىشنى بىلمەيۋاتىمەن، — دەپ قورقۇپتۇ. پەرىزات بولسا ھېچبىر ئىككىلەنمەي:

— ئاكام مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. مەن كارۋاتقا ئولتۇرۇپ «مەن بەك زېرىكىپ كەتتىم، مېنى سەگىنچەك سېلىپ ئوينىتىپ قويۇڭ» دەيمەن. سەن كارۋات ئاستىغا كىرىپ تۇرىسەن. مەن ئوينىغان بولۇپ ئاكامنى باغلايمەن، ئاكامنى شۇنداق قىلىپ

ئۆلتۈرىمىز، — دەپتۇ.

پەرىزات ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ تەلىۋىنى ئېيتىپتۇ. ئاكىسى سەگىنچەك سېلىپ بېرىپتۇ. پەرىزات ئاغامچىنى ئۈيىنغان بولۇپ بىر ئۇچىنى ئاكىسىنىڭ بوينىغا سېلىپ، بىر ئۇچىنى كارۋاتقا باغلاپتۇ. قويچى ئاغامچىنى تارتىپ ئابدۇرۇسۇلنى يىقىتىپتۇ. پەرىزات ئاكىسىنى قىلىچ بىلەن بوغۇزلىماقچى بولغاندا، ئابدۇرۇسۇل:

— ھەي سىڭلىم، مېنىڭ ساڭا بىر تەلىۋىم بار، مېنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن گۆشۈمنى توغراپ ئاتنىڭ ئىگىرىگە ئېسىپ، ئىگەرنى ئاتقا توقۇپ ئاتنى قويۇۋېتىڭ، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. ئەمما، پەرىزات ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ دەرياغا تاشلىماقچى بولۇپتۇ. بۇ چاغدا قويچى بىر ئاز ئويلىنىپ:

— ئاكاڭ ساڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغان، شۇڭا دېگىنىنى قىلايلى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئابدۇرۇسۇلنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ئاتنىڭ ئىگىرىگە ئېسىپ، ئاتنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئات ئابدۇرۇسۇل يولۋاس سۇتى ئەكەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئات يول ئۈستىدە ھېلىقى پادىشانىڭ قىزلىرىغا يولۇقۇپ قاپتۇ. قىزلار بۇ ئاتنىڭ ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ راۋاقتىن چۈشۈپ ئاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، ئات ئۈستىدە پارە - پارە قىلىنغان ئابدۇرۇسۇل تۇرۇپتەك. قىزلار ئۇنى ئېلىپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ھازا ئېچىشىپتۇ. ھەممە «بىز بۇنى كۆممەي كۆيدۈرۈپ مەڭگۈ ئەسلەش ئۈچۈن ساقلايلى» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرۇسۇلنى كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇ ھامان ئىككى يولۋاس يېتىپ كېلىپ:

— ئابدۇرۇسۇلنى ئوتتىن چىقىرىڭلار، — دەپ ۋاقىراپتۇ. قىزلار قورقۇپ كېتىپ ئابدۇرۇسۇلنى ئوتتىن تارتىپتۇ. يولۋاسلار ئابدۇرۇسۇلنىڭ گۆشىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، «يا خۇدانىڭ ئەمرى، يا پىرىمنىڭ ئەمرى» دەپ بىر ھۈرگەن ئىكەن. ئابدۇرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇل تىرىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىزلار ھەيران بولۇپ قارىشىپ قاپتۇ. ئەسلىدە يولۋاسلارنىڭ بەرگەن تۈكى ئابدۇرۇسۇلنىڭ گۆشىگە چاپلىشىپ قالغان ئىكەن. يولۋاسلار ئابدۇرۇسۇلغا يەنە ئىككى تۈكنى بېرىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. پادىشانىڭ قىزلىرى ئابدۇرۇسۇلنى كەتمەسلىككە ئۈندەپتۇ. لېكىن ئابدۇرۇسۇل:

— مەن سىڭلىم بىلەن بىر دىدارلىشىپ كېلىپ ئاندىن بۇ يەردە تۇراي، — دەپتۇ. قىزلار:

— بىر ئەرنى دەپ ئۆز ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋاپاسىزنىڭ قېشىغا نىمىشقا بارىسىز؟ — دەپتۇ. ئابدۇرۇسۇل ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئۇنىماي، سىڭلىسىنىڭ قېشىغا مېڭىشقا تەييارلىنىپ بولۇپ:

— سىلەر ماڭا تاغاق - سۆزگۈچ، بىر سەرەڭگە، يىلىم ۋە بىر ئەپكەش تەييارلاپ بەرسەڭلار، — دەپتۇ. قىزلار بۇ نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ بەرگەندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇل ئەپكەشنى كۆتىرىپ «تاققاق - تۇققۇق، ئەلەڭگە - بەلەڭگە، مەندە بارى بىر قاپ سەرەڭگە» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئاز ئۆتمەستىن سىڭلىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە «ئەلەڭگە - بەلەڭگە، مەندە بار بىر قاپ سەرەڭگە، يىلىم، تاغاق - سۆزگۈچ ساتىمەن» دەپ ۋاقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پەرىزات قويچىغا:

— ئاۋۇ سودىگەردىن سۆزگۈچ، ئەينەك، يىلىم ئەكىرىپ بەرسىڭىز؟ — دەپتۇ. قويچى:

— سودىگەرنى ئۆيگە باشلاپ كىرەي، — دەپتۇ.

قىز ئۇنىماي، تۇرۇۋاپتۇ. قويچى قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي سودىگەرنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. قىز ئالدىغان نەرسىلەرنى تاللاشقا كىرىشىپتۇ. ئابدۇرۇسۇل سەپ - سىلىپ قارىغۇدەك بولسا ئۆزىنىڭ كىيىملىرى، مىلتىق، قىلىچلىرى تويا بېسىپ تۇرغۇدەك. ئابدۇرۇسۇل گەپ باشلاش ئۈچۈن پەرىزاتتىن:

— بۇ مىلتىقلارنى تويا بېسىپ كېتىپتۇ، ئىشلەتمەس-

لەر؟ — دەپ سوراپتۇ. قويچى يىگىت:

— مەن بۇنى ئېتىشنى بىلمەيمەن. شۇڭا توپا بېسىپ تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئابدۇرۇسۇل:

— مەن مىلتىق ئېتىشنى ياخشى بىلىمەن، سىزگە ئۆگىتىپ قوياي، — دەپتۇ ۋە مىلتىقنى ئېلىپ بىر پاي ئوق ئېتىپتۇ. يەنە «مۇنداق ئاتىدۇ» دەپ قويچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. پەرىزات بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە قويچىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپتۇ. ئابدۇرۇسۇل ئەگەشتەرنى ئىشقا سېلىپ راۋاقنى بۇزۇپتۇ، پەرىزاتنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىپ، بىر چۆلگە تاشلاپ قايتىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى پادىشانىڭ شەھىرىگە بېرىپ پادىشانىڭ كىچىك قىزى بىلەن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ناھىيە ياقا گۈڭشېسىدىن ئوسمان ئىبراھىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ھورۇنلۇقتىن شاھلىققىچە

مەلۇم شەھەرنىڭ پادىشاسى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپتۇ. كېتىپ بارسا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى بىر چىرايلىق بالا ئوڭدا ياتقۇدەك. پادىشا «مەندەك پادىشا كەلسەممۇ، بۇ بالا قوپماي ئوڭدا ياتىدىغۇ» دەپ ئويلاپ ۋەزىرلىرىدىن:

— نىمە ئادەم بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ھورۇن، دائىم شۇنداق ياتىدۇ. بىر ئادەم بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ئۆرۈپ قويمىسا ئۆرۈلمەيلا ياتىدۇ، ئون كۈن ئاچ قالسىمۇ يېنىدىكى تاماقنى ئۆزى ئېلىپ يىمەيدۇ، — دەپتۇ ۋەزىرلەر.

— ئۆزى ساقمۇ - قانداق؟ — يەنە سوراپتۇ پادىشا.

— ساق.

— ھورۇن بولسىمۇ ياش بالىكەن، مېنىڭ سايەمدە كۈن كۆرۈپ قالسۇن. چار بېغىمغا باشلاپ بېرىپ، بىر سۆرۈن جايدا ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، — دەپ پادىشا يولىغا راۋان بوپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ھورۇننى چارباققا ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەر كۈنى بىر لىگەن پولۇ بىلەن قوينىڭ گۆشىنى بېرىپ ياخشى بېقىپتۇ. ھورۇن شۇ يىمەكلىكلەرنىمۇ يىگۈزۈپ قويمىسا يىمەيدىكەن. بەش - ئون كۈن ئۆتكەندە يەنە بىر بالا كەپتۇ. ئۇ ۋەزىرگە «مەنمۇ ھورۇن ئىدىم» دەپتۇ. ۋەزىر پادىشاغا خەۋەر

قىپتۇ. پادىشا «ئۇنىمۇ يېقىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ھورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن پادىشانىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بىر كۈنى پادىشا تەختتە ئولتۇرۇپ چارباغدىن كېلىۋاتقان غەۋغانى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇئان ۋەزىردىن:

— باغدىكى نىمە غەۋغا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلە ھازىر يېقىۋاتقان ھورۇنلار بىر مىڭ بەش يۈز- گە يەتتى. بۇ شۇلارنىڭ غەۋغاسى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا تۆمۈرچىنىڭ ئاقساقلىنى چاقىرىڭ، — دەپتۇ پادىشا. ۋەزىر تۆمۈرچىنىڭ ئاقساقلىنى چاقىرىپ كەپتۇ. پادىشا:

— تۆمۈردىن بىر ئۆي ياسايمىز. ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇغى قىرىق مېتىر، كەڭلىگى قىرىق مېتىر بولسۇن، ھەر تېمىغا ئوندىن ئىشىك قويۇڭ. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن باققا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشىكلەرگە كۆرەك ئورنىتىڭ، — دەپتۇ.

ئۆي پۈتكەندىن كېيىن پادىشا ھەممە ھورۇنلارنى ئەكىلىپ شۇ تۆمۈر ئۆيگە سولاشقا ئەمىر قىپتۇ. ھورۇنلار تۆمۈر ئۆيگە سولىنىپتۇ. پادىشا ئوت قالاپ كۆرەكنى بېسىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ئوت يېقىلىپ كۆرەك بېسىلغاندىن كېيىن تۆمۈر ئۆي قىزىپ ھورۇنلار جېنىدىن تويۇپتۇ. ۋەزىر:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ نىمە قىلغانلىرى؟ بۇ ھورۇنلارنى ساۋاپ بولسۇن دەپ باقتۇق. ئەمدى ئۇلارنى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ كۆيدۈرسەك بۇنىڭ قىساسىنى كىم تارتىدۇ؟ بۇنىڭدىن كۆرە ئىشىكنى ئېچىۋەتسەك، ھورۇنلار جاي - جايلىرىغا كەتسە بول- مامدۇ؟ — دەپتۇ پادىشاغا.

— ماقۇل، ئىشىكنى ئېچىڭلار، — دەپتۇ پادىشا. ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن ھورۇنلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىپتۇ. پادى- شا ۋەزىرگە:

— قاراپ بېقىڭ، ئۆيدە ئادەم بارمۇ - يوق؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر ئۆيگە كىرىپ قارىسا ئىككى ئادەم ياتقۇدەك. بىرسى يەنە بىرسىگە «بەدىنىم كۆيۈپ يىغىم ئاققىلى تۇردى، ئەمدى خۇداغا تۆۋە قىلىشۋالمايلىمۇ» دىسە، يەنە بىرسى «مىنىڭ ئىچىمنىم پىشىلداپ كۆيۈۋاتىدۇ. ماڭا ھازىر خۇداغا تۆۋە دىگىسىمۇ خوش-ياقمايۋاتىدۇ. مەن بۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلالمىغۇدەكمەن» دىگۈدەك. ئۇلارنىڭ بىرسى قىچىپ كىتىپتۇ. يەنە بىرسى كۆزىنى پارقىرىتىپ بىخارامان يىتىپتۇ. ۋەزىر قارىسا ھۆرۈنىڭ چاپىنى كۆيۈۋاتقۇدەك. بىقىنىنىڭ يىغى ئىرىپ تۆمۈرگە ئىقىۋاتقۇدەك. ھورۇن بولسا چاپاننى سىلىشۋىتەيمۇ دىمەي ياتقۇدەك.

— پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر، بىز يولدا كۆرۈپ دەسلەپ ئەكەلگەن ھورۇن تىخى ياتىدۇ.

— ئىلىپ چىقىڭلار، — دەپتۇ پادىشا ۋە «كىمكى مۇشۇ ھورۇننى ئىشقا سالسا پادىشالىغىمنىڭ يىرىمىنى شۇنىڭغا بىرىمەن» دەپ جاكا قىلىپتۇ. بىراق ھىچكىمنىڭ بۇ ھورۇننى ئىشقا سىلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ. بىر كۈنى پادىشا ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— سىزگە قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بىرەي، مۇشۇ ھورۇننى ئىشقا سالسىڭىز پادىشالىغىمنىڭ يىرىمىنى سىزگە بىرەي، ئەگەر ھورۇننى ئىشقا سالالمىسىڭىز كاللىڭىزنى ئالىمەن، مال - دۇنيالىرىڭىزنى مۇسادىرە قىلىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ياق دىيىشكە پىتىنالماپتۇ. ئەمما، «گۆشى كۆيۈپ كەتسە غەم قىلمىغان ئادەم قانداقمۇ ئىش قىلسۇن» دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئارىدىن بەش - ئون كۈن ئۆتۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ پىكىر - خىيالى ئۆز ئەجىلى بىلەن قاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئون بەش ياشلارغا كىرگەن، بىلىملىك، زىرەك بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز دادىسىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ غىمىدە يۈرۈۋاتقانلىغىنى سىزىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ دادىسىدىن:

— دادا ئولتۇرساڭمۇ، قوپساڭمۇ غەمدىلا يۈرۈيسەن، بۇنىڭ

سەۋتوي نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىم، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ ۋەزىر.

بىراق قىز:

— سەن مېنىڭ دادام، بېشىڭغا نىمە كۈن چۈشكەن بولسا ماڭا دىگىن. قولۇمدىن كەلسىلا مەن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىر قىزغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. قىز:

— دادا، خاتىرجەم بول. بۇ ئىشقا باش قاتۇرما. سەن مېنى ئۇ هورۇنغا خوتۇنلۇققا بەرگىن. مەن بارغاندىن كېيىن قالغان ئىشنى ئۆزەم توغرىلايمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپكە ۋەزىرنىڭ ناهايىتى ئاچچىغى كەپتۇ ۋە:

— قىزىم، شۇنداق ئەرگە تەككىڭ كېلىپ كەتتىمۇ؟ سېنى ئەرگە چىقارغىم بولسا، بۇ هورۇنغا بەرمىسەممۇ. باشقا ئەر تېپىلمىدىمۇ؟! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— دادا، — دەپتۇ قىز مېھرىۋانلىق بىلەن، — باشقا نىمە ئامال بار؟ مېنىڭچە، هورۇننى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ۋەزىر قىزىنى ئامالسىزلىقتىن هورۇنغا بېرىپتۇ. توينى قىلىپ قىزنى هورۇننىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى قىز بىلەن بىللە بارغانلارمۇ قايتىپ كەپتۇ. قىز هورۇن بىلەن يالغۇز قاپتۇ. بىراق هورۇن كۆزىنى پارقىرىتىپ مىدىرلىماي يېتىۋېرىپتۇ. قىز گۈزەل، شوخ بولغاچقا هەر خىل ئامال-چارە بىلەن ئاخىر هورۇننى ئۆزىگە مەھلىيا قىپتۇ. ئەتىسى قىز هورۇننى ئورنىدىن قوپۇرۇپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. داستىخان ئەكىلىپ، هورۇننى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ چاي ئىچىپتۇ. بۇ خىل مەشغۇلات بىرنەچچە كۈن داۋام قىپتۇ. ئاخىرى قىز هورۇننى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— دادام كۈندە بىزگە تاماق چىقارتىپ بېرىۋاتىدۇ، بىز يەپلا يېتىۋاتىمىز. بىزنىڭ بەش ئەزايىمىز تولۇق، تېنىمىز ساق تۇرسا، بىر كۈنلىرى دادام مىننەت قىلىپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرسەك بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ هورۇن.

— سىز كوچىغا چىقىپ مەدىكار ئىشلەڭ. — دەپتۇ قىز. — دادامنىڭ ئۆيىدە بىر كەتمەن بار. ئۇنى ئادەتتىكى ئادەم كۆتۈرەلمەيدۇ، سىز بىر ئامال قىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىڭ.

هورۇن ماقۇل بولۇپتۇ ۋە ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ. كەتمەن بىر ئېچكىرى قازناقتا ئىكەن. ۋەزىر ئون ئادەم باشلاپ كىرگەن ئىكەن، كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقالماپتۇ. هورۇن ئۆزى يالغۇز كەتمەننى دەس كۆتۈرۈپ، مۈرىسىگە سېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— بىر كىم سورىسا «تۆت تەڭگىگە ئىشلەيمەن» دەڭ. كۈنىگە تۆت تەڭگە بەرسە ئىشلەڭ، بولمىسا قايتىپ كېلىڭ. — دەپتۇ قىز.

هورۇن كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. هەممەيلەن بۇنىڭ ئىش هەققىنى كۆپ كۆرۈپ ئىشقا ئالماپتۇ. ئەمما بىر سودىگەر كېلىپ هورۇندىن:

— ئاشۇ كەتمەننى ئۆزەڭ چاپالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چاپىمەن، — دەپتۇ هورۇن.

— ئۇنداق بولسا جۈر، تۆت تەڭگىنى مەن بېرەي. — دەپتۇ سودىگەر.

سودىگەر هورۇننى بېغىغا باشلاپ بېرىپتۇ. قارىسا باغنىڭ ئىچىدە يوغان بىر دۆڭ، بىر پوتەي ئارىلىقتا بىر ئازگال تۇرغۇدەك.

— مۇشۇ دۆڭنى ئاشۇ ئازگالغا توشۇيمىز. ئازگالنى تىندۇرىمىز. قىلىدىغان ئىش مۇشۇ. مەن دۇكانغا بارىمەن، ساڭا قارايدىغان باشقا ئادەم يوق، ئۆزەڭنى - ئۆزەڭ بىلىپ قىلارسەن، — دەپتۇ سودىگەر ۋە ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىپ دۇكانغا كېتىپتۇ. هورۇن

دۆڭنى كەتمەن بىلەن بىراقلا ئازگالغا ئاتقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىش
قىلىپ باقمىغاچقا ئارام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ. ئەتىگەندە باشلىغانچە
كەچكىچە ئىشلەپتۇ. دۆڭ ئازلا قاپتۇ. «ئالتە ئايدا تۈگىتەرمەن»
دەپ پىلانلىغان ئىشنىڭ تېزلا تۈگەپ قالغىنىنى كۆرگەن هورۇن
ئۆز - ئۆزىدىن خۇرسەن بوپتۇ. سودىگەر باغنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ،
يىگىتنىڭ هەر بىر ئاتقاندا بىر پاتمان كەلگۈدەك توپىنى شۇنچە
يىراققا ئېتىۋاتقانلىغىنى ۋە هارماي ئىشلەۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ
مەمنۇن بوپتۇ - دە، قايتىپ بېرىپ بىر قويىنىڭ گۆشىنى پاستۇ-
رۇپ پولۇ سالدۇرۇپتۇ. هورۇن هېلىقى پولۇنى موك ساپتۇ. «ئىش-
نىمۇ قىلىدىكەنسەن، ئاشنىمۇ يەيدىكەنسەن، يارايدىكەنسەن» دەپ
ئويلاپتۇ سودىگەر ۋە:

— بۈگۈنكى ئىش هەققىڭنى بۈگۈن ئالامسەن، ياكى ئەتە
ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۈگۈنكىنى بۈگۈن ئالىمەن. — دەپتۇ هورۇن. سودىگەر
ئۇنىڭغا ئىشتان، كۆينەك، چاپان، دوپپا، ئاياق، بېلىگە باغلىغىلى
ياغلىق ۋە تۆت تەڭگىنى بېرىپ يولغا ساپتۇ. يىگىت خوتۇنىنىڭ
تاپىلىشى بويىچە. قايتىشىدا كەتمەننى مۇرىسىگە سېلىپ پادىشانىڭ
راۋىغىنىڭ يېنىدىكى تار كوچىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆيگە كەپتۇ.
ئايال دەرهال چىقىپ ئېرىنى كۈتۈۋاپتۇ.
يۈز - كۆزىنى ياغلىق بىلەن سۈرتۈپتۇ. شوخلۇق قىلىپ بىرنەچ-
چىنى سۆيۈپمۇ قويۇپتۇ. ئاندىن ئېرىنىڭ ئالدىغا
چاي ئەكىرىپتۇ. هورۇن ئايالىغا قايىل بولۇپ، ئىش هەققىنى ئايا-
لىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇ ئەتىسى يەنە ئىشقا بېرىپتۇ. سودى-
گەر هورۇندىن:

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئون بەش ياشقا.

— مەن كۈنلۈككە ئون ئالتە تەڭگە بېرەي، مەن سودى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى ئىدىم. بالام يوق. مەن بىلەن بىللە ماڭساڭ قانداق، — دەپتۇ سودىگەر.

— بۇنىڭغا ماقۇلمۇ، ياقمۇ دېيەلمەيمەن. ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاپ بېرەي، — دەپتۇ ھورۇن.

ھورۇن كەچلىك تاماقتىن كېيىن سودىگەرنىڭ دېگەنلىرىنى ئايالىغا ئېيتىپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ سودىگەر بىلەن بىللە بېرىشىغا قوشۇلۇپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا ئايالى يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ مۇنۇ گەپلىرىم ئېسىڭىزدە بولسۇن: تۆت يۈز ئادەم يىگىرمە كۈن ماڭىسىلەر، يەيدىغان، ئىچىدىغانىنى ئېلىۋالسىلەر. سىلەر ماڭىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى چۆللۈك. يىگىرمە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن سۈيىڭلار تۈگەيدۇ. بىر قۇدۇق بېشىغا بارىسىلەر، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىش ئۈچۈن چېلەك تاشلايسىلەر، سۇ چىقمايدۇ، ھەممىڭلار يىغا - زارە قىلىشىسىلەر. قايتىپ كېتەيلى دېسەڭلار، يەنە يىگىرمە كۈن يول مېڭىشىڭلار كېرەك. ھەممە تەرەپ يىگىرمە كۈنلۈك يول. مۇشۇ قۇدۇقتىن سۇ ئېلىۋېلىشتىن باشقا چارە يوق. سىلەر ئامالسىزلىقتىن سۇ چىقىپ قالارمىكىن دەپ بىر ئادەمنى بېلىدىن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈسىلەر. قۇدۇققا چۈشكەن ئادەمنى تارتىپ ئالغىنىڭلاردا ئۇنىڭ كاللىسى يوق چىقىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ. بىرقانچە قېتىمدىن كېيىن نۆۋەت سودىگەرگە كېلىدۇ، ئۇ قۇدۇققا چۈشۈشتىن بۇرۇن سىزگە «ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم بارلىق تەئەللۇقۇم سىزگە تەۋە بولسۇن، يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆل كۆلىتىپ، مەسچىت سالدۇرۇپ ۋەخپە قىلىڭ. خوتۇن - بالىلىرىمغا ياخشى قاراڭ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ» دەپ جېكىلەيدۇ. شۇ چاغدا سىز «مەن سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز، قۇدۇققا مەن چۈشەي، ناۋادا مەنمۇ ئۆلۈپ قالسام، ئاندىن سىز چۈشسىڭىز

مەيلى، بىراق مەن ھايات تۇرۇپ سىزنى قۇدۇققا چۈشۈرمەيمەن، سىز ماڭا ئاش - نان بەردىڭىز، ياش بولغاندىكەن مەن چۈشەي» دەڭ. سىز شۇ دېگەندەك بۇ پىكرىڭىزگە قوشۇلىدۇ. باشقىلار قۇدۇققا بېلىنى باغلاپ پۈتىچە چۈشكەن بولسا، سىز پۈتىڭىزدىن باغلاپ، بېشىڭىزنى تۆۋەن قىلىپ چۈشۈڭ قۇدۇق ناھايىتى چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ. ئىشىكنى ئاچسىڭىز بىر باغ كۆرۈنىدۇ. شۇ ھامانلا قاپ - قارا بىر دىۋە قىلىچىنى كۆتىرىپ ئالدىڭىزغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. سىز ئۇتتۇز توققۇز ئادەمنىڭ بېشىنى ياندىكى كانارغا قاتار ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆرىسىز. كۆزىڭىزگە يەنە بىر راۋاقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر قىز كۆرۈنىدۇ. قىزنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كېنىزەكلەر بار. دىۋە سىزنى چېپىشقا تەمشەلگەندە قىز ئۇنى توختىتىۋالىدۇ ۋە سىزنى ئالدىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇيدۇ. دىۋە سىزنى قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. سىز قىزنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن تۇرىسىز. قىز «سىلەر جېنىڭلاردىن تويغان ئادەممۇ؟ ئالدىڭلاردا چۈشكەن ئادەم ئۆلۈك چىقسا قۇدۇققا يەنە چۈشتۈڭلارغۇ؟ — دەپ سورايدۇ. سىز «ئەي مەلىكە، بىز تۆت يۈز ئادەم، سۇسىز قالدۇق. قۇدۇققا چۈشمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆلۈپ تۈگىشىمىز. شۇڭا بىر ئامال قىلىپ بېقىشنى لايىق تاپقان ئىدۇق» دەيسىز. قىز يەنە «ئۇنداق بولسا ھەممە كىشى بېلىنى باغلاپ چۈشسە، سىز نىمىشكە تەتۈر چۈشتىڭىز؟» دەپ سورايدۇ. سىز «قۇدۇقنىڭ ئاستىدا ھەرقايسىلىرىدەك مەلىكىلەر، شاھزادىلەر بولسا پۈتۈم ئۇلارنىڭ يۈزىگە بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ھۆرمەت قىلىپ، بېشىمچە چۈشتۈم. سىزگە ئايالىم گۈلجەمىلە سالام ئېيتتى» دەڭ. شۇ چاغدا مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر سەر ئالتۇننى بېشىڭىزدىن چاچىدۇ ۋە «گۈلجەمىلە دېگەن قىزدىن ئايلىناي، ئۇ ھازىر نەدە؟» دەپ سورايدۇ. سىز مېنىڭ بار جايىمنى ئېيتىپ بېرىسىز. قىز سىزگە پادىشالىق كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ ئۆزىنى نىكايىڭىزغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېلىشىڭىزنى ئۆتىنىدۇ. ئۇ مەندىن ئەچچە ھەسسە چىرايلىق، يېشىمۇ ئۇندىن ئەشتىن ئاشمايدۇ. سىز قىزنى ئالىسىز. قۇدۇقتىن چىققىسىز. ھەممە بودىگەر سىزگە سالام قىلىدۇ ۋە: «ھەممەيلەن قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلۈك چىقسا سىز پادىشا بولۇپ چىقىپسىز» دەپ سورايدۇ. سىز «مەن ئەدەپلىك بولغىنىم ئۈچۈن پادىشا بولۇپ چىقتىم» دەيسىز. شۇنىڭ بىلەن قىز قىرىق تۇلۇمدا سۇ چىقارتىپ بېرىدۇ. سۇنى ئۇلار بىلەن بىللە ئىچىسىز. ماڭغان چاغدا قىز سىزگە «باغداتقا بارغان ۋاقتىڭىزدا ۋە قايتىش يولىڭىزدا دۆلەتمەن بولىسىز. سىز دۆلەتمەن بولغاندا قۇدۇقتا ياتقان مەندەك ئاياللىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ» دەپ، لېۋىڭىزگە لېۋىنى يېقىپ تۇرۇپ ئۆزىنى قويىدۇ. باشقىلار سىزگە ھۆرمەت قىلىدۇ. سىزگە ئۆز ماللىرىدىن زاكات بېرىشىدۇ. سىز باي بولىسىز. لېكىن مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بۇرۇنقىدەكلا ياخشى ئىشلەڭ. باغدات پادىشاسىنىڭ ئۇن ئالتە ياشتا بىر قىزى بار، ئۇ ساھىبجامال، بىراق ئىككى كۆزى كۆرمەيدۇ. سىز باغداتقا چۈشكەن كۈنى «ھەرقانداق كىشى شاھنىڭ قىزىنىڭ كۆزىنى ساقايتسا، پادىشا شۇ كىشىگە قىزىنى ۋە پادىشالىقىنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ» دېگەن جاكانى ئاڭلايسىز. سىز «قىزنى مەن ساقايتىمەن» دەڭ. پادىشانىڭ ئالدىغا كەلگەندە پادىشا سىزگە ھەممە گەپنى دەيدۇ. قىزنىڭ قېشىغا باشلايدۇ. سىز قىزنىڭ قېشىغا كىرگەندە قىزنىڭ قۇچىقىدا بىر قارا مۈشۈكنى كۆرىسىز. ئىشىكتىن ناھايىتى چاققانلىق بىلەن كىرىسىز - دە، سول قولىڭىزدا مۈشۈكنى تۇتىسىز، ئوڭ قولىڭىزدا مەن بەرگەن مۇنۇ پىچاق بىلەن مۈشۈكنى بوغۇزلاپ، قېنىنى قىزنىڭ كۆزىگە تېمىتىسىز. قىزنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ. مۇشۇ پىچاقتىن باشقا ھەرقانداق پىچاق مۈشۈكنى بوغۇزلىيالمايدۇ. قىزنىڭ كۆزىنى ساقايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىسىز. تويدىن كېيىن شاھ پادىشالىقىنىڭ يېرىمىنى سىزگە بېرىدۇ. پادىشانىڭ بېغىدا ئىككى

كۆل بار، بىرى ئالتۇن بىلەن، بىرى كۈمۈش بىلەن ياسالغان. ئىككىلىسىدە سۇ بار. ئىككى چاق بار، ئوڭدىكى چاقنى چۆرىسىڭىز كۈمۈش كۆلنىڭ سۈيى ئالتۇن كۆلگە چىقىدۇ، سولدىكى چاقنى چۆرىسىڭىز ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيى كۈمۈش كۆلگە چىقىدۇ، سىز ئالتۇن كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەتسىڭىز كۈن چىقىش تەرەپتە تاغ باغرىدا بىر يول كۆرۈنىدۇ. شۇ يول بىلەن ماڭسىڭىز ھەزرىتى ئىسكەندەردىن قالغان غەزىنىگە بارىسىز. سىز غەزىنىدىكى ئالتۇننى ئېلىپ پادىشاغا تاپشۇرۇڭ. پادىشا بۇ ئالتۇننى ئالمايدۇ. ئۇنى سىزگە بېغىشلايدۇ. سىز بۇ ئالتۇننى شەھەردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىڭ. پۇخرالار تۆلەيدىغان باجنى سىز ئاشۇ ئالتۇن بىلەن تۆلىۋېتىڭ. شەھەردىكى بارلىق غېرىپ - مۇساپىرلارنى تەمىنلەڭ. بۇ ئالتۇن ناھايىتى جىق بولغاچقا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل يېتىدۇ. ئاخىرىدا پادىشا ئاغرىپ قالىدۇ. پادىشا ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ «مەن ئاغرىپ قالدىم. ساقىيىشىمدىن ئۈمىت يوق. شۇڭا ئورنۇمغا بىر ئادەم پادىشا بولسا. مېنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلۇم يوق» دەيدۇ. سىز يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلىغانلىغىڭىز، ئەلنى ئادالەت بىلەن سورىغانلىغىڭىز ئۈچۈن ھەممە كىشى سىزنى پادىشالىققا سايلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشا ۋاپات بولىدۇ. سىز پادىشالىق تاجىنى كىيىسىز. يۇرت سورايسىز. مال-دۇنياغا ئىگە بولىسىز. ئەنە شۇ چاغدا غېرىپ ۋە يوقسۇل چاغدا ئالغان مەندەك ئايالىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم زادىلا سوۋۇپ قالمايدۇ.

ئايال سۆزىنى تاماملاپ ئېرىنى بىرنى سۆيۈپ يولغا ساپتۇ. ھورۇن يولدا ياخشى خىزمەت قىلىپتۇ. يىگىرمە كۈن ماڭغاندىن كېيىن دىگەندەك بىر قۇدۇققا يېتىپ بېرىپتۇ. ھورۇن ئىشلارنى ئايالىنىڭ دىگىنى بويىچە بىجا كەلتۈرۈپتۇ.

بىرغۇزلاپ قېنىنى باغدات شاھىنىڭ قىزىنىڭ كۆزىگە تېمىت-

قان مۈشۈك ئەسلى دىۋە بولۇپ، قىزغا ئاشىق ئىكەن. قىزنى ئېلىپ قېچىپ كويىقاپقا ئېلىپ باراي دىسە ئۆزىدىن چوڭ دىۋىلەرنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭا ئۇ قىزنىڭ كۆزىنى قارغۇ قىلىپ قويغان. مۈشۈك سىياقىغا كىرىۋېلىپ قىزنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ قىزنىڭ جامالىدىن ھوزۇرلانغان ئىكەن.

ھورۇن قىزنىڭ كۆزىنى ساقايتقاندىن كېيىن پادىشا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ قىزنى يىگىتكە بېرىپتۇ. پادىشالىغىنىڭ يېرىمىنىمۇ بېرىپتۇ. ئۇندىن كېيىنكى ئىشلارمۇ خۇددى ھورۇننىڭ ئايالى ئېيتقاندەك بولۇپتۇ. پادىشا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھورۇن پادىشالىق تەختىگە چىقىپتۇ ۋە خەلقنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئايالىنى ئەسلەپ، ئايالى بارشەھەرگە بارماقچى بولۇپ تەييارلىق كۆرۈپتۇ. بۇ شەھەرمۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا قارايدىغان بولغان ئىكەن. ئەل - يۇرت ئۇنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ھورۇن ئوردىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشەلا قەدىمى ئۆيىگە كەپتۇ، خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

ھورۇن مانا شۇنداق قىلىپ پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ئەلنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سوراپ، بەختلىك ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۈچا ناھىيە كونا شەھەر دۆلەت بىلەن خۇسۇسلار شىرىكچىلىكىدىكى دۇكاندىن: ھوشۇر قادىر

# بايىزەك

بۇرۇنقى زاماندا بەش تام شەھىرى دىگەن جايدا بۆۋى سەيشەنبە دەپ بىر خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بايىزەك دىگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. بايىزەك كىچىك چېغىدىلا «ھەرەمگە بارمەن» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ھەرەمگە بېرىپ كۆپ قېتىم ھەج قىلىپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئاپىسى ۋە يۇرتىنى سېغىنىپ قايتىپتۇ. كۈن كەچ بولغاندا ئۆز شەھىرىگە كەپتۇ - دە، يوللارنى تونۇيالماي، قايان مېڭىشنى بىلەلمەي بىر ئادەمدىن ئۆيىنى سوراپتۇ.

— سەن نىمە ئادەم؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ بايىزەك بول سورىغان ئادەم.

— مەن بۆۋى سەيشەنبە خېنىمنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دەپتۇ بايىزەك.

— نەگە بېرىپ نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

بايىزەك ئۆزىنىڭ ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەنلىگىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سەن خۇدالىققا يەتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھىلىقى كىشى.

— بىلمەيمەن، خۇداغا ئىبادەت قىلدىم. كۆپ قېتىم ھەج قىلدىم، — دەپتۇ بايىزەك.

— سەن نەچچە يىلدىن بېرى ئاناڭنى تاشلىۋەتتىڭ. ھازىر ئاناڭنىڭ قانداق ھالەتتە قالغانلىغىنى بىلەمسەن؟ ئاناڭ «ھۇ»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىسە ئاسماندا ئوت چاقنايدىغان ئايال ئىدى. سېنىڭ دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئاناڭنىڭ زېمىنلىرىمۇ بۇزۇلۇپ توگىدى. ئاشۇ دوقمۇشقا بارساڭ تېمىغا توپا يۆلەپ، ئىشىگىنى يىپ بىلەن چىگىپ قويغان بىر ئۆي بار. مانا شۇ ئۆي ئاناڭنىڭ ئۆيى، — دەپ كايىپتۇ ھىلىقى كىشى. بايىزەك دوقمۇشقا بېرىپ ئانىسىنى چاقىرىپتۇ. ئانىسى ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپلا:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بايىزەك.

— نەگە بېرىپ نىمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— مەن سېنىڭدەك ئانامنى تاشلىۋېتىپ، مېنى ياراتقان خۇدانىڭ غەزۋىدىن قورقۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلغىلى باردىم.

— خۇدالىققا يەتتىڭمۇ؟

— بىلمىدىم ئانا، خۇداغا ئىبادەت قىلدىم، كۆپ قېتىم ھەج قىلدىم. ئەمما بىرخىللا تۇرىمەن ئانا، — دەپتۇ بايىزەك.

— چاپىنىڭنىڭ پېشىنى ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن تىق، — دەپتۇ ئانا. ئانا ئوغلىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن كۆزى ئېچىلىپتۇ. ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ، بالىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. «سەن بارغان ھەرەمگە مەنمۇ بارىمەن» دەپ زارلاپتۇ ئانا. بايىزەك سېۋەت توقۇپ، ئانىسىنى سېۋەتكە ئولتۇرغۇزۇپ سېۋەتنى بېشىغا ئېلىپ ھەرەمگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ھەرەمگە بېرىپتۇ. يەتتە قېتىم بەيتۇللاغا باش قويۇپ، زىيارەت قىلدۇرۇپتۇ. ئاندىن يەنە ئانىسىنى كۆتىرىپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— ھەي ئانا، مەندىن رازى بولدۇڭمۇ؟ نەچچە يىلدىن بېرى مەن سېنى تاشلىۋېتىپ، ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم، — دەپتۇ بايىزەك.

— ھەي بالام، خۇدا رازى بولسا، مەن رازى بولىمەن، —

دەپتۇ ئانا. شۇئان كۆكتىن «ئاناڭ رازى بولسا، مەنمۇ رازى بولىمەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئانا خۇداغا، خۇدا ئانىسىغا ئىنتىرىپ بايىزەكنى تەمتىرىتىپ قويۇپتۇ. بايىزەكنىڭ ئاچچىغى كەپتۇ. ئۇ «ئانامۇ رازى بولمىسا، خۇدامۇ رازى بولمىسا، مەن يەتمىش يىل قىلغان ئىبادىتىمنى ساتىمەن» دەپ توۋلاپ كوچىغا چىقىپتۇ. شۇ شەھەردە بىر قىمارۋاز بار بولۇپ، ئۇ قىرىق ياشقا كىرگىچە بىر قېتىم ناماز ئوقۇمىغان ئىكەن. قىمارۋاز كىشىلەردىن ئىبادەتنى سېتىۋالسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىغى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. كىشىلەر قىمارۋازغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، قىمارۋاز بايىزەكنى چاقىرتىپتۇ.

— سىز باياتىن نېمىنى ساتىمەن دېدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— يەتمىش يىللىق ئىبادىتىمنى ساتىمەن، — دەپتۇ بايىزەك.

— نېمە ئۈچۈن ساتىمەن دەيسىز؟ — دەپتۇ يەنە قىمارۋاز.

— نەچچە يىلدىن بېرى تويمىغان نەپسىمنى تويغۇزاي، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بايىزەك.

— مېنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى شەھەرلەردە قىلمىغان ئەسكىلىكىم قالمىدى. ھازىر يانچۇغۇمدا ئازراق پۇل بار. ئىبادىتىڭدىن شۇ پۇلغا چۇشلۇق بېرەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قىمارۋاز.

— نەچچە پۇل بولسا مەيلى. شۇنچە پۇلغا بەردىم، — دەپتۇ بايىزەك. قىمارۋاز يانچۇغىدىكى پۇلنى يەرگە تۆكۈپتۇ. بۇ پۇل ئىككى تەڭگە چىقىپتۇ. بايىزەك شۇ پۇلغا ئىبادىتىنى سېتىپتۇ. پۇلنى ئېلىپ ئاشپۇزۇلغا بېرىپتۇ. ئاشپەزگە پۇلنى تەڭلەپ:

— مۇشۇ پۇلغا نەچچە مانتا كېلىدۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— بەش قاسقان مانتا كېلىدۇ، — دەپتۇ ئاشپەز.

بايىزەك بەش قاسقان مانتىنى بىراقلا ئاپتۇ. ئۇ مانتىنى كۆتىرىپ بىر مازارغا كەپتۇ. بايىزەك «ئاله نەپسىم، ئاله، يەتمىش

يىلدىن بىرى مېنى تويغازمىدىڭ دەيسەن، قېنى تويغۇچە يە، سەن مانتىنى بۇگۈن يەيسەن، ئەتە ساڭا ئىككى تەڭگە بارمۇ؟» دەپ ئۆزىنىڭ نەپسى بىلەن جەڭ قىلىۋاتسا، غىڭشىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بايىزەك مانتىنى قويۇپ ئەتراپنى ئىزلەپتۇ. قارىسا بىر ئوچۇق گۆردە بىر قانجۇق ئالتە بالىسى بىلەن يۇقۇرىغا چىم-قالماي ياتقۇدەك. بايىزەك ئىتنى گۆردىن تارتىپ چىقىرىپ مانتا بېرىپتۇ. ئىت مانتىنى يەپ ئاسمانغا قاراپ، «ئەي خۇدا، مۇشۇ بەندەڭنى ھاجىتىدىن چىقارغايسەن» دەپ تىلەپتۇ. بايىزەك لىگەن-نى كۆتىرىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. بىر چاغدا ئاسماندىن:

— ئەي بايىزەك، سەن ئۆز نەپسىڭدىن كەچمىگەن بولساڭ ئاشۇ قانجۇق ئالتە بالىسى بىلەن ئۆلگەن بولاتتى. مەن سەندىن رازى، — دىگەن سادا كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ئالا قاغا گۇڭشې بازار دادۇيدىن = ئابلا ھاجى

# ھىندىستان مەلىكىسى

بۇرۇن بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ شەھىرى ئاۋات، خەلقى باياشات ئىكەن. ھەر يەر - ھەر يەردىن سودىگەرلەر كېلىپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر سودىگەر يولدا كېتىۋاتسا يەنە بىر ئادەم بىر بوپىنى كۆتىرىپ «مىڭ تىللاغا ساتىمەن» دەپ تۇرغۇدەك. سودىگەر بوپىنى ئاچاي دىسە، ئۇ كىشى ئۇنىماپتۇ ۋە:

— ھىندىستان پادىشاسى «سەن بۇنى ساتقان چاغدا ھەرگىز ئاغزىنى ئاچما» دىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە نىمە بارلىغىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

سودىگەر «مەيلى، نىمە بولسا ئالاي» دەپ ئويلاپ، بوپىنى مىڭ تىللاغا سېتىۋاپتۇ. ئۇ بوپىنى ئېلىپ بېرىپ ئاچسا، شاھلارغا خاس بىر تون چىقىپتۇ. سودىگەر تونىنى شۇئان پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن بۇ تونىنى ھىندىستان سودىگىرىدىن ئالغان ئىدىم، قارىسام ناھايىتى ئېسىل ئىكەن. شۇڭا ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلاي دەپ كېلىشىم، — دەپتۇ.

پادىشا تونىنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولۇپتۇ. ئۇنى مېھمان قىلىپ، ئازراق ئالتۇن بېرىپ يولغا ساپتۇ. بۇ چاپاننىڭ بىر پېشىگە ھىندىستان پادىشاسىنىڭ مەلىكىسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان ئىكەن. مەلىكە ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. پادىشانىڭ شاھزادىسى مەلىكىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. ئۇنىڭ كېلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

دىن ھېچقانداق تاماق ئۆتمەس بولۇپ قاپتۇ. پادىشا بۇ ھالنى كۆرۈپ ئوغلىدىن گەپ ئالغىلى بىر ۋەزىرىنى قويۇپتۇ. ۋەزىر شاھزادىنىڭ ھىندىستان مەلىكىسىگە غايىۋانە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ پادىشاغا مەلۇم قىلىپتۇ. پادىشا ۋەزىرلىرىنى يىغىپ بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ئارىدىن بىر ئەقىللىق ۋەزىر چىقىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ھىندىستان بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز ناھايىتى يىراق. شۇڭا ئوغلىڭىزنى تۆت كىشى بىلەن بىللە ئەۋەتەيلى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئۆزىگە خاس ھۈنىرى بولسۇن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەتكە پادىشا ماقۇل بولۇپ ئوغلىنى يولغا ساپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئاخىرى ھىندىستانغا يېتىپ كەپتۇ. شەھەرلەرنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىشىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ پۇلى ئاز قاپتۇ. شاھزادە بىلەن بىللە كەلگەن تۆت يىگىتنىڭ بىرى گۈلچى بولۇپ، ئۇ گۈل ياساپ سېتىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر دەستە گۈلنى كۆتىرىپ، بازارغا بېرىپ تۇرۇشىغا نۇرغۇن ھارۋىلار كەپتۇ. بىر ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن تاج كىيگەن بىر مەلىكە ئولتۇرغان ئىكەن. مەلىكە گۈلنى كۆرۈپ سېتىۋاپتۇ ۋە:

— مەن ئوردىدا تۇرىمەن. ھەر كۈنى گۈل يەتكۈزۈپ بەرگىن، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

شاھزادە بىلەن بىللە كەلگەن يىگىتلەرنىڭ يەنە بىرى رەسسام ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى تازا كېلىشتۈرۈپ شاھزادىنىڭ رەسىمىنى سىزىپتۇ ـ دە، گۈلچىنىڭ گۈلىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپتۇ. گۈلچى گۈلنى مەلىكىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. مەلىكە رەسىمنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

شاھزادە بىلەن كەلگەن يىگىتلەرنىڭ يەنە بىرى لەخمىچى ئىكەن. ئۇ مەلىكە تۇرغان جاي بىلەن شاھزادىنىڭ تۇرغان ئۆيىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەپ، لەخمە قېزىپ مەلىكىنىڭ كارىۋىتىنىڭ

ئاستىغا ئۇلاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى مەلىكىنى ئېلىپ شاھزادە تۇرغان ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە بىلەن شاھزادە بىر كېچە مەي - شاراپ ئىچىپ، ئۇسۇل ئوينىشىپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ.

پادىشا كېچىسى كوچا ئايلىنىپ كەلسە بىر ئۆيدە نەغمە - ناۋا قىزىپ كەتكەن. بېرىپ قارىسا تۆت ئەر كىشى ۋە بىر قىز ئولتۇرغان. قىز ئۆزىنىڭ قىزىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرغۇدەك. پادىشا شۇئان ۋەزىرىدىن سورىسا، ۋەزىرى:

— مەلىكە ئاللىقاچان ئۇيقۇغا راۋان بولدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا تازا ئىشەنمەي ئوردىغا كېلىپ قارىسا قىزى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن پادىشا خاتىرجەم بولۇپ قاپتۇ. ئەسلىدە مەلىكە لەخمە بىلەن كېلىپ بولغان ئىكەن. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادە ئۆزىنىڭ ھەمرالىرىنى پادىشانىڭ ئالدىغا ئەلچى قىلىپ كىرگۈزۈپتۇ. پادىشا بۇ يىگىتلەرنى ماھارەت كۆرسىتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار ماھارەت كۆرسىتىپتۇ. پادىشا بۇ يىگىتلەرنىڭ ھۈنەر - ماھارىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، قىزىنى شاھزادىگە بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قىزىنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن پادىشا ۋاپات بولۇپتۇ. شاھزادە تەكلىپكە بىنائەن بۇ شەھەرگە شاھ بولۇپ خەلقنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇپ نام - شۆھرەتكە ئېرىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى كۇچا ناھىيە ياقا دادۇيىدىن: قۇربان ئابدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى

بۇخارا شەھىرىنىڭ پادىشاسى شىكارغا چىقىپتۇ. شىكاردىن قايتىشىدا ئېزىپ قېلىپ باشقا بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىر قىزنىڭ رەسىمى چاپلانغان ئىكەن. پادىشا رەسىمنى كۆرۈپلا ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ياساۋۇللار پادىشانى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشا ھۇشىغا كېلىپلا:

— ئۇ قىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ياساۋۇللار:

— بۇ قىز شەھەرنىڭ بىر گۈزىلى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت ئاي بۇرۇن يوقىلىپ كەتتى. ئىز-دېرىكى بولمىدى، شۇ سەۋەپتىن ئۇنى ئىزلەش توغرىلىق پەرمان چىقىرىپ رەسىمى بىلەن بىللە چاپلاپ قويغانمىز. — دەپتۇ.

ئۇنى ئاڭلىغان پادىشا قىزنىڭ رەسىمنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. پادىشا ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوردا ئىچىگە قىرىق بىر ئېغىز ئۆي سالدۇرۇپ، قىرىق ئۆينى ھەر خىل بايلىقلار بىلەن توشقۇزۇپتۇ. قىرىق بىرىنچى ئۆيگە بىر ئىشكاپ ئورنىتىپتۇ. ھېلىقى قىزنىڭ رەسىمنى تاۋار-دۇردۇنلارغا ئوراپ ئىشكاپقا سېلىپ ساقلاپتۇ.

پادىشا قىرىق بىرىنچى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ھېچكىمگە بەرمەيدىكەن ھەم بۇ ئۆيگە ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىكەن. شۇڭا بۇ ئۆيلەردە نېمە بارلىقىنى بىلەلمىگەن ئوردا ئىچىدىكىلەر تولىمۇ قىزىقىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشانىڭ ۋەزىرى شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، سېنى داداڭ بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. سەندىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ. بىراق سەن ھازىرغىچە قىرىق بىر ئۆيدە نېمە بارلىقىنى بىلمەيسەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە تولىمۇ قىزىقىپ دادىسىدىن بۇ ئۆيلەرنى كۆرۈشكە ئىجازەت ئېلىپ ئاچقۇچلارنى سوراپتۇ، بىراق شاھزادە ئۆيلەرنى ئېچىپ كۆرۈپ قىرىق بىرىنچى ئۆيگە كەلگەندە ئاچقۇچ تۈگەپتۇ. شاھزادە ئۆيگە كىرەلمەي قاپتۇ. شاھزادە پادىشادىن بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى سورىغان ئىكەن، پادىشا:

— ئەي بالام، مەن بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ساڭا بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ. شاھزادە ئانىسىدىن دادىسىنىڭ بۇ ئاچقۇچنى نەدە ساقلايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئانا شاھزادىگە «داداڭ بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى كېچىسى ئاغزىغا سېلىپ ياتىدۇ. سەن ئۇنى ئالماقچى بولساڭ، داداڭنىڭ بۇرنىغا ئاچچىق بىرنەرسىنى پۇرات، شۇ چاغدا داداڭ ئاغزىنى ئاچىدۇ. داداڭ ئاغزىنى ئاچسا ئاچقۇچنى ئالالايسەن» دەپتۇ. شاھزادە شۇ كېچىسى ئۇخلاۋاتقان دادىسىنىڭ بۇرنىغا تاماكىنى پۇرىتىپتۇ. پادىشا قاتتىق چۈشكۈرگەن ئىكەن، ئاغزىدىن ئاچقۇچ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. شاھزادە دەرھاللا ئاچقۇچنى ئېلىپ قىرىق بىرىنچى ئۆينى ئېچىپتۇ. تامدىكى بىر ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشكاپنى ئېچىپتۇ. تاۋار - دۇردۇنغا ئورالغان رەسىمنى ئېلىپ كۆرۈپتۇ، كۆرۈپتۇ - دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشا ئويغىنىپ، ئاغزىدىكى ئاچقۇچنىڭ يوقالغانلىقىنى ۋە ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ دەرغەزەپكە كەپتۇ. ئوغلىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

بىراق ۋەزىرلەر پادىشاغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ شاھزادىنى ئۆلتۈرمەي، يىراق جايغا پالاشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە دەشت - باياۋانلاردا سەرسان بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر قونالغۇغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. بىر چاغدا ئىككى ياساۋۇل بىر ئادەمنى باغلاپ ئېلىپ كەپتۇ. شاھزادە ھېلىقى ياساۋۇللاردىن:

— بۇ گۇناكار كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇلار دەپتۇكى:

— بۇ كىشى دۆلەتلەردىن سېھىر ئۆگەنگەن، كېيىن دۆلەتلەرگە قارشى چىققان كەمەك ھەييار دىگەن بولىدۇ. بىز ئۇنى دۆلەتلەرنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ئۆلتۈرۈپ يۈرىگىنى ئېلىپ كەتمەكچىمىز، — دەپتۇ. شاھزادە دەرھال:

— سىلەر بۇ كىشىنى ماڭا سېتىپ بېرىڭلار. دۆلەتلەرگە بولسا ئۆشكىنىڭ يۈرىگىنى ئاپىرىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ. ياساۋۇللار بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولۇپ كەمەك ھەييارنى شاھزادىگە مىڭ دىنارغا سېتىپ بېرىپ قايتىپتۇ. كەمەك ھەييار ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان شاھزادىگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۇ جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى، نام - ئەمالىنىڭ كىملىگىنى سوراپتۇ. شاھزادە سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا:

— مەن ئۇ قىزنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى، نەدە تۇرىدىغانلىغىنى، بۇ دۇنيادا ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىگىنى بىلمەيمەن. بىراق ئۇ قىزغا ئاشىق - بىقارا بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ. كەمەك ھەييار بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەي شاھزادەم، ئۇ ساھىپجامال قىزنى بىز ئېلىپ قېچىپ دۆلەر ماكانىغا ئاپارغان ئىدۇق، ھازىر ئۇ ئەنە شۇ يەردە سولاقتا. سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، مەن سىزنىڭ ھەرقانداق خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن. ئۇ قىزنى قۇتقۇزۇپ سىزنى مۇرات - مەقسىدىڭىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھۈنەرلىرىمنىڭ ھەممىنى ئىشقا سېلىپ كۆرەي، — دەپتۇ ۋە شاھزادىدىن ئى-

جازەت ئېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

شاھزادە ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، گەپنى كەمەك ھەيياردىن ئاڭلايلى:

كەمەك ھەييار ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى دىۋىلەر شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ سېھرى - جادۇلىرىنى ئىشقا سېلىپ كىچىسى پەم بىلەن قىزنى سولاپ قويغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. قىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەي:

— سەن مېنى قۇتقۇزالمايسەن، — دەپتۇ. كەمەك ھەييار قوينىدىن بىر قىزىل ئالمىنى چىقىرىپ قىزغا پۇراتقان ئىكەن، قىز شۇ ھامان جان ئۈزۈپتۇ. كەمەك ھەييار دەرھال ئۇنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ ماڭغانچە ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاخىرى شاھزادىنىڭ يېنىغا ساق - سالامەت يېتىپ كەپتۇ. ئۇ قىزنى يەرگە قويۇپ، قوينىدىن بىر كۆك ئالمىنى چىقىرىپ قىزنىڭ بۇرنىغا تۇتقان ئىكەن، قىز شۇ ھامان تىرىلىپتۇ. بىراق، شۇ چاغدا كەمەك ھەييار ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. قىز كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېلىپ قالغانلىغىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قارىغان ئىكەن، يېنىدا كېلىشكەن بىر يىگىت تۇرغۇدەك. قىز ئۇنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شىرىن سۆھبەتكە كىرىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كەمەك ھەييار دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى بىر مەھەللىگە بېرىپ، بىر موللامنى چاقىرىپ كېلىپ شاھزادە بىلەن قىزغا نىكا ئوقۇتۇپتۇ. شاھزادە بىلەن قىز شۇ جايدا ئۆي تۇتۇپ ئىناق ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

كەمەك ھەييار ئۆز ئۆيىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن شاھزادىدىن رۇخسەت ئاپتۇ. «قاچان باشلىرىڭغا كۈن چۈشسە بۇنى كۆيدۈرسىلە مەن شۇ ھامان پەيدا بولىمەن» دەپ ئۈچ تال تۈك بېرىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەمەك ھەيىيار ئۆز يولىغا مېڭىپ تۇرسۇن. گەپنى دىۋىلەر ماكانىدىن ئاڭلايلى:

ئەتىسى دىۋىلەر قىزنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ئالا - توپىلاڭ كۆتىرىپتۇ. بىراق قىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ قىزنى ئىزلەپتۇ. ھەتتا دىۋىلەرنىڭ پادىشاسىمۇ قىزنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا چىقىپتۇ. دىۋىلەر پادىشاسى ئۇچۇپ، شاھزادىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ئۇلارنى كۆرۈپ قاپتۇ. دىۋە شۇ ھامان يەرگە چۈشۈپ بىر ئاقساق مومايىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ شاھزادىنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. شاھزادە ئۇنى كۆرۈپ ئەھۋال سوراپتۇ. ئاقساق موماي ئۆزىنىڭ ئىگە - چاقىسىز بىر بىچارە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كۆز يېشى قىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئېلىپ قېلىپ خوتۇنىغا ھەمرا قىلىپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە دىۋە بىر تال لىگەننى بىرلا ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن تۇلپارغا ئايلاندۇرۇپ قىزنى سەيلە قىلىپ كېلىشكە كۆندۈرۈپ تۇلپارغا مىندۈرۈپتۇ. ئۆزىمۇ تۇلپارغا مىنىپ:

— ئەي قىزىم كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، — دەپتۇ. ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە دىۋىلەر شەھىرىگە كېلىپ قاپتۇ. ھىلىقى ئاقساق موماي ئەسلىگە كېلىپ دىۋىگە ئايلىنىپتۇ، قىزنى ئالتۇن-دىن ياسالغان قەپەزگە سولاپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا زورلاپتۇ. ماقۇل بولمىسا ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز:

— ئەي دىۋىلەر پادىشاسى، ماڭا بىر ئايلىق مۆھلەت بەر. ئويدىنراق ئويلىنىپ كۆرەي، بىر ئايدىن كېيىن نىمە قىلساڭ ئىختىيارىڭ، — دەپتۇ. دىۋىلەر پادىشاسى بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ. دىۋىلەر ئىچىدە بىر قېرى، توكۇر دىۋە بولۇپ. ئۇمۇ قىزنىڭ ھۆسنى - جامالىدىن مەس بولۇپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى

كەچقۇرۇن يوشۇرۇنچە قەپەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ يىلىنىدىكەن. بىراق ۋىجدانلىق قىز ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قىلچە ئېتىۋار قىلماپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادىدىن ئاڭلايلى:

شاھزادە كەچتە ئۇۋدىن قايتىپ كەلسە قىزمۇ، مومايمۇ يوق تۇرغۇدەك. شاھزادە ئۇيان ئىزلەپتۇ، بۇيان ئىزلەپتۇ. ئەمما زادىلا ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئاخىرى كەمەك ھەييارنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ ھېلىقى تۈكنى كۆيدۈرۈپتۇ. كەمەك ھەييار ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا كېلىپ ئەمدىلا ئۆيىگە كىرمەكچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن. بىردىنلا ئۇنىڭ بېشىدىكى چاچلىرى كۆيۈشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن شاھزادىنىڭ بىر خېيىم-خەتەرگە يولۇققانلىقىنى بىلگەن كەمەر ھەييار دەرھاللا شاھزادىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. شۇنداق قارىسا شاھزادە ھوشسىز ياتقان. كەمەر ھەييار شاھزادىنى مىڭ تەستە ھوشىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن قىزنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپتۇ. يېنىدىن كىتاۋىنى چىقىرىپ قاراپ، قىزنى دىۋىلەرنىڭ قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر ئالتۇن قەپەزدە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئاندىن شاھزادىگە:

— شاھزادەم، بىكاردىن پەرياد قىلىپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويماي تېتىكرەك بولسىلا، مەن ھازىر قىزنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىمەن. مەن كەتكەندىن كېيىن ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا بىر تال بۇيا ئۈنۈپ كۆكلىسە ئۇ مېنىڭ يالغۇز قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئىككى تال بۇيا ئۈنسە، ئۇ قىز بىلەن بىللە قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەگەر بۇ ئىككى تال بۇيا يوقىلىپ كەتسە ھەر ئىككىمىزنىڭ دىۋىلەر بىلەن ئېلىشىش يولىدا ئۆلگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدۇ. ۋاقىپ بولۇپ تۇرغايلا. — دەپ دىۋىلەر ماكانىغا سەپەر قىپتۇ.

كەمەك ھەييار كۆپ يول يۈرۈپ ئاخىرى دىۋىلەر ماكانىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ سېھرى - جادۇلىرىنى ئىشقا سېلىپ قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. كەمەك ھەييار:

— ئەي ساھىپجامال. سىزنىڭ بۇ جايدىن ئازات بولۇشىڭىز ۋە شاھزادەم بىلەن مەڭگۈ بەختلىك ياشىشىڭىز ئۈچۈن دىۋىلەرنى يوقىتىش كېرەك. بولمىسا بىزگە ئاراملىق يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ماڭا دىۋىلەرنىڭ جېنىنىڭ نىمىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېرىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ. قىز قولىدىن كەلسىلا بۇ تەلەپنى ئورۇنلايدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز دىۋىلەردىن ئۇلارنىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سوراشتە قىلىشقا باشلاپتۇ. بىراق ئۇلار زادىلا ئېيتىپ بەرمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئارقىسىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ، دىۋىلەر پادىشاسىنىڭ قىزغا بەرگەن مۆھلىتى توشۇشقا پەقەت بىر كۈنلا ۋاقىت قاپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە قىز نىمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا ھېلىقى قېرى، توكۇر دىۋە يەنە كەپتۇ ۋە قىزغا:

— ئەي ساھىپجامال قىز، سەن ھەقىقەتەن تاش يۈرەك ئىكەنسەن. مەن سېنىڭ ئىشقى - پىراقىڭدا كۆيۈپ كۈل بولۇشقا ئاز قالدىم. بىراق سەن ماڭا زادىلا ئىچ ئاغرىتمىدىڭ. مانا ئەمدى بىر كۈنلۈك ھاياتىڭ قالدى، ئەتە سېنى ئۆلتۈرىدۇ. مېنى مۇشۇنداق داغدا! قويۇپ ئۇ دۇنياغا كەتمەكچىمۇسەن؟ ماڭا ئۆز مۇھەببىتىڭدىن كىچىككىنە ھەدىيە قىلساڭ بولماسمىدى؟ — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىزنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كىرىپتۇ. ئۇ شۇئان دىۋىگە:

— ئەي دىۋە، مەن سېنىڭ بىر ئايدىن بۇيانقى ماڭا ئىزھار قىلغان سەممىي سۆزلىرىڭدىن سېنىڭ ماڭا ھەقىقى مۇھەببىتىڭ بارلىغىنى بىلدىم. مەنمۇ سېنى ياقتۇرىمەن. بىراق ئىككىمىز بىللە بولۇش ئۈچۈن سىلەرنىڭ پادىشايىڭلارنى ۋە باشقا دىۋىلەرنى يوقىتىش كېرەك. بولمىسا ئۇلار مېنى ساڭا بەرمەيدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان توكۇر دىۋە خوشاللىنىدا:
— ئەي پەرىشتەم، قېنى سۆزلە، ئۇلارنى قانداق يوقىتىمىز؟ مەن سەن ئۇچۇن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، — دەپتۇ.
— ئۇنىداق بولسا ئۇلارنىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىپ كېتىپ قالغىن. سەۋرى قىلساڭ ئەتە مېنى ئۆزەڭنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈسەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىۋە قىزغا:
— بۇ يەردىن توپ - توغرا يەتتە ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن بىر دەريا ئۇچرايدۇ. دەريادىن ئۇۋاتقا يەتتە ئايدا ئۆتكىلى بولىدۇ. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا غايەت زور بىر تاغ بار. بۇ تاغ بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدۇ. شۇ تاغنى تۈزلىۋەتكەندە، ئاستىدا قىرىق مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بىر قۇدۇق بار. قۇدۇقنىڭ تەكتىدە بىر ئۆي بار، ئۆيدە بىر تۆمۈر ساندۇق، ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر قوتا، قۇتىنىڭ ئىچىدە بىر يەل توپ بار. بىزنىڭ جېنىمىز ئاشۇ يەل توپتا. توپتىكى يەلنى چىقىرىۋەتسە بىزنىڭ جېنىمىزمۇ تۈگەيدۇ، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز دىۋىنىڭ قايتىپ كېتىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئۇ يەل توپنى ئېلىپ كېلىشنىڭ تولىمۇ مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆزىنىڭ ئازات بولۇشىدىن ئۈمىت ئۈزۈپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا كەمەك ھەيىيار كېلىپ قىزدىن ئەھۋال سوراپتۇ. قىز توكۇر دىۋە ئېيتىپ بەرگەن ئەھۋالنى كەمەك ھەيىيارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. كەمەك ھەيىيار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرھال يولغا ئاتلىنىپ تاڭ ئاتقىچىلا ھەممە ئىشنى بىجا كەلتۈرۈپ يەل توپنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ ۋە دىۋىلەر شەھىرىنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. دىۋىلەر بۇنى كۆرۈپ كەمەك ھەيىيارغا ھۇجۇم باشلاپتۇ. كەمەك ھەيىيار يەل توپنى باسقان ئىكەن دىۋىلەر ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا توكۇر دىۋە باشلىق بەش - ئالتە دىۋە ساق قاپتۇ. قىز بىلەن كەمەك

ھەييار دىۋىلەر پادىشاسىنىڭ تۇلپاردىنى مىنىپ شاھزادىنىڭ يېنىغا قايتىپتۇ. شۇندىن كېيىن، كەمەك ھەييار ئۆيىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. قىز بىلەن شاھزادە خوشال ھايات كەچۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە دۇلدۇلنى مىنىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر كىيىكنى قوغلاپ يۈرۈپ باشقا بىر توپ دىۋىلەر تۇرۇشلۇق ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. تۇلپارغا كۆزى چۈشكەن دىۋىلەر شاھزادىنى تۇتۇۋېلىپ، تۇلپارنى تارتىۋاپتۇ. شاھزادىنى سولاپ قويۇپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە شاھزادە ئۆيىگە قايتىپ كەلمىگەچكە قىز بىرەر ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ دەرھال كەمەك ھەييار قالدۇرۇپ كەتكەن تۈكنى كۆيدۈرۈپتۇ. كەمەك ھەييار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئۆيىگە كېلىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەمدىلا تاماق يىمەك بولۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىردىنلا چاچلىرى پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ شۇ ئان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ مىڭ خىل جادۇ - سېھىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن پال كىتاۋىنى شۇنداق ئېچىپ قارىغان ئىكەن، يىگىت سولاقتا ياتقۇدەك. ئۇ قىزنى ئېلىپ شاھزادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ. ئاخىرى دىۋىلەرنىڭ ئۆڭكۈرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆڭكۈردە سەككىز پاپا دىۋە ۋە غايەت زور بىر دىۋە بار ئىكەن. ئالدى بىلەن سەككىز پاپا كەمەك ھەييارغا ھۇجۇم قىپتۇ. كەمەك ھەييار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى چوڭ دىۋە بىلەن ئېلىشىپتۇ. بىراق، بۇ دىۋىگە كۈچى يەتمەپتۇ. ئاخىرى قىزنى ئەپسۇن ئوقۇپ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپتۇ. قىز ئارقا تەرەپتىن دىۋىنىڭ بېشىغا دەر - غەزەپ بىلەن قىلىچ ئۇرغان ئىكەن، ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇلار شاھزادە بىلەن دۇلدۇلنى قۇتقۇزۇپ شاھزادىنىڭ ئەسلى يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. پادىشا

ئوغلىنى پالىۋەتكىنىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى ئىزلەپ تېپىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ خەۋىرىنى ئالالماي ئاھ - زار چېكىپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خوشال بولۇپتۇ ۋە ئوغلىنى قۇچاقلاپ كۆز ياش قىلىپتۇ. بىراق شۇ چاغدا ئوغلى بىلەن بىللە كەلگەن قىزنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ ھېلىقى رەسىمدىكى قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ «ئاھ!» دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئوردا ئىچىدىكىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ مىڭ خىل دورا - دەرمەكلەر بىلەن ئۇنى ئاران ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشا كېيىن ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ ئوغلىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش توغرىلىق مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە پادىشا ئوغلى، كېلىنى ۋە كەمەك ھەييارلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئاش تارتىلىۋاتقاندا كەمەك ھەييار شاھزادىنىڭ ئېشىغا زەھەر سېلىنغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. ئۇ بىرلا ئەپسۇن ئوقۇپ چىراقنى ئۆچۈرۈپتۇ ۋە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ دەرھال پادىشانىڭ ئېشى بىلەن شاھزادىنىڭ ئېشىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. چىراق يېقىلغاندىن كېيىن پادىشا ئاشنى يەپ شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ. شاھزادە پادىشا، كەمەك ھەييار ۋەزىر بولۇپتۇ. شەھەرنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. خەلق ئۈستىدىكى ئون يىللىق باج - سېلىقنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. خەلق پاراۋانلىققا ئېرىشىپ چەكسىز خوشاللىققا چۆمۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ئالاقاغا گۇڭشې بازار دادۇي

ئىككىنچى دۈيدىن: ئابلا ھاجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## باقىنىڭ سۆز سېتىۋېلىشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ باقى
ئىسىملىك بىر پەرزەنتى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باقىنىڭ
ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قېلىپ كۆپ
خورلىنىپتۇ. ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ چوڭ بولۇپ ئون سەككىز
ياشقا كىرىپتۇ. پادىشا بالىسىنى ساياھەت قىلىشقا، كۆڭلىنى ئې
چىشقا بۇيرۇپ، مىڭ تىللا بېرىپ يولغا سېپتۇ.

سەپىرى ئۈچ كۈنلۈك بولغاندا باقىغا سەپەرداش بولۇپ
ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. باقى ئىچى پۇشۇپ
بوۋايغا:

— بىز ئۈچۈن نەسىھەت گەپلىرى بولسا قىلىپ
بەرسىلە، — دەپتۇ.

— مىڭ تىللا بەرسەڭ گەپ قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ
بوۋاي.

باقى بۇ قانداق ھېكمەتلىك گەپتۇ دەپ، ھەيران بولۇپ،
گەپنى ئۇقۇش ئۈچۈن بوۋايغا يېنىدىكى مىڭ تىللانى
بېرىپتۇ. بوۋاي:

— بالام سەپەردە ئويدا قونماي، دۆڭدە قونغىن، — دې
گەن بىر سۆز بىلەنلا گېپىنى تۈگىتىپتۇ. باقى پۇلى بولمىغاچقا
دادىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەمما خىجىل بولۇپ، بولغان
ئەھۋالنى يوشۇرۇپتۇ. دادىسى قايتا - قايتا سوراپتۇ. باقى ئەھ

ۋالنى ئۇگەي ئانىسغا ئۇقتۇرماي، دادىسىغىلا ئېيتىپتۇ. دادىسى:
— ھېچقىسى يوق بالام، — دەپ يەنە مىڭ تىللا بېرىپ ئوغلىنى يولغا ساپتۇ.
باقى ئىككى - ئۈچ كۈن يول ماڭغاندا يەنە بىر بوۋايغا ئۇچراپ، ئۇنىڭغا:
— ئۆز بېشىڭىزدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرىڭىز بولسا سۆز-لەپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.
— مىڭ تىللا بەرسەڭ سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ بوۋاي. باقى مىڭ تىللا بېرىپتۇ.
— بالام، ئاش - نان بەرگەن كىشىگە خىيانەت قىلما، — دەپتۇ بوۋاي. باقى بۇ سۆزنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي، ھەيران بولۇپ، يەنە دادىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەھۋالنى دادى-سىغا ئېيتقاندىن كېيىن، دادىسى:
— ئۆگەي ئاناڭ ئۇقمىسۇن، يەنە مىڭ تىللا بېرەي، سەپەرگە تەييارلان، — دەپتۇ.
باقى مىڭ تىللانى ئېلىپ يەنە سەپەرگە چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە بىر بوۋايغا يولۇقۇپتۇ. باقى بۇ بوۋايدىن ياخشى سۆز ئاڭلىماق بولۇپ:
— بوۋا، ھېكمەتلىك سۆزلىرى بولسا سۆزلەپ بەر-سىلە، — دەپتۇ.
— مىڭ تىللا بەرسەڭ سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ بوۋاي. باقى بوۋايغا مىڭ تىللا بېرىپتۇ. بوۋاي:
— بالام ئەتىگەنلىك ناشتىدىن ھەرگىز قالمىغىن، — دەپتۇ - دە، ئۇزاپ كېتىپتۇ. باقى جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇ. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئەھۋال بىر ئەمەس ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى، ئەمدى دادامنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟ ئۆگەي ئانام ئۇقۇپ قالسا ماڭىمۇ، دادامغىمۇ كۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەرمەيدۇ، ماجىرا تۈگىمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ باقى. ئۇ ئۆيىگە قايتماي بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى قوساق ئېچىپ دەرمانسىزلىنىپ يولنىڭ چېتىدىكى تاش ئۈستىگە چىقىپ يىغلاۋېرىپ ئولتۇرسا بىر سودىگەر كەپتۇ. باقى سودىگەردىن نىجاتلىق تىلەپتۇ. رەھىمدىل سودىگەر باقىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— بالام، غېرىپ - مۇساپىر ئىكەنسەن. مۇنداق ۋەيرانە يۈرگەندىن كۆرە ماڭا ھەمرا بولۇپ تۆگە ھەيدىگەن بولساڭ. ئاش دېسەڭ ئاش، كىيىم دېسەڭ كىيىم بېرەتتىم، — دەپتۇ.

باقى سودىگەرنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سودىگەر باقىنى باشقا كارۋانلارغا قوشۇلۇپ مېڭىۋېرىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى سودا ئىشلىرى بىلەن مەلۇم بىر شەھەردە قاپتۇ. سودىگەر شۇ كېچىسى تۈن يېرىمىدا كارۋانلار چۈشكەن جايغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئىزلىگۈدەك بولسا باقى كۆرۈنمەپتۇ. سودىگەر باشقا كارۋانلاردىن سوراپتۇ. كارۋانلارنىڭ ھەممىسى باقىنىڭ «بۇ يەر ئويمان ئىكەن، دۆڭدە ياتىمەن» دەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. سودىگەر باقىنى ئىزلەپ تېپىپ ئاچچىقلىنىپ:

— نېمىشقا باشقا كارۋانلار بىلەن بىللە ياتمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. باقى تۈنجى قېتىم مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان «ئويدا ياتماي، دۆڭدە يات» دېگەن سۆزى بويىچە دۆڭدە ياتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سودىگەر باقى بىلەن بىللە دۆڭدە يېتىپتۇ. كېچىچە يامغۇر يېغىپتۇ. ئۇلار ئەتىسى ئويغىنىپ كارۋانلار ياتقان ئويمانغا كەلسە ئۇلارنى مال - مۈلۈكلىرى بىلەن قوشۇپ ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئامان قالغانلىقىدىن خۇرسەن بولغان سودىگەر باقىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. بۇ

ئىككىسى ئۆزگە شەھەرلەردە ئۇزۇن سودىگەرچىلىك قىلىپ، ئاخىرى سودىگەرنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. باقى بۇ شەھەردە — سودىگەرنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئايغىچە تۇرۇپ قاپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى خۇلقىسى يار خوتۇن ئىكەن، ئۇنىڭ كۆزى باقىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، باقى ئۇنىڭ تەلمۈسىنى قەتئىي رەت قىلىپتۇ. باقىنى ئۆزىنىڭ سۆزىگە كۆندۈرەلمىگەن خوتۇن باقىغا قارا چاپلاپ كۆزىدىن يوقاتماقچى بولۇپتۇ. شۇ شەھەرنىڭ جە-نۇبىدا بىر خارابە بولۇپ، ئۇ خارابىدە يالماۋۇزنىڭ ئۆيى بار ئىكەن. بۇ ئۆيگە ئادەم كىرسە ئۆلۈكمۇ چىقمايدىكەن. سودىگەرنىڭ ئىپلاس ئايالى ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق باقىنى قارىلاپ ئېرىگە:

— تېپىپ كەلگەن بۇ ھەمرالىرى سىلى يوق چاغدا ماڭا كۆز قىسىپ، يامان نىيەتتە بولدى. ئۇنى تېزدىن يوقاتسىلا، — دەپتۇ.

— قانداق يوقىتىمىز؟ — دەپتۇ سودىگەر. ھىلىگەر خوتۇن ئالدىدىن ئويلاپ قويغان ھىيلىسىنى ئېرىگە ئېيتىپ:

— باقى مۇساپىر، بۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن خە-ۋەرسىز. ئۇنى «سەي تېپىپ كەلگىن» دەپ يالماۋۇزنىڭ ئۆيىگە بۇيرۇيلى، ئۇنىڭ گۆشى يالماۋۇزغا يەم، قېنى ئۇسسۇزلۇق بولسۇن، — دەپتۇ.

سودىگەر ھەققى ئەھۋالنى بىلمىگەچكە دەرغەزەپ بولۇپ، باقىنى ھېلىقى يەرگە بۇيرۇپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەرسىز باقى ماقۇل كۆرۈپ خارابىلىققا كېتىپ بارغاندا، باقىنىڭ مۇشۇ شە-ھەردە تونۇشقان بىر دوستى ئۇچراپ قاپتۇ.

— نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ باقىدىن. باقى سودىگەرنىڭ سەيگە بۇيرۇغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خارابىلىققا كې-تىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. باقىنىڭ دوستى ئۇنى «ئەتىگەنلىك چاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىپ ماڭغىن» دەپ ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ. باقى دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سودىگەرنىڭ خوتۇنىنىڭ رەھىمىسى كېلىپ، ئېرىگە باقىنى ئۆزىنىڭ قارىلىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. رەھىمدىل سودىگەر مۇساپىرنىڭ باھەق ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولۇشىدىن قورقۇپ، دەرھال باقىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. سودىگەر ئەۋەتكەن ئادەم يولدا يېتىشىپتۇ. ئەھۋالنى ئېيتىپ يولدىن قايتۇرۇپ كەپتۇ. سودىگەر بۇ بالىدا بىر ھېكمەت بارلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ. ئاق كۆڭۈل باقى بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سودىگەرگە ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە:

— مەن بۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى شۇ ۋاقىتتا ئۈچ مىڭ تىللاغا ئەرزىمەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم، مانا ئەمدى مېنىڭ ۋە سىلىنىڭ جانلىرى شۇ ھېكمەتلىك سۆز بىلەن ساقلىنىپ قالدى، — دەپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئاق كۆڭۈل سودىگەر باقىغا ئۆز مېلىنىڭ بېرىمىنى ئايرىپ بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن باقى ئۆز ئالدىغا سودىگەرچىلىك قىلىپ كۆپ مال - مۈلۈك ۋە پۇل - دۇنياغا ئىگە بولۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا يۇرتىغا قايتىپ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە خوشال - خورام ياشاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ئۈچ ئۆستەڭ قۇلماق مەيدانىدىن ئىدرىس ھېلىك

## «بۇقا موزايلاپتۇ ...»

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاق كۆڭۈل كەمبەغەل ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ موزايلىق بىر ئىنىكى بار ئىكەن. بىر كۈنى دىخان ئىنەكنى سۇغارغىلى ئېلىپ چىقىپتۇ. موزاي ئىنەكنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر كىشىمۇ بۇقىسىنى سۇغارغىلى ئېلىپ چىققان ئىكەن. قايتار چېغىدا موزاي بۇقىغا ئەگىشىپ كېتىپ قاپتۇ. موزاينىڭ ئىگىسى ئىنىكىنى ئۆيگە ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپ بۇقىلىق ئادەمنىڭكىگە موزاينى ئەكەلگىلى بېرىپتۇ. بىراق بۇقىنىڭ ئىگىسى:

— بۇ موزاي مېنىڭكى. مېنىڭ بۇقام موزايلايدىغان خاسىيەتلىك بۇقا. بۇ موزايغا ھەرقانداق كىشىنىڭ چىشى پاتمايدۇ، — دەپ، مۇتەھەملىك قىلىپ موزايىنى بەرمەپتۇ. ئىككىيلەن تالىشىپتۇ. ئاخىرى سوقۇشۇپتۇ ۋە قازىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇقىنىڭ ئىگىسى ھېلىقى موزاينىڭ تېزىگىدىن بىر ياغلىق ئېلىپ قويىنىغا سېلىۋاپتۇ. موزاي ئىگىسى بولسا ھېچنەرسە ئالماپتۇ. قازى ئالدىغا كىرىپ ئېگىلىپ تازىم قىلىشىپتۇ.

— ھە نىمە گەپ؟ — دەپتۇ قازى خوش ياقا ـ ياقماس قىياپەتتە. موزاينىڭ ئىگىسى ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەرزىنى بايان قىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك قازىم، مېنىڭ بىر موزايلىق ئىنىكىم بولۇپ، ئۇنى تۈنۈگۈن كۆلگە سۇغارغىلى ئېلىپ چىققان ئىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قاينار چاغدا موزىيىم بۇ كىشىنىڭ بۇقىسىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ
كىرىپ كەتتى. موزاينى ئەكەتكىلى بارسام بۇ كىشى «بۇ مېنى
موزىيىم، بۇ موزاينى مېنىڭ بۇقام تۇققان» دەپ بەرمەيۋاتىد
جاھاندا مۇشۇنداقمۇ مۇتىھەمىلىك بولامدۇ قازىم؟ بۇقىمۇ تۇغامد
قازىم؟ بۇ دەۋانى ھەق سوراپ قويامدىكىن دىگەن ئۈمىتتە ئۆ
لىرىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، — دەپتۇ.
موزاينىڭ ئىگىسى ئەرزىنى تۈگىتىشىگە، بۇقىنىڭ ئىگىس
سۆزىنى باشلاپتۇ:
— قارىماملا قازىم، بۇ ئىپلاسلىقنى، ماۋۇ قارا يۈز بەن
ئېغىلىمدىكى مۇزاينى «مېنىڭ» دەپ ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋ
تىدۇ. بۇ كىشىنى قاراپ تۇرۇپ بوزەك قىلغانلىق ئەمەسم
سىلىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىلا، بۇقا دىگەنمۇ بەزىدە موزايلايد
ئەمەسمۇ؟ موزاي مېنىڭ. بۇنىڭدا شەك يوق. بۇ دەۋانى ئوبدا
راق سوراپ قويسىلا، قازىم، — دەپتۇ. بۇقا ئىگىسى سۆزلەۋېتى
تىزەك چەكمىگەن ئاق ياغلىقنى ئۈچ - تۆت قېتىم مۇشتلا
قويۇپتۇ. قازى نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بىرئەم ئويلىنىۋالغاندى
كېيىن:
— مەن ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كىتاپقا قاراپ باقاي
كىتاپتا نىمە يېزىلغان بولسا شۇ بويىچە سورايمەن، — دەپ
ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. قازىنىڭ تويماس كۆزى بۇق
ئىگىسى مۇشتلاپ قويغان ئاق ياغلىققا چۈشكەن ئىكەن. ئۇ ياغ
لىقتىكىنى تىللا دەپ ئويلاپ، بۇقا ئىگىسىگە پايدىلىق سۆز
قىلىپ، تىللانى قولغا چۈشۈرۈش كويىغا چۈشۈپتۇ. بىردەمدىن
كېيىن قوسىغىغا بىر ھىلىنى پۈكۈپ ئۆيدىن چىقىپتۇ - دە،
گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ موزاينىڭ ئىگىسىگە:
— مەن بۇرۇن بىلمەپتىكەنمەن. كىتاپتا يېزىلىپتۇ. بۇقىمۇ
بەزىدە موزايلايدىكەن. بۇ كىشىنىڭ بۇقىسىنىڭ موزايلىغىنى

راست. موزايدا سىنىڭ ھەققىڭ يوق، ماڭ بېرىپ ئىشىڭنى قىل، بۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق مۇتىھەملىك قىلساڭ كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسەن، — دەپتۇ. موزاينىڭ ئىگىسى سۆز ياندۇرۇشقا جۇرئەت قىلالماي گەدىنىنى قاشلاپ، ئىككى كۆزىنى ياشلاپ، ھەسرەتلىك تىنىپ ئاستا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇقا ئىگىسىمۇ خوشال بولۇپتۇ. چوڭ قەدەملەر بىلەن تالاغا مېڭىپتۇ-يۇ، قازىغا قوينىدىكى ياغلىقنى بەرمەپتۇ. قازى ھاپىلا-شاپىلا كىچىك ئوغلىنى:

— ئاۋۇ ئىگىنىز كىشىدە بىر ئاق ياغلىق بار. «دادام بەرسۇن دىدى» دەپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

ئوغۇل بېرىپ ھېلىقى ئىگىز ئادەمنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ، «ياغلىقنى بېرىڭ» دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇقىنىڭ ئىگىسى ياغلىقنى بېرىپ كەينىگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ. بالا ياغلىقنى دادىسىغا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. قازى «بىر ياغلىق تىللاغا ئىگە بولدۇم» دەپ شاتلىنىپ قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ. ياغلىقنى باغرىغا بىرنەچچە قېتىم بېسىپتۇ. ئاندىن ئېچىپ قارىغان ئىكەن، ياغلىقتىكى قېتىپ كەتكەن موزاي تېزەكلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ. قازى يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ، تاتىرىپ كېتىپتۇ. نىمە قىلىشىنى بىلمەي بۇتتەكلا تۇرۇپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ قىزىقارلىق ۋەقە ئەلگە ئاشلىنىپ، سۆز-چۆچەك بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇقىنىڭ ئىگىسى ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ قازىنىڭ پارىخورلۇقىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي قازىنى مات قىلىش ئۈچۈن موزاينى «مىنىڭ» دەپ قازىنىڭ ئالدىغا دەۋاغا بارغان ئىكەن، ئۇ قايتقاندىن كېيىن موزاينى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئەل-جامائەت ئارىسىدا قازىنى راسا پاش قىلىپتۇ. قازى شۇ قېتىملىق سوراقتىن كېيىن جامائەت ئارىسىدا باش كۆتىرەلمەس بولۇپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا كۆكچى مەھەللىدىكى: سوپاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ خوتۇننىڭ كاراممىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قىرىق ئايالى بار ئىكەن. بۇ پادىشانىڭ مالۇ - دۇنياسى كۆپ، قول ئۇزۇن ئىكەن. ئەمما بىرمۇ بالىسى يوق ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشا ئۇۋغا چىقىپ سىرتتا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قاپتۇ. قىرىق ئايالى بىردىن قىرىق ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىش خوشال بولۇپتۇ. بىراق كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىپ قاپتۇ. پادىشانىڭ ئوتتۇز توققۇز ئايالى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ ئەرگە تېگىۋاپتۇ. پادىشانىڭ چوڭ ئايالى ناھايىتى سادىق ئايال ئىكەن. ئۇ پادىشانى ۋە قىرىق ئوغۇلنى بېقىپ ھېچيەرگە بارماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شاھقا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، روزىغار بىر يەرگە بېرىپ قالدى. تاپاۋەتمۇ يوق. بۇنىڭ ئامالىنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

پادىشا:

— مېنىڭ شەھەردە نۇرغۇن ئاغىنىلىرىم بار. مەندىن كېيىن قالساڭلار شۇلار سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. خانىش چوڭ ئوغلى ھەسەنگە ئۆكىلىرىنى بېقىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئۆزى ئازراق بىرنەرسە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن پادىشانىڭ ئاغىنىلىرىنىڭكىگە بېرىپتۇ. دەسلەپ ناۋاينىڭ دۇكىنىغا بېرىپتۇ. ناۋاي «كەللىمۇ؟» دەپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋېرىپتۇ.

خانىش «كېتەي» دەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا، ناۋاي تونۇردىن بىر كۆمەچنى ئېلىپ خانىشنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. خانىش كۆمەچنى ئېلىپ قاسساپنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قاسساپمۇ ناۋايغا ئوخشاش «كەلدىڭمۇ؟» دەپ قويۇپلا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. خانىش «مەن كېتەي» دەپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇ بىر ياغلىقتا تۇخۇمدەك گۆشنى تۈگۈپ خانىشقا بېرىپتۇ. خانىش يىغلىغۇدەك بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە «پادىشا بار چاغدا بۇلار ئۆيىگە بارسا قوي - كالا ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلغان ئىدۇق. ئەمدى كۆرمەيدىغانمۇ بۇ ئىشنى» دەپتۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى مۆھۈر-دارنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. مۆھۈردار بىرمۇنچە پۇلنى ساناۋاتقان ئىكەن. خانىشنى كۆرۈپ «كەلدىڭمۇ؟» دەپ قويۇپ، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋېرىپتۇ. خانىش پادىشانىڭ ئاغىنىلىرىدىن رەنجىگەن هالدا ئۆيىگە قايتىپ ئوغلىغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە باشقىچە بىر ئىش تۇتماقچى بولۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خانىش يۈزلىرىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، ناۋاينىڭ دۇكىنىغا بېرىپتۇ. ناۋاي خانىشنى تونۇماي، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ - دە:

— كەچتە ئۆيلىرىگە بارغىلى بولامدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولىدۇ. بارغىلى بولمامدىغان! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ خانىش.

ناۋاي بۇ گۈزەلنىڭ ئۆيىنى سورىغان ئىكەن، خانىش ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئىلگىرى كۆيۈك نان بەرگەن ناۋاي ئەمدىلىكتە ناندىن بىرنەچچىنى ۋە نۇرغۇن پۇل بېرىپ يولغا ساپتۇ. خانىش پىشۇرۇلغان گۆش نان ۋە كۆپرەك پۇل ئېلىپ بېرىشنى جېكىلەپ قويۇپ، توپ - توغرا قاسساپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپتۇ. قاسساپمۇ خانىشنى راسا مېھمان قىپتۇ. نۇرغۇن پۇل بېرىپ يولغا ساپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاسساپمۇ «ئۆيلىرىگە بېرىشقا بولامدىكىن؟» دەپ سورىغان ئى
كەن، خانىش بېرىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە كۆپرە
گۆش، پۇل ئالغاچ بېرىشنى جېكىلەپتۇ. خانىش ئاخىرىدا مۆھۇ
دارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغىمۇ چاخچاق قىلىپ قويغان ئىكەن
مۆھۈردار خوشال بولۇپ، نۇرغۇن پۇل بېرىپ:

— ئۆيلىرىگە بارغىلى بولامدىكىن؟ — دەپ سوراپتـ
خانىش ئۇنىڭغىمۇ «ۋاي بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

كەچ كىرگەندە ھەممىدىن بۇرۇن قاسساپ خانىشنىڭ ئۆيىگـ
كەپتۇ. ئۇ نۇرغۇن ئالتۇن كۈمۈش ۋە گۆش ئالغاچ كەلگە
ئىكەن. خانىش قاسساپنى ئۆيگە كىرگۈزۈپ، قاسساپنىڭ ئېيتمىـ
ۋە مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى ئوغلىغا تاپشۇرۇپ
كىرسە، قاسساپ يېتىشقا تەييار بولۇپ تۇرغان ئىكەن. خانىش:

— سىلە ياتسىلا. مەن بۇ قولۇمدىكى ياغلىقنى توقۇپ
بولۇپ ئاندىن ياتاي، ئاز قالدى، بىردەم تەخىر قىلىپ تۇ
سىلا، — دەپتۇ. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن بىرسى دەرۋازى
چالاقشىتىپ ۋاقىراپتۇ. خانىش قاسساپقا:

— ئىش بولمىدى، ئېرىم كېلىپ قالدى، تېزدىن قاچ
سىلا، — دىگەن ئىكەن، يالىڭاچ ياتقان قاسساپ ھاپىلا - شاپىـ
تامبالنى كىيىپلا باغنىڭ ئىشىكى ئارقىلىق قېچىپ، ئەسكى بىـ
ئۆيگە بېرىۋاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ناۋاي كەپتۇ. ئۇمۇ نۇرغۇن
مال - مۈلۈك ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. خانىش ناۋايىنمۇ قاسساپنى
جايلىغاندەك جايلاپتۇ. تاڭ ئاتاي دىگەندە مۆھۈردار كەپتۇ
خانىش ئۇنىمۇ قاسساپ - ناۋايىنى جايلىغاندەك جايلاپتۇ. ناۋايمۇ
مۆھۈردارمۇ ھېلىقى ئەسكى ئۆيگە بېرىپتۇ. ئۇچەيلەن بىر بىر
دىن قورقۇپ ئۇزاق ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئاخىرى تونۇشۇپ، ئەھۋاللىشىپ
ئاپالدىن ئۈچ ئېلىش قارارىغا كەپتۇ. ناۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىـ
كىيىم - كېچەك كىيىشىپ، خانىشنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇلار تامـ

تېشىپتۇ. تېشىلگەن تۆشۈكتىن ئالدى بىلەن ناۋاي كىرىپتۇ. تەييار بولۇپ تۇرغان خانىش ئۇنىڭ قولىغىنى كېسىۋاپتۇ. ناۋاي چاندۇرماي چىقىپ قاساپنى كىرگۈزۈپتۇ. خانىش ئۇنىڭ بارمىقىنى كېسىۋاپتۇ. قاساپمۇ چاندۇرماي قايتىپ چىقىپ، مۆھۈردارنى كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن كىرىشتىن قورقۇپ كەينى بىلەن كىرمەكچى بولۇپ، كامارغا كاسىسىنى تىققان ئىكەن. خانىش ئۇنىڭ كاسىسىغا تازا قىزىغان تۆمۈرنى يېقىپتۇ. مۆھۈردار ۋاي-جانلاپ كېتىپتۇ. قاساپ، ناۋاي، مۆھۈردار بۇ شەھەردە ياشاشتىن نومۇس قىلىپ باشقا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. خانىش ئوغلى بىلەن بىللە ئۇلارنى شەھەرمۇ - شەھەر ئىزلەپتۇ. مەلۇم بىر شەھەرگە كېلىپ ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئاڭلاپتۇ. بىر دەڭگە چۈشۈپ دەڭچى ئايالغا:

— بىزنىڭ ئۈچ قولىمىز بار ئىدى. بالامنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار قېچىپ كەتتى. بىز شۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كەلگەن، ئىدۇق، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دەڭچى ئايال:

— ئۇلارنىڭ بىرەر يېرىدە بەلگىسى بارمىدى، — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇلارنىڭ بەلگىسى بار. بىرىنىڭ بىر قولىغى يوق. بىرىنىڭ بىر بارمىقى يوق. بىرىنىڭ كاسىسىغا تامغا بېسىلغان. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ خانىش. دەڭچى ئايال خانىشقا ياردەملىشىپتۇ. ئۇلار ئاخىر قاساپ، ناۋاي، مۆھۈردارنى تېپىپتۇ. لېكىن ئۇ ئۈچى خانىشنىڭ قوللىرى ئىكەنلىكىنى رەت قىلىپتۇ. خانىش ئۇلارنى شۇ شەھەرنىڭ قازىخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ قازىغا:

— بۇ ئۈچى مېنىڭ قوللىرىم ئىدى. قېچىپ مۇشۇ شەھەرگە كېلىۋالغان ئىكەن. ئىزلەپ كېلىپ تاپقان ئىدىم. ئەمما بۇلار تېنىۋېلىپ كەتكىلى ئۇنۇمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ ۋە قازىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلارنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. بەلگىلەرنى كۆرگەن قازى «سىلەر چوقۇم بۇ ئاياللىڭ قۇللىرى ئىكەنسىلەر» دەپ ئۇ ئۈچىنى خانىشقا قوشۇپ قويۇپتۇ. خانىش ۋە ئوغلى ئۇلارنى باغلاپ ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كەپتۇ. خەلقى ئالەم ئىچىدە سازايى قىلدۇرۇپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ. ھەسەن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشا بولۇپتۇ. ئاتىسىدىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتكەن ئاياللارنى تاپتۇرۇپ كېلىپ قاتتىق جازالاپتۇ. خەلقنى بولسا ئادىللىق بىلەن سوراپ ئاتىسىنىڭ روھىنى خوش قىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ناھىيە ياقا گۇڭشې سېغىن سۆگەتتىكى نىياز ئەرشى

## شاھزادە ھەسەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ھەسەن ئىسىملىك ناھايىتى ھەۋەسخۇمار بىر ئوغلى بار ئىكەن. ھەسەن ياش قورامىغا تولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي: «يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئاتام مېنى ئۆيلەپ قويسا» دەپ، بىر ۋەزىرنى ئاتىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئەگەر ئوغلۇم ئۆيلىنىمەن دىسە ئۆزىنىڭ ئىختىيارى، ئۇ قانداق يەردىن قىز تاپسا مەن شۇ يەردىن ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئاتام ماڭا دۇلدۇل بەرسۇن، — دەپتۇ ھەسەن. پادىشا ئوغلىغا يەتتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسىدىغان دۇلدۇلنى بېرىپتۇ. ھەسەن دۇلدۇلنى مىنىپ شۇنداق مېڭىپتۇكى، ئەيھاناس، ئاتنىڭ مېڭىشىدىن چىققان شامالدا قۇلاقلىرى ۋىژىلداپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق مېڭىپ يەتتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە بېسىپ بىر يەرگە كەلسە ئالدىغا بىر قىز ئۇچراپتۇ. ھەسەن قىزغا:

— سىڭلىم، ماڭا بىر ئۇسسىزلىق بەرسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ. قىز:

— ئۇسسىزلىق ئىچمەن دىسىڭىز ئۆيگە مەرھەمەت قىلغايسىز، — دەپتۇ. ھەسەن قىز بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدە يەتتە يىگىت ئولتۇرغان ئىكەن. ھەسەن سالام بەرگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالام قايتۇرۇپ، ھەسەننى تۆرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە ھەسەندىن سوراپتۇ:

— ئۆزلىرى نەدىن ۋە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىلە؟

— مەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن لايىق ئىزلەپ يەتتە ئايلىق يەردىن كەلدىم، — دەپتۇ ھەسەن.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن بىر كېچە بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ ئەتە مېڭىڭ. — دەپ تۇرۇۋاپتۇ قىز. ھەسەن ماقۇل بولۇپ قىزنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ. كەچتە قىز ھەسەنگە مۇنداق ھېكايە سۆزلەپ بېرىپتۇ:

دادىمىز بۇرۇن چوڭ ئىش تۇتقان دىيانەتلىك ئادەم بولۇپ، بىزنىڭ كىچىكچەكلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن مۇشۇ تاغ ئىچىگە بىرقانچە ئۆي سالدۇرۇپ ئۆمرىدە يىققان بارلىق روزىغارىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. دادىمىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەتتە ئوغۇل بىر قىز مۇشۇ يەردە ياشاۋاتىمىز. ھازىر بىزنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قىلىدىغان ئىشىمىز دىۋىلەر بىلەن ئېلىشىش. بىز دىۋىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردۇق، يەتتە باشلىق بىرلا دىۋە قالدى. ئەمما بىز بۈگۈن ئۇنى يوقاتساق ئەتىسى تىرىلىپ، كۆپىيىپ بىرقانچە بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىۋاتقىنىمىزغا بىرقانچە يىل بولدى. يا ئۇلار بىزنى يوقىتالمىدى، يا بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمىدۇق.

ھەسەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىز ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرىغا:

— ئۇنداق بولسا سىلەر ھەرگىز غەم ئەندىشە قىلماڭلار. بۈگۈن كېچە خاتىرجەم ئۇخلاڭلار، دىۋىلەر بىلەن مەن بىر ئېلىشىپ باقاي، — دەپتۇ. ئۇ شۇ كېچىسى دىۋىلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ ئاخىرى ھەممە دىۋىنى يوقىتىپ قايتىپ كەپتۇ ۋە:

— ئەمدى دىۋىلەر پۈتۈنلەي تۈگىدى. سىلەر ھەرگىز غەم قىلماڭلار. مەن يولۇمنى داۋام قىلاي، — دەپتۇ. ئوغۇللارنىڭ

بېرى ھەسەنگە:
— سىڭلىمىزنى سىلىنگە نىكا قىلىپ قويساق قانداق قارايلا؟ — دەپتۇ.
— مەن يەنە بىر يەرگە بارماقچى ئىدىم. شۇ يەرگە بېرىپ قايتقىنىمىزدا قىزنى ئېلىپ كەتسەم، ھازىر نىكا قىلىپ قويساڭلار، — دەپتۇ ھەسەن.
بۇلار ھەسەننىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. ھەسەن ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ بىر يەرگە كەلسە يەنە بىر قىز ئۇچراپتۇ. ھەسەن ئۇنى كۆرۈپ:
— بىر ئۇسسىزلىق بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ. قىز ھەسەننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇلار ئۆيدە ئۇزۇن پاراڭلىشىپتۇ. ھەسەننىڭ كۆڭلى قىزغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ قىزغا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇش تەلىپىنى قويۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز:
— ئەي يىگىت، مېنىڭ يالغۇز ئاتام بار. ئۇ بۈگۈن سەھەردە ماال باقىلى چىقىپ كەتكەن ئىدى، ئاخشاملىققا قايتىپ كېلىدۇ. مەن ئاتامدىن رازىلىق ئېلىپ ئاندىن سىزگە جاۋابىنى بېرەي، — دەپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، مەن ئاتامنى يوقلاپ كەلگەچ ئۇلارنى ئۆزەمگە لايىق تاپقانلىقىمدىن خەۋەردار قىلاي، — دەپتۇ ھەسەن.
— ئۆيىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.
— ئۆيۈم يەتتە ئايلىق يىراقلىقتا، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسەن:
— ئۇ يەرگە قاچان بېرىپ كېلىسىز؟
— بۇ دۇلدۇل بىلەن بىر كۈندە بارىمەن، ئەتە كېلىمەن.
ھەسەن قىزدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن دۇلدۇلغا مىنىپتۇ - دە بىر قامچا سالغان ئىكەن، دۇلدۇل ئالغا ئۇقتەك ئېتىلىپتۇ. ھەسەن بىر كۈندىلا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە بولغان

ئىشنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ، پادىشا:
— ئانداق بولسا ئاپالىڭنى ئېلىپ كەل، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ.
ھەسەن يەنە ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قارىسا قىز يوق. «بۇ قانداق گەپ؟» دەپ ئويلىنىپ يۇقۇرىغا قارىسا دەرەخ ئۈستىدە بىر ياغلىق تۇرغۇدەك. ھەسەن ئوق ـ ياسىنى ئېلىپ شۇنداق ئېتىپتىكەن، ياغلىق يەرگە چۈشۈپتۇ. ياغلىقنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭغا: «ئەي يىگىت، مېنى پالانى پادىشا زورلۇق بىلەن ئۆز ئوردىسىغا ئېلىپ كەتتى، مېنى ئەنە شۇ يەردىن تاپىسىز» دىگەن خەت يېزىلغان ئىكەن. ھەسەن دۇلدۇلنى مىنىپ شۇ شەھەرگە مېڭىپتۇ. ھەسەن شەھەرگە بېرىپ يىگىلى ھېچنەرسە تاپالماپتۇ. ئۇ كوچا ئايلىنىپ بىر دوقمۇشقا كەلسە بىر قېرى موماي چاق ئىگىرىپ ئولتۇرغۇدەك، ھەسەن مومايدىن:
— ئانا، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي:
— ئەي ئوغلۇم، پادىشا يېقىندا بىر قىزنى ئالماقچى بولۇپ ئەكەلگەن ئىدى. بىراق ئۇ قىز زادىلا كۈلمەي، يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشا: «ئەگەر كىم بۇ قىزنى كۈلدۈرەلىسە بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمەن» دەپ پەرمان چۈشۈردى. شەھەردىكى ئادەملەر شۇيەرگە كەتتى. تېخىچە بىر ئادەم ئۇ قىزنى كۈلدۈرەلمىدى، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەسەن:
— ئەي ئانا، سىز ئۇ قىزنى كۈلدۈرەلەيسىز، — دەپتۇ. موماي:
— ۋاي ئوغلۇم، يوقىلاڭ گەپنى قويغىن، پۈتۈن شەھەردىكى ئادەملەر كۈلدۈرەلمىگەن قىزنى مەن قانداقمۇ كۈلدۈرەلەيمەن؟ — دەپتۇ.
ھەسەن يانچۇغىدىن ياغلىقنى ئېلىپ:
— ئانا، مۇشۇ ياغلىقنى كۆرسەتسىڭىز ئۇ قىز چوقۇم كۈ-

لىدۇ، — دەپتۇ.

موماي ياغلىقنى ئېلىپ قىزنىڭ يېنىغا قاراپ مېڭىپتۇ. يىگىت موماينىڭ ئۆيىدە قاپتۇ.

موماي ئوردىغا بېرىپ پادىشاغا:

— قىزنى مەن كۆلدۈرىمەن، ئەمما، بىر شەرتىم بار، شەرتىم شۇكى، ئوردىدىكى ھەممە ئادەم چىقىپ كەتسۇن، — دەپتۇ.

— ئەگەر كۆلدۈرەلىسىڭىز سىز بۇ قىزغا ئانا بولىسىز، — دەپتۇ پادىشا ۋە پۈتۈن خالايىقنى ئوردىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. موماي قىز بىلەن ئۆيدە يالغۇز قالغاندىن كېيىن يانچۇغىدىن ھېلىقى ياغلىقنى چىقىرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قىز شۇنداق كۆلۈپتۇكى، ئوردا ئىچى جاراڭلاپ كېتىپتۇ. پادىشا بۇ بۇلبۇل گويانىڭكىدەك ئاۋازنى ئاڭلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز ھەممە سورۇندا خوشال - خورام يۈرىدىغان بوپتۇ. پادىشاغىمۇ خۇش مۇئامىلە قىلىدىغان بوپتۇ ۋە پادىشاغا:

— ئەي پادىشاھىم، بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە قىز يىگىت بىلەن بىر تەكىيگە باش قويۇشتىن ئون كۈن بۇرۇن ئون كۈن چارباغدا تۇرىدۇ، شۇڭا ئون كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىڭىز، قىرىق قىز بىلەن چارباغدا سەيلە قىلسام، — دەپتۇ. پادىشا بۇ تەكلىپكە چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ تەييارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. موماي:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۈگۈندىن باشلاپ ئۆچ كۈنگىچە ھەرقانداق ئادىمىزات، بولۇپمۇ ئەركەكلەر ئۆيدىن تالاغا چىقمىسۇن، ھەتتا ئەركەك چىۋىنمۇ ئۇچۇپ يۈرمىسۇن، نامەھرەم بولىدۇ. يەنە بىر گەپ، سىز مىنىدىغان دۇلدۇلنى ھارۋىغا قېتىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. پادىشا ھەممە تەلەپكە كۆنۈپ موماي ۋە قىز دىگەن نەرسىلەرنى شۇئان تەل قىلىپ بېرىپتۇ. قىز باغقا كىرىپتۇ. موماي: «ئۆيىنى يوقلاپ كېلەي» دەپ ئۆيىگە بېرىپتۇ. يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بۈگۈن بىز چارباققا بارىمىز. شۇڭا سىز باغنىڭ ئارقا ئىشىگىگە بېرىڭ، بەك بالدۇر بولمىسۇن، كېيىنمۇ بولمىسۇن، دەل كۆز باغلانغان مەزگىلدە بارغايسىز، — دەپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. يىگىت بەك خۇرسەن بوپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. يىگىت موماينىڭ گېپى بويىچە كۆز باغلانغاندا باغنىڭ ئارقا ئىشىگىگە بارسا قىز دۇلدۇلنى تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن، شۇئان ئىككىسى بىردىن ئىككى دۇلدۇلغا مىنىپ قېچىپ، ھەسەن بۇرۇن نىكا قىلىپ قويغان قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئەتىسى پادىشا قىزنىڭ يوقالغانلىقىنى ئاڭلاپ كالىلىسى پېقىراپ، گەپ - سۆز قىلالماي گۆرۈستانغا سەپەر ئەيلەپتۇ. پادىشالىق بىر ئادىل كىشىگە قاپتۇ.

ھەسەن ئىككى قىزنى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە بارسا ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، باشقا بىرەيلەن پادىشا بولۇپ يۇرتنى سوراۋاتقان ئىكەن. ھەسەننىڭ ئىككى خوتۇن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى ھەسەننى مۇبارەكلەپ كىرىپتۇ، پادىشا قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك قىزلارنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولۇپتۇ، ئەتىسى پادىشا بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى چاقىرىپ:

— ئەگەر ھەسەننىڭ ئىككى ئايلىنى مەن ئالمىسام ھايات كەچۈرەلمەيمەن. بۇ ئىشقا بىرەر چارە كۆرسەتمىسەڭلار ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن، — دەپتۇ. پادىشانىڭ غەزىۋىدىن قورققان ۋەزىرلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ھەسەننى يوقىتىش ئۈچۈن چارباققا ئۆتىدىغان كۆۋرۈككە زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان مىخلارنى قېقىپ قويۇپتۇ. بۇنى ھەسەننىڭ ئىككى ئايالى سېزىپ قېلىپ:

— ئەي يىگىت ئەتە باغ سەيلىسىدە سىزنى ئۆلتۈرۈشمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئەتە بىز مېڭىڭ دىگەن يول بىلەن

مېنىڭ، ئەگەر كۆۋرۈك بىلەن ماڭسىڭىز پۇتىڭىزغا زەھەرلەنگەن مىخ كىرىپ ئۆلىسىز. — دەپتۇ.

ئەتىسى ھەسەننىڭ ئاياللىرى ئۇنى باقا باشقا يول بىلەن ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشا ۋە باشقىلار ئامالسىز قاپتۇ. ھەسەننى ئۆلتۈرەلمىگەن پادىشا تېخىمۇ قەبىھلىشىپ ھەسەننى كېچىدە تۇتۇپ باغلاپ، ئاغزىغا ماز تىقىپ، بىر چۆلگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئەتىسى ئاياللىرى ئويغىنىپ قارىسا ھەسەن يوق، ئۇلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرغاندا ۋەزىر كىرىپ:

— ئۆزەڭلارنى پادىشاغا قوبۇل قىلامسىلەر؟ — دەپتۇ. ئاياللار:

— بىز ئۆزىمىزنى پادىشاغا قوبۇل قىلماي كىمگە قوبۇل قىلاتتۇق، پادىشا بىزنى ئۆزىگە قوبۇل قىلسا بىز مىڭ مەرتەم قوبۇل قىلىمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ۋەزىر ئۇلارنىڭ سۆزىنى پادىشاغا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا خۇشال بولۇپ قىزلار بىلەن كۆرۈشۈشكە بەكمۇ ئالدىراپتۇ. شۇ چاغدا قىزلار كىرىپ پادىشاغا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىزنىڭ يۇرتتا قىز يىگىت بىلەن بىر تەكىيگە باش قويۇشتىن ئون كۈن بۇرۇن چارباغدا قىرىق قىز بىلەن ئون كۈن ئويناپ - كۈلىدىغان قائىدە بار ئىدى، شۇڭا ئون كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

ئەسلىدە، بۇ پادىشانىڭ قورال - ياراق ساقلايدىغان ئامبىرى چارباغدا ئىكەن. پادىشا چارباغنى ساقلاۋاتقان بارلىق ياساۋۇللىرىنى چىقىرىۋېتىپ باغنى قىزلارغا بوشىتىپ بېرىپتۇ. قىزلار باققا كىرگەندىن كېيىن باغنىڭ ئىشىگىنى مەھكەم تاقاپ، ئۇچار قاناتمۇ كىرەلمەيدىغان قىلىۋېتىپتۇ. قىزلار ئامباردىن قورال - ياراقلارنى ئېچىقىپ بەش - ئالتە كۈن جىددى مەشق ئېلىپ بېرىپتۇ - دە، پادىشاغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپتۇ. پادىشانىڭ ئەسكەرلىرى قورال - ياراق بولمىغاچقا قولىغا نىمە چىقسا شۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ باغدا تۇرۇۋاتقان قىزلارغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. قىزلار سېپىل ئۇستىگە چىقىۋېلىپ ئوق - يا ئېتىپ، پادىشا ئەسكەرلىرىنى پۇتۇنلەي قىرىپ تاشلاپتۇ. پادىشا يېزىغا ئەسكەر ئېلىش ئۈچۈن ئادەم بۇيرۇپتۇ. پادىشا ئادەملىرى مەلۇم يېزىغا كېلىپ بىر ئۆيگە كىرسە بىر بوۋاي تۇرغان. ئۇلار:

— ھەي قېرى، ئوغلۇڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر ئوغلۇم بار، — دەپتۇ بوۋاي. ئۇلار بوۋاينىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. تۇتۇلغان بۇ ئوغۇل ھەسەننىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. ھەسەن ئۆزىنىڭ نىمە سەۋەپتىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلىقىنى ئالىقاچان بىلىپ بولغان ئىكەن. پادىشانىڭ يېڭى ئەسكەرلىرىگە بىر باشلىق لازىم بوپتۇ. ھېچكىم باشلىق بولۇشقا ئۇنىماپتۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ھەسەن «مەن باشلىق بولاي» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. ھەسەن ئەسكەرلەرگە قوماندان بولۇپ قىزلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولۇپتۇ. چارباغنىڭ سېپىلى تۈۋىگە بارغاندا ئەسكەرلەرگە ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئاخىر مەلىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، پادىشانى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ. پادىشا ئۆزىنى قانداق جازالىغان بولسا، ئۇنىمۇ شۇنداق جازالاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن پادىشا بولۇپ ئاياللىرى بىلەن بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ناھىيە ياقا گوڭشې تاخماقتىن: جامال شېرىپ.

# ئەجمەن باتۇر

بۇرۇن بىر پادىشانىڭ قىرىق ئوغلى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ
ئەڭ چوڭى ئەللىك ياشقا، كىچىكى ئوتتۇز ياشقا كىرگىچىلىك
ئۆيلەنمەپتۇ. چۈنكى بۇ پادىشا «قىرىق قىزى بار پادىشانى تاپ-
مىغۇچە ئوغۇللىرىمنى ئۆيلىمەيمەن» دەيدىكەن. ئاقىۋەت بۇ پادىشا
قىرىق قىزى بار پادىشا تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. بىرقانچە كۈن
يول يۈرگەندىن كېيىن مەلۇم بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ - دە،
پادىشا ئوردىسىغا بېرىپتۇ. ئۇ قارىسا دەرۋازا ئالدىغا قىرىق ئاچ-
قۇچ ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. شۇڭا ئۇ «مۇشۇ پادىشا بىلەن بىر
كۆرۈشەي» دەپ ئوردا ئىچىگە مېڭىپتىكەن، دەرۋازىۋەن كىرگۈز-
مەپتۇ. قىرىق ئوغۇللۇق پادىشا دەرۋازىۋەنگە مۇشۇ شەھەرنىڭ
پادىشاسى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دەرۋازىۋەن
ئوردىغا كىرىپ پادىشانىڭ ماقۇللۇغىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. قىرىق
ئوغۇللۇق پادىشا ئوردىغا كىرىپ تېچ - ئامانلىق سوراشقاندىن
كېيىن ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ
پادىشاسىنىڭ قىرىق قىزى بار ئىكەن. شۇڭا بۇ ئىككى پادىشا-
نىڭ ئويلىغانلىرى بىريەردىن چىقىپ توي ئۈستىدە مەسلىھەت-
لىشىپتۇ. قىرىق ئوغلى بار پادىشا توي تەييارلىقىنى قىلىش
ئۈچۈن ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ. توي تەييارلىقى پۈتكەن-
دىن كېيىن بۇ پادىشا بىر ئوغلىنى شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ
قالغان ئوتتۇز توققۇز ئوغلىنى ئېلىپ قىزلارنىڭ شەھىرىگە را-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋان بوپتۇ. قىرىق قىزلىق پادىشانىڭ شەھىرىگە كېلىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپتۇ. قىرىق قىزلىق پادىشا قارىسا ئۆزىنىڭ بىر قىزىغا لايىق كەملەپ قالغان. شۇڭا ئۇ قىرىق ئوغۇللۇق پادىشادىن سوراپتۇ. قىرىق ئوغۇللۇق پادىشا:

— بىر ئوغلۇم شەھەرنى ساقلاشقا قالدى. ئۇنىڭ تويىنى شەھەرگە قايتقاندا قىلساق، — دەپتۇ.

قىرىق قىزلىق پادىشا بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ ۋە قىرىق ئوغۇللۇق پادىشا يولغا چىقىش ئالدىدا:

— سىلەر يولدا ئوتى بىلەن سۈيى مول، مۇنبەت يايلاقتا قونۇپ قالماڭلار، — دەپتۇ.

قىرىق ئوغۇللۇق پادىشا خوشلىشىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. يولدا پادىشا ھەممىنىڭ كەينىدە مېڭىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. ئالدىدا ماڭغانلار مۇنبەت، سۈيى، ئوتى مول بىر يايلاققا چۈشۈپتۇ. پادىشا ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ ئامالسىزلىقتا شۇ جايدا قونۇپ قاپتۇ. تەڭ كېچە بولغاندا پادىشانىڭ تۆپىسىگە يوغان بىر نەرسە چىقىۋاپتۇ. پادىشا چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا يوغان بىر ئەجدىھار تۇرغۇدەك. ئەجدىھار:

— سەن مېنىڭ ئالدىغان قىزىمنى ئۆز ئوغلۇڭغا ئېلىپ بېرىپسەن، سەن ئاشۇ ئوغلۇڭنى مېنىڭ قىشىمغا ئەۋەتىپ بېرىشكە ماقۇل كەلسەڭ ئاندىن ئۈستۈڭدىن چۈشىمەن، — دەپتۇ.

پادىشا قورققىنىدىن دىر - دىر تىترەپ ئوغلىنى ئەۋەتىش توغرىسىدا قەسەم قىلىپ، تاڭ ئاتقاندا ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ شەھەرگە كېلىپ ئوتتۇز توققۇز ئوغۇل - قىزنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاردىن ئون كۈن ئۆتۈپتۇ. ئەمما، پادىشا شەھەرنى ساقلاش ئۈچۈن قالغان ئوغلىنىڭ نىكايىنى ئۇنۇتماپتۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى ئەجمەن ئىكەن. ئۇ ئىشنىڭ تېگىنى ئاتىسىدىن سوراپتۇ. پادىشا يولدا بولغان ئىشلارنى بىر -

بەرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:
— مەن سىنى شۇ يەرگە ئەۋەتمەكچى بولدۇم، — دەپتۇ.
ئەجمەن باتۇر يولغا چىقىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ. خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن ئالدىغا ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ:
— ئەي ئوغلۇم نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي. ئەجمەن ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئېيتقاندىن كېيىن بوۋاي:
— ئەي ئوغلۇم سەن ناھايىتى خەتەرلىك يولغا مېڭىپسەن. ئازراق يول ماڭساڭ ئالدىڭغا ئۈچ ئاچا يول ئۇچرايدۇ. سەن قىلۋى تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭ. ئاندىن ناھايىتى مۇنبەت بىر يايلاققا بارىسەن. بۇ يايلاقنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدە بىر هويلا بار. ئەجدىھار شۇ هويلىدا! — دەپتۇ - دە. كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.
ئەجمەن يول يۈرۈپتۇ، ئاخىرى مەنزىلگە يېتىپتۇ. ئۇ هېلىقى يوغان هويلىغا كىرىپ قارىسا يوغان بىر ئەجدىھار ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۇ دەرھال ئەجدىھارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ ۋە:
— مەن دادامنىڭ ۋەدىسى بويىچە كەلدىم، — دەپتۇ. ئەجدىھار:
— ئۇنداق بولسا پىلىس شەھىرىنىڭ پادىشاسىنىڭ بىر قىزى بار. سەن ئاشۇ قىزنى ماڭا ئەكىلىپ بەرسەڭ سەن ئۆز شەھىرىڭگە بىمالال قايتىسەن. — دەپتۇ.
ئەجمەن ئەجدىھارنىڭ دىگىنى بويىچە پىلىس شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋاتسا بىر ئادەم ئۇچراپتۇ:
— سەن نىمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەجمەن:
— مېنىڭ ئىسمىم ئاقساق پولگان. بىرلا موللاق ئاتسام ئۈچ ئايلىق يولنى بىراقلا باسىمەن، — دەپتۇ هېلىقى ئادەم. ئەجمەن «بۇ ماڭا ئەسقاتقۇدەك» دەپ ئۇنى ئۆزىگە هەمرا قىلىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاپتۇ. يەنە بىر يەرگە كەلسە بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەك:

— سەن نىمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجمەن.

— مەن مۇز تۇكۇرەر باتۇرمەن، مەن ھەر بىر تۇكۇرسەم تۇگمەن تىشىدەك مۇز پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ. ئەجمەن باتۇر ئۇنىمۇ ھەمرا قىلىۋاپتۇ. يەنە بىر يەرگە كەلسە ئىككى ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇلاردىنمۇ:

— سىلەر نىمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتىكەن، بىرسى:

— مەن ئوق ئاتار پولگان، — دەپتۇ. يەنە بىرسى:

— مەن تىڭشاك باتۇر، — دەپتۇ.

ئەجمەن ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بەش ئادەم يىلىس شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئەسكەرلەر تۇرىدىغان يەرگە چۈشۈپ ئاقساق پولگاننى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئاقساق پولگان بىر تاخلاپلا پادىشا ئوردىسىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر ئامال قىلىپ پادىشانىڭ يېنىغا كىرىپتۇ - دە:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مېنى ئەجمەن باتۇر «پادىشا قىزىنى بىزگە بېرەمىكىن، ئۇنى ئۇقۇپ كەل» دەپ كىرگۈزگەن ئىدى، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ:

— جاللات! — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئاڭغىچە ئاقساق پولگان بىر تاخلاپلا قېچىپ كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ. ئەجمەن باتۇر-نىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

— يەنە كىر! — دەپتۇ. ئاقساق پولگان يەنە كىرىپتۇ - دە، پادىشاغا:

— ئەجمەن باتۇر «پادىشا قىزىنى بىزگە قاچانلىققا بېرەر-كىن» دەيدۇ، — دەپتۇ. پادىشا يەنە قوغلاپتۇ. ئاقساق پولگان ئۈچىنچى قېتىم يەنە كىرىپتۇ. بۇلاردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن پادىشا:

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ بىر نەچچە شەرتىم بار. سىلەر شۇ شەرتنى ئورۇنلىساڭلار قىزىمنى بېرىمەن. بىرىنچى شەرت، يەتتە ئايلىق يىراقلىقتا بىر بولاق بار. ناماز شام بىلەن مېڭىپ ئەتە ناماز بامداتقىچە شۇ بۇلاقتىن بىر ئاپتۇۋا سۇ ئەكىلىسىلەر، — دەپتۇ. ئەجەمەن باتۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەمگە چۈشۈپتۇ. ئاقساق پولگان:

— مەن باراي ئاغىنىلەر. مەن ئانامدىن تۇغۇلۇپ بىرەر قېتىممۇ ھارغۇدەك يول مېڭىپ باقمىدىم، — دەپتۇ. ئەجەمەن باتۇر ناھايىتى خوشال بولۇپ ئۇنى سۇغا ئەۋەتىپتۇ. ئاقساق پولگان ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ نامازشام بىلەن بۇلاققا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىككى موللاق ئېتىپلا يەتتە ئايلىق يولنى خۇپتەنگىچە بېسىپ بۇلاقتىن بىر ئاپتۇۋا سۇنى ئېلىپ قايتىپتۇ. ئۇ بىر موللاق ئېتىپ تەڭ يولدا يالغۇز بىر چىنارنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپتۇ ۋە «تېخى بالدۇر ئىكەن، بىر ئۇخلىۋېلىپ بارساممۇ ئۈلگۈرەرمەن» دەپ ئويلاپ ئۇخلاپتۇ.

ئەجەمەن باتۇر باشلىق تۆتەيلەن ئاقساق پولگاننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشۈپ تۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتاي دەپ قالغاچقا بۇلار تېخىمۇ غەمگە چۈشۈپتۇ. ئارىدىن تىڭشاڭ باتۇر قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ تىڭشاپ، ئاقساق پولگاننىڭ يېرىم يولدىكى بىر چىنارنىڭ تۈۋىدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. بۇنى ئەجەمەن باتۇرغا ئېيتقان ئىكەن، ئەجەمەن باتۇرئوق ئاتار پولگاننى ئوق ئېتىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوق ئاتار پولگان ئاتقان ئوق ئاقساق پولگان ئۇخلاۋاتقان چىنارنىڭ شېخىغا تېگىپتۇ. بۇنى سەزگەن ئاقساق پولگان چاچراپ ئورنىدىن تۇرسا تاڭ ئاتاي دەپ قالغان. ئۇ بىر موللاق ئېتىپ ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ - دە، پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ سۇنى تاپشۇرۇپتۇ.

پادىشا ئىككىنچى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— مەن يەر ئاستىغا تۆت تېمى تۆمۈردىن قىلىپ بىر ئۆي سالدىم، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوت قالايمەن، سىلەر شۇ ئۆيدە بىر كېچە تۇرالىساڭلار ئاندىن قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باتۇرلار «ئىسسىقتا ئۆلىدىغان ئوخشايمىز» دەپ قورقۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا مۇز توڭكۇرەر باتۇر:

— قورقماڭلار، بۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلىمەن، تېخى سىلەر توڭلاپ قالمىساڭلار مەيلى، — دەپتۇ.

پادىشا ئۇلارنى تۆمۈر ئۆيگە كىرگۈزۈپتۇ. مۇز توڭكۇرەر باتۇر ھەر بىر تامغا قارىتىپ بىر نەچچىنى توڭكۇرگەن ئىكەن، ئۆينىڭ ئىچى مۇزغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا پادىشا قارىسا ئۆينىڭ ئىچىنى تۆگمەن تېشىدەك مۇزلار قاپلاپ كەتكەن. پادىشا بۇنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە قاتتىق ئويغا چۆكۈپتۇ. ۋەزىرلىرىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىرلەر:

— شەھىرىمىزدىكى گۈرۈچنى، قوي، كالىلارنى يىغىپ پولۇ ئېتسىلى، ئۇلار شۇ پولۇنى تۈگىتىپ يېيەلىسە ئاندىن قىزنى بېرەيلى، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ پولۇمۇ پىشىپتۇ. باتۇرلار يەنە قانداق قىلىشنى بىلمەي غەمگە چۆكۈپتۇ. شۇئان ئەجەمەن باتۇر:

— قورقماڭلار ئاغىنىلەر، مەن تۇغۇلغاندىن بېرى بىرەر قېتىم تويغۇدەك تاماق يەپ باقمىدىم. بۈگۈن بىر ئاز تويىدىغان ئوخشايمەن. سىلەر پادىشادىن تۆت گۈرجەك سوراپ ئېلىپ پولۇنى شۇ گۈرجەك بىلەن مېنىڭ ئاغزىمغا سېلىڭلار، — دەپتۇ. شۇئان تۆت باتۇر تۆت گۈرجەكنى ئېلىپ ئەجەمەن باتۇرنىڭ ئاغزىغا نۆۋەت بىلەن پولۇ تاشلىغىلى تۇرۇپتىكەن، بىر دەمنىڭ ئىچىدە پولۇ تۈگەل قۇشقاچ يىگىچىلىك دانمۇ قالماپتۇ. لېكىن ئەجەمەن باتۇرنىڭ قوسىقى تويماپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا قورققىنىدىن:

— بۇلار ئادەم ئەمەس، بالا - قازا ئىكەن. بۇلاردىن قۇتۇلمىساق بولمىغۇدەك، — دەپ قىزنى بېرىپتۇ.

ئەجەن باتۇر ھەمرالىرى بىلەن قىزنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن قوسىغى ئېچىپ توختاپتۇ. ئوۋ ئوۋلاپ قوساقلىرىنى تويغۇزۇشۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بۇ يەر دىۋىلەر ماكانى بولۇپ قىرىق دىۋە ياشايدىكەن. بىر دىۋە قىزنى كۆرۈپ، كېچىدە يەر ئاستىغا ئەكىرىپ كېتىپتۇ. ئەجەنلەر تاڭ ئاتقاندا قارىسا قىز يوق، تىڭ - تىڭلاپ كۆرسە دىۋە يەر ئاستىغا ئەكىرىپ كەتكەن. يەر ئاستىغا ھېچقايسىسى كىرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى ئەجەن باتۇر ئۆزى چۈشۈپتۇ. دىۋە بىلەن ئېلىشىپ دىۋىنىڭ ئالتە بېشىنى كېسىپ بىر بېشى قالغاندا، دىۋە قۇشقاچقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەجەن باتۇر قىزنى ئاغامچىغا باغلاپ يۇقۇرىدىكىلەرگە «تارتىڭلار» دەپتۇ. ئۇلار قىزنى تارتىپ ئېلىپ ئەجەن باتۇرنى تارتىۋالماي ئاغامچىنى يەر ئاستىغا تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ. ئەجەن باتۇر يەر ئاستىدا ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلسە بىر دېخان خامان تېپىۋاتقۇدەك، ئۇ دېخاندىن نان سوراپتۇ. دېخاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ھازىر ئۆزەمگە يېگىلى نان يوق، ساڭا نەدىكى نان، — دەپتۇ. ئەجەن باتۇرنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ:

— ئەگەر ماڭا نان بەرمىسەڭ خامىنىڭدىكى ئاشلىقىڭنىڭ ھەممىسىنى يەۋېتىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دېخان قورقۇپ ئەجەن باتۇرغا بىر نەچچە نان ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. ناننى يەپ بولغان باتۇر دېخاندىن بىر كەتمەن سوراپتۇ. ئۇ كەتمەننى ئېلىپ، دىۋىلەر دەرۋازىسىغا بارغۇچە ئورەك كولاپ تاڭ ئاتقاندا دەرۋازا تۈۋىدە ماراپ تۇرۇپتۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن دىۋىلەر سىرتقا چىقىپتىكەن ئەجەن باتۇر بىر - بىرلەپ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئۇ دىۋىلەرنى يوقىتىپ بولۇپ ئىچكىرى كىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قارىسا قىرىق دانە ئاچقۇچ تۇرغۇدەك. ئەجمەن باتۇر ئاچقۇچنى ئېلىپ ئۆيلەرنى ئېچىپ قارىسا ھەر بىر ئۆيدە سانجاق ـ سانجاق ئادەم تۇرغۇدەك. بۇ ئادەملەر ئەجمەن باتۇرنى كۆرۈپ، «مەن ئۇرۇق، سەن سېمىز» دەپ نالە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەجمەت باتۇر بۇلارنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەندىن كېيىن:

— مەن دىۋە ئەمەس، بۈگۈندىن باشلاپ سىلەر ئەركىنلىككە چىقتىڭلار، — دەپ ئۇلارنى ئازات قىلىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئۈستۈنكى ئالەمگە چىقالايدىغان جانۋار بارمۇ؟ ئۇلار بىردەك:

— سۇرمە قۇشتىن باشقا ھېچنەرسە چىقالمايدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— سۇرمە قۇش قەيەردە تۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ باتۇر.

— سىز كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭسىڭىز بىر توپ چىلان دەرىخى ئۇچرايدۇ. سۇرمە قۇش ھەر يىلى شۇ چىلان ئۈستىگە ئۇۋا سېلىپ بالا چىقىرىدۇ، — دەپتۇ ئۇلار.

يىگىت دىگەندەك بېرىپ قارىسا، يوغان بىر چىلان دەرىخىنىڭ ئۈستىدە سۇرمە قۇشنىڭ ئىككى بالىسى تۇرغۇدەك. پەستە يوغان بىر ئەجدىھار قۇشنىڭ بالىلىرىغا تەلمۈرۈپ تۇرغۇدەك. ئەجمەن باتۇر زۇلپىقار بىلەن ئەجدىھارنى ئۆلتۈرۈپ، سۇرمە قۇشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپتۇ. سۇرمە قۇش ئەجمەن باتۇرنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئۈستۈنكى ئالەمگە ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. ئەجمەن باتۇر ھەمراللىرىغا يېتىشىپتۇ. قارىسا بىر قىزنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ تۆت باتۇرنىڭ ئىككىسى ئۆلگەن. ئۇ قالغان ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى ئېلىپ ھېلىقى ئەجدىھارغا ئاپىرىپ بېرىپ ئۆز شەھىرىگە راۋان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ناھىيە ياقا گۇڭشېدىن: جامال شىرىپ

## تەخەي يىگىت

بۇرۇن بىر موماي بىلەن بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار سەكسەن ياشقا كىرگىچە بىرمۇ پەرزەنت كۆرمەپتۇ. سەكسەن ياشقا كىرگەندە موماي بىر قارا تەخەي تۇغۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ. بۇ ئىككىيلەن نائىلاج تەخەينى بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ. بىر كۈنى بوۋاي تەخەينى يېتىلەپ بازارغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، تەخەي بىر سودىگەرنىڭ قولىدىكى چىرايلىق پىچاقنى كۆرۈپ بىردىنلا زۇۋانغا كىرىپتۇ ـ دە:

— ئەي دادا، ئاشۇ پىچاقنى ماڭا ئېلىپ بەرسەڭ؟، — دەپتۇ. بوۋاي ناھايىتى خوشال بولۇپ كېتىپ پىچاقنى سودىگەرنىڭ دىگىنى بويىچە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بوۋاي ھەيران بولۇپ:

— سەن پىچاقنى نىمە ئۈچۈن ئالدۇرسەن؟ — دەپتۇ. تەخەي بۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەپتۇ.

ئاشۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاسى بولۇپ، ئۇ پادىشانىڭ ناھايىتى گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ تەخەي يىگىتنىڭ ئاشۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ ئانىسىغا «شۇ قىزنى ئېلىپ بەرسەڭلار» دەپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي: «بىزنىڭ ئوغلىمىز تەخەي تۇرسا پادىشانىڭ گۈزەل قىزى ئوغلىمىزغا تەككىلى ئۇنارمۇ؟ ...» دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ. تەخەي يىگىت:

— ئەي ئانا، سەن ئالدى بىلەن پادىشاغا ئەلچى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېرىپ «مېنىڭ ئوغلۇم سودىگەر ئىدى، ئۇ قىزلىرىغا ئاشىق، ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان بىرگە بولۇپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قاپتۇ. شۇڭا مەن ئىككىسىنىڭ بېشىنى چېتىپ قويساق دەپ كېلىشىم» دىگىن، — دەپتۇ.

موماي ئەلچى بولۇپ بارغان ئىكەن، پادىشا قوشۇلۇپتۇ. موماي «پادىشاغۇ قوشۇلدى، بىراق، پادىشا نىكا ئوقۇتىدىغان چاغدا ئوغلۇمنىڭ تەخەي ئىكەنلىگىنى بىلىپ قالسا بىزنى تىرىك قويمايدۇ» دەپ قاتتىق قايغۇ ئىچىدە ئۆيگە قايتىپ ئەھۋالنى ئوغلى تەخەيگە ئېيتىپتۇ. تەخەي يىگىت بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇ ناھايىتى ئاسان. نىكا ئوقۇتىدىغان كۈنى مەن يوشۇرۇنۇۋالىمەن، سىلەر «ئوغلىمىز ئوۋغا چىقىپ كەتتى، مۇشۇ پېچاقىقا نىكا ئوقۇۋېرىڭلار» دىسەڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئانا شۇ گەپ بويىچە پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشا قىزىنى پېچاقىقا نىكالاپ بېرىپتۇ.

ئاخشىمى قىز ئۆيدە ئولتۇرسا بىر تەخەي كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قىز قورقۇپ كېتىپ چىراقنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ. شۇ زامان بىر يىگىت قىز بىلەن بىرگە يېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئۇ يىگىت يەنە تەخەيگە ئۆزگىرىپ قاپتۇ. قىز ئۆز ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئانىسى:

— ئۇنداق بولسا، سەن ئەتىگەندە تەخەينىڭ قارا تېرىسىنى ئوتقا سېلىۋەت، ئاندىن ئۇ تەخەيگە ئۆزگىرەلمەيدۇ، شۇ چاغدا سەن ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىرگە بولالايسەن، — دەپتۇ.

قىز ئانىسىنىڭ دىگىنى بويىچە ئەتىگەندە تەخەينىڭ تېرىسىنى ئوتقا سېلىۋېتىپتۇ. شۇ زامان ئۆيدە ئۈچ ئادەم پەيدا بولۇپتۇ. بولارنىڭ ئىككىسى قىرى، بىرسى چىرايلىق قىز ئىكەن. بۇلار دىۋە بولۇپ، تەخەي يىگىت ئانىسىنىڭ قوسىقىدىكى چاغ-

دىلا دىۋە قىز ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئىكەن، بۈگۈن تە-
خەي يىگىت تەخەيلىك تونىدىن ئايرىلىپ رەسمى ئادەم تۇس-
گە كەلگەچكە، ئۇلار دەرھال پەيدا بولغان ئىكەن. ئۇلار يىگىت-
نى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. تەخەي يىگىت چىقىپ كېتىۋېتىپ:
— ئەي مەلىكە، سەن ئۆزەڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىل-
دىڭ، — دەپ بىر تال يىڭنىنى ئەفسۇن ئوقۇپ تۆمۈر ھاسىغا
ئايلاندۇرۇپ مەلىكىگە بېرىپتۇ. — مېنى ئىزلىسەڭ مۇشۇ ھاسا
ئۇپراپ يىڭنىدەك قالغاندا ئاندىن تاپالايسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە تەخەي يىگىتتىن ئايرىلىپ ھەسرەت چېكىپتۇ. يىغلاپ-
تۇ، ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئاخىر ھاسىنى ئېلىپ تەخەي يىگىتنى ئىزلەپ
مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە مەلىكە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.
ھاسىمۇ ئۇپراپ بىر تال يىڭنىچىلىك قاپتۇ. مەلىكە «ئەمدى ئې-
رىمنى تاپىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ ۋاق-
تىدا تەخەي يىگىت كېلىپ مەلىكىنى كۆرۈپ ئوغۇلغا نان يېگۈ-
زۈۋاتسا مەلىكە ئويغىنىپتۇ. بۇلار كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سو-
رىشىپتۇ. يىگىت:

— سەن ئاشۇ دىۋىلەر ماكانىغا ئەسكى كىيىم كىيىپ كىر-
گىن، نان بەرسىمۇ ئالمىغىن، پۇل بەرسىمۇ ئالمىغىن، پەقەت
«بۈگۈن بىر كېچىلا قونۇپ قالسام» دە، — دەپتۇ. مەلىكە شۇ
بويىچە يېتىپ قاپتۇ. تەڭ كېچە بولغاندا تەخەي يىگىت دىۋى-
لەرگە تۇيدۇرماي مەلىكىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەتىسى دىۋە قىز
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. تەخەي يىگىت بىلەن مەلىكە
قېچىپ پادىشا ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىغا چىقىپ گۈلگە ئايلىنىپ
قاپتۇ. دىۋە قىز كېلىپ پادىشاغا:

— ماڭا ئاشۇ دەرۋازا بېشىدىكى گۈلدىن بىرنى بەرسە-
لە، — دەپتۇ. پادىشا ماقۇل بولۇپتۇ. دىۋە قىز گۈلنى قولىغا
ئېلىشىغىلا گۈل توزۇپ كېتىپتۇ. دىۋە قىز توزىغان گۈلنى بىر

تالدىنى تېرىپ ئەك. ئاخىرقى تېلى قالغاندا گۈل تېرىققا ئايل
نىپ كېتىپتۇ. دېۋە قىز قوشقاچقا ئايلىنىپ تېرىقنى يەپتۇ. ئاخىر
قى بىر تال تېرىق قالغاندا. بۇ تېرىق مۈشۈككە ئايلىنىپ قوش
قاچنى تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. دېۋە قىز شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپتۇ. مۈ
شۈك ئۆز ئەسلىگە كېلىپ، تەخەيلىكتىنمۇ ئۆزگىرىپ رەسم
يىگىت بولۇپتۇ. مەلىكە بىلەن بىرگە بەختلىك تۇرمۇش
كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۈچا ناھىيە ياقا گۈگشېدىن: ئوسمان ئىبراھ

## پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى شاكىر، ئوتتۇرانچىسىنىڭ شاپىل، كىچىگىنىڭ ئىسمى شامىل ئىكەن. پادىشا بۇ ئوغۇللىرىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. بولۇپمۇ ئەڭ كىچىك ئوغلى شامىلنى جېنىدىنمۇ ئېزىز كۆرىدىكەن. پادىشانىڭ چوڭ خوتۇنى بۇ بالىلارنى يوقىتىشنىڭ كويىدا ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا كىچىك خوتۇنى بىلەن شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. بالىلار پادىشانىڭ چوڭ خوتۇنىغا قاپتۇ. ئايال ئوغۇللارنى دەسلەپ ناھايىتى ئوبدان كۈتۈپتۇ. ئارىدىن بەش - ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنى خارلاشقا باشلاپتۇ. ئوغۇللار بۇ ئازاپقا چىداپ، ئايال نىمە دىسە ماقۇل دەپ يۈرۈپتۇ. ئايال بالىلاردىن قۇسۇر تېپىش ئۈچۈن ھەر خىل ۋاستىلەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەقسىدىگە يېتەلمەپتۇ. بىر كۈنى ئايال شامىلغا:

— بېشىمغا سۇ قۇيۇپ بەر، — دەپتۇ ۋە چۆگۈننى شامىلغا تۇتقۇزۇپتۇ. شامىل سۇ قۇيۇۋاتقاندا بېشىنى قەستەن تېزلا كۆتەرگەن ئىكەن، چۆگۈننىڭ جوغىسى پىشانىسىگە تېگىپ كېتىپتۇ. ئايال:

— ھەي ھارىمى، سەن ماڭا قول ياندۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ھازىر مۇشتەك تۇرۇپ شۇنداق قىلساڭ چوڭ بولغاندا! نىمە قىلىسەن؟ — دەپ شامىلنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن

www.uyghurkitap.com

شاكىر بىلەن شاپىل چىداپ تۇرالماي ئىنىسىنى قۇتقۇزۇۋاپ
ئەتىسى پادىشا شىكاردىن قايتىپ كەلسە چوڭ ئايالى يىغلا
ئولتۇرغۇدەك. پادىشا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سورىسا ئايال گە
قىلالماي ئولتۇرۇۋاپتۇ. پادىشا قايتا سورىغاندىن كېيىن چوڭ ئايا
ئۈچ ئوغۇلنى تازا چېقىپتۇ. پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ ۋەزىرىگە:

— بۇ ئۈچ بالىنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ئەكىلىپ كاۋا
قىلىپ بەر، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بۇ پادىشانىڭ ناھايىتى رەھىمدىل بىر ۋەزىرى بار ئىكەن.
شۇ ۋەزىر ئۈچ ئوغۇلنى بىر چۆلگە ئېلىپ كەپتۇ. بالىلار ۋەزىر
دىن ئۆزىنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.
ۋەزىر بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بالىلارغا دەپ بەرگەن ئىكەن، بالى
لار زار - زار يىغلاپتۇ ۋە:

— ئاتىمىز شۇنداق دېگەن بولسا، بىز جېنىمىزنى بېرىشك
رازى، — دەپتۇ. ئوغۇللارنىڭ چوڭى شاكىر:

— ئەي شاپائەتلىك ۋەزىر، ئالدى بىلەن مېنىڭ بېشىمغ
قىلىچ ئۇرۇڭ. ئىنىلىرىمنىڭ قېنى تۆكۈلگىچە مەن ئۆلۈۋالاي، —
دەپتۇ. قالغان ئىككى ئوغۇلمۇ «ئاۋال مېنى ئۆلتۈرۈڭ» دەپ تۇ-
رۇۋاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۇلارغا رەھمى كەپتۇ - دە:

— سىلەر بۇ يۇرتتىن باشقا بىر يۇرتقا كېتىڭلار، —
دەپ بالىلارنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى ئۈچ كېيىك ئوۋلاپ
ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ پادىشانىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوتتۇرانچى ئوغۇل شاپىلدىن ئاڭلايلى: شا-
پىل ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرگەندىمۇ مول يۈ-
رۈپتۇ. ئاخىرى قوسىقى ئېچىپ، ئۇسساپ، ھېرىپ ماڭغۇدەك ماغ-
دۇرى قالماي بىر دۆڭگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپتۇ. دۆڭنىڭ ئار-
قىسىدا بىر ئەسكى ئۆي تۇرغۇدەك. ئۇ ئاستا بېرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدە

بىر توپ قاراقچى بار ئىكەن. ئۇلار شاپىلنى پادىشا ئەۋەتكەن
پايلاقچى ئوخشايدۇ دەپ تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. شۇ
ئەسنادا، قاراقچىلار ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ياش بىر قاراقچى:
— ھەي ئەخمەقلەر، پادىشانىڭ غەزىنىسىگە كىرمەكچى بول-
غىنىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشتىڭمۇ؟ نەچچە كۈندىن بېرى غەزىنىگە
كىرىپ ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ چىقىشتىن قورقۇشتۇڭ. بۈگۈن
بۇنى بىزگە خۇدايىم ئەۋەتتى. بىز پادىشانىڭ غەزىنىسىگە مۇشۇ-
نى كىرگۈزەيلى، — دەپتۇ. بۇ گەپ قاراقچىلارغا تازا يېقىپتۇ. شۇڭا
شاپىلنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ، ئۇنى ئۈچ كۈن ئوبدان
مېھمان قىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى شاپىلنى بېلىدىن باغلاپ تۈڭلۈك-
تىن پادىشانىڭ غەزىنىسىگە كىرگۈزۈپتۇ. قاراقچىلار مەقسىتىگە
يەتكەندىن كېيىن شاپىلنى تاشلاپ كېتىپتۇ. غەزىنىچى شاپىلنى
تۇتۇۋاپتۇ ۋە پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. بۇ ئەسلى ئۇنىڭ
ئاكىسى شاھ بولغان شەھەر ئىكەن، ئەمما شاكىر پادىشا
شاپىلنى كۆرۈپلا دەرھال زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى شامىلدىن ئاڭلايمىز:

— شامىلمۇ ئۇزۇن يول يۈرۈپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، ئاڭلىمى-
غاننى ئاڭلاپ، ئاخىر بىر گۈزەل شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. لېكىن،
بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى قايغۇلۇق كۆرۈنۈپتۇ.
شامىل ھەيران بولۇپ كوچىدا كېتىۋېتىپ بىر دوقمۇشتا ئولتۇر-
غان مومايغا ئۇچراپتۇ. شامىل مومايدىن نېمە ئىش بولغانلىقى-
نى سوراپتۇ. موماي:

— شەھىرىمىزدە بىر كۆل بار ئىدى، بۇ كۆلدە بىر ئەجدى-
ھار بولۇپ، ھەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا يىگىرمە ياشلىق قىز ۋە
ئىككى قوشقار يەيدۇ. ئەگەر ئۇنى تەل قىلىپ تۇرمىساق پۈتۈن
شەھىرىمىزنى ۋەيران قىلىدۇ، بۇ يىل پۈتۈن شەھىرىمىزدە يىگىرمە
ياشلىق قىز قالمىغانلىقى ئۈچۈن نۆۋەت پادىشانىڭ قىزىغا كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىپ قالدى. بۇ مەلىكە جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈزەل ئىدى
پادىشا كىمدە - كىم بۇ ئەجدىھارنى يوقىتالىسا پادىشالىغىن
ۋە قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى جاكالىغان بولسىمۇ، ئەجدىھارنى يو
قىتىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. شۇڭا پۈتۈن شەھەر خەلق
ئەنە شۇ مەلىكە ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شامىل ئۆتكۈر خەنجىرىنى ئېلىپ كۆل
بويىغا بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھار چىقىش ئالدىدا پۈتۈن
جاھان قاراڭغۇلىشىپ قارا يامغۇر يېغىپ كېتىدىكەن. ئاخىر جا
ھان قاراڭغۇلىشىپ قارا يامغۇر يېغىپتۇ. شامىل پەملەپ تۇرۇپ
ئەجدىھار چىقىشىغا خەنجىرىنى شۇنداق ئۇرغان ئىكەن، ئەجدىھا
ئىككى پارە بولۇپ ئۆلۈپتۇ. يوشۇرۇنۇۋالغان بارلىق كىشىلەر خۇ-
شال بولۇپ ئۆيلىرىدىن چىقىپتۇ ۋە شامىلنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيران بو-
لۇپ پۈت - قولىنى يەرگە تەككۈزمەي پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بې
رىپتۇ. پادىشا خۇشاللىقىدا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ
شامىلغا قىزىنى ۋە پادىشالىقىنى بېرىپتۇ. شامىل باشقا دۆلەتلەر
بىلەنمۇ مۇناسىۋەت ئورنىتىپتۇ. شاكىر پادىشا بىلەنمۇ ئوبدان
دوست بولۇپ ئۆتۈپتۇ. لېكىن ئۇ شاكىر شاھنىڭ ئۆز ئاكىسى
ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاكىر شاھ بىلەن شامىل شاھ بىر يەر-
گە جەم بولۇپ بىر نەچچە كۈن سەيلە قىلىپتۇ. شۇ جەرياندا
ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپ تونۇشۇپ،
تەقدىر - پېشانىنىڭ ھېكمەتلىرىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ، ئوتتۇران-
چى ئوغۇل شاپىلنى ئەسلەپ قاتتىق قايغۇرۇشۇپتۇ.

شاكىر شاھ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زىن-
داندىكى قاراقچى يادىغا كېلىپ ئۇنى ئالدىغا چاقىرتتۇرۇپتۇ. شا-
كىر بۇ قاراقچىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ - دە، ئۇ-
نىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ. شاپىل «دىسەممۇ - دىمىسەممۇ بەرىبىر

ئۆلمەن، شۇڭا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمنى بايان ئەيلەي» دەپ، بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاكىر شاھ ئۆزىنى ئىنىسىغا تونۇشتۇرۇپتۇ. شۇ ھامان ئۇنى ياساندۇرۇپتۇ. شاكىر شاھ ئىنىسى شامىلىنىمۇ چاقىرتىپ كەپتۇ. ئۈچ ئاكا - ئۇكا جەم بولۇپ قىرىق كېچە - كۈندۈز خۇشاللىق بەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. كېيىن بۇلار ئۆز يۇرتىنى ۋە ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئوغۇللار ئۆز يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. دادىسى ۋە ئانىسى ئۇلارنى تونۇماپتۇ. ئوغۇللار ھېلىقى رەھىمدىل ۋەزىرنى چاقىرتىپ ئەھۋالنى دادىسى ۋە ئانىلىرىغا ئېيتىماي تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ.

پادىشا بىر كۈنى بۇ مېھمانلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. ھەممەيلەن جەم بولغاندا ۋەزىر مېھمانلارنى پادىشاغا تونۇشتۇرۇپتۇ. پادىشا ئۆز قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئوغۇللىرىنى باغرىغا بېسىپتۇ ھەم شۇ زامان چوڭ خوتۇنىنى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

پادىشا كىچىك ئوغلى شامىلنى ئۆز ئورنىغا پادىشا قىلىپتۇ. شامىلنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرانچى ئوغۇل پادىشا بولۇپتۇ. شاكىرمۇ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئاكا - ئۇكا يۇرتنى ئادىل سوراپ ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈپتۇ.

## دىخان

ئۆتكەن زاماندا بىر كەمبەغەل دىخان ئۆتكەن ئىكەن. ئۆ
دە ئۇنى قالمىغان دىخان بىر كۈنى بىر تاغار بۇغداينى ئىشىك
گە ئارتىپ تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى بېرىپتۇ. ئۇنى تارتىپ ب
لۇپ ئۆيگە قاراپ يول ئاپتۇ. تۈگمەن بىلەن ئۆيىنىڭ ئوتتۇر
سىدا بىر ئۇزۇن ساي بار ئىكەن. دىخان بەك كەچ قالغاچقا
ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي يول ئۈستىدىكى بىر دە
ۋازىنى قېقىپتۇ. ئاردىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيە
يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكان چىقىپ ئىشىكن
ئېچىپتۇ. دىخان ئەھۋالنى تەپسىلى سۆزلەپ:

— ۋاي خېنىم، بۈگۈن بىر كېچىلىك قونالغۇ بەرگەن بو
سىلا؟ — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

— بۈگۈن بولمايدۇ، چۈنكى ئۆيدە ئېرىم يوق، — دەپتـ
چوكان. دىخان يەنە يېلىنغان هالدا:

— مەندە باشقا غەرەز يوق، ئەگەر سىلە ئۆيدە ياتسـ
مەن هويلىدا ياتساممۇ بولىدۇ. بۈگۈن بەك كەچ قالدىم. رەھـ
قىلسىلا خېنىم، — دەپتۇ.

چوكان ئاخىرى ماقۇل بولۇپتۇ. دىخان هويلىغا كىرىـ
ئۇنى چۈشۈرۈپ قويۇپ ئىشىكنى ئۇزۇمىگە باغلاپ قويۇپتۇ - د
ئۆزى كېلىپ كىگىزدە ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن چوكاننىـ
مېڭىشى تولىراپ قاپتۇ. دىخان «بۇ چوكاننىڭ بىرەر ئويىنىشى بـ

ئوخشايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئىشىغا دەخلى قىلىپ قويماي» دېگەن ئويغا كېلىپ چوكانغا:

— ھويلا بەك تىنجىق ئىكەن. ماڭا ئۆگزىگە ئورۇن سېلىپ بەرسىلە بوپتىكەن، — دەپتۇ. بۇ گەپ چوكانغا ناھايىتى يېقىپتۇ. چوكان دەرھاللا ئۆگزىگە ئورۇن سېلىپ بېرىپتۇ. دېخاننىڭ قوسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇيقۇسى زادى كەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا ھويلىنىڭ دەرۋازىسى قېقىلىپتۇ. چوكان ھاپىلا - شاپىلا بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. بىر ياش يىگىت كىرىپتۇ. دېخان بايىقى ئويىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە دېخان ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاستا ئۆمىلەپ تۈڭلۈككە كەپتۇ. قارىسا يىگىت بىلەن چوكان بىر بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقۇدەك. بىر دەمدىن كېيىن يىگىت:

— يەيدىغان بىرەر نەرسەڭ يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ چوكاندىن.

— قاتتىق ناندىن باشقا نەرسە يوق، — دەپتۇ چوكان.

— باشقا نەرسەڭ يوقمۇ؟ — دەپ قايتا سوراپتۇ يىگىت.

چوكان دەرھال بىرنىمىنى ئېسىگە ئالغاندەك:

— ھە راست، ئېغىلدا بىر سېمىز ئوغلىغىم بار. ئۇنى سويۇپ يەيلىمۇ؟ — دەپتۇ.

— سويۇپ يەيلى، — دەپتۇ يىگىت خوشال بولغان ھالدا، — دەل جايىدا گەپ قىلدىڭ. مېنىڭمۇ نەچچە كۈندىن بېرى گۆش يېگۈم كېلىپ تۇراتتى.

ئىككىيلەن ئوغلاقنى سويۇپتۇ. يىگىت زاسۇيىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئالدى بىلەن مۇشۇنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، — دەپتۇ. چوكان ماقۇل دەپ ئۆپكە، ھېسىپ، باش - پاقالچاقلارنى قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپتۇ. ئىككىسى يەپ بولالماي ئېشىپ قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر تەخسە ھەسىپنى، ئوغلاقنىڭ كاللىسىنى ئويۇققا ئېلىپ ق
يۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت:

— ھەي...، بۇنىڭغۇ يىدۇق، بىراق كۆڭلۈم يەنىلا غ
تارتىپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— ئەمىسە چۆچۈرە ئېتىپ يەيلى، — دەپتۇ چوكان
بىردەمنىڭ ئىچىدە چۆچۈرىنى تەييارلاپتۇ. ئاچ قوساق دىخان تۈك
رۈگىنى يۇتۇپ، تۈگۈلۈك تۆۋەندە ماراپ يېتىۋېرىپتۇ. يىگىت بىلە
چوكان چۆچۈرە يەپتۇ. ئېشىپ قالغان چۆچۈرىنى بىر تەخسىگ
سېلىپ ئويۇققا ئېلىپ قويۇپتۇ. بۇلار قوساقلىرىنى تويغۇزۇشۇ
تۇرۇشىغا ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپتۇ. چوكان دەككە - دۈككىگ
چۈشۈپ:

— ئاپلا، ئىش چاتاق بولدى. ئېرىم كېلىپ قالدى، —
دەپتۇ. يىگىت بولسا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. چوكا
دەرھاللا:

— بولدى، بۇنى ئۆزەم جۆندەيمەن، — دەپتۇ - دە، يە
گىتنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، بىر بۇلۇڭدا تۇرغان كۆمۈر تا
غىرىنى بىكارلاپ، يىگىتنى تاغارغا سولاپتۇ ۋە ئاغزىنى بوغۇپ
ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا يۆلەپ قويۇپتۇ. ئايال چاققانلىق بىلەن يىگىت
نىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ يۈگۈرگەن پې
تى چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. ئېرى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ:

— خوتۇن، يەيدىغان بىرنەرسە بېرىڭلار، قوساق ئېچىپ
كەتتى، — دەپتۇ. چوكان:

— قاتتىق نان بار، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— مەيلى، ئەكىلىڭلار، يەيلى، — دەپتۇ ئەر. چوكانناننى
ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ئەر چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ:

— ھويلىدىكى ئېشەك كىمنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. چوكان
دەرھاللا:

— بىر دېخان تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى كەلگەن ئىكەن، كەچ قاپتۇ. بىر كېچە قونۇپ قالاي دېگەن ئىدى، ماقۇل دېگەن ئىدىم، — دەپتۇ.

— قېنى ئۇ كىشى؟

— ئۆگزىدە ئۇخلاۋاتىدۇ.

— ماڭ چاقىرىپ چۈش، بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچەيلى، — دەپ خوتۇنىنى بۇيرۇپتۇ ئەر. تۈڭلۈكتە مارىلاپ ياتقان دېخان بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىغا كېلىپ، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. چوكان ئۆگزىگە چىقىپ، ئاستا كېلىپ دېخاننى مىدىرلىتىپ چاقىرىپتۇ. دېخان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. چوكان دېخانغا:

— ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچسىلە، ئېرىم كەلدى، سىلىنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپ دېخانغا ياغدەك يېقىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ چوكاننىڭ ئېرى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىپتۇ. قاتتىق ناننى يىگۈسى كەلمەي بىر ئاز ئىچىپلا بولدى قىلىشىپتۇ. بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن ئەر دېخانغا:

— ھىكايە ئېيتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. دېخان ماقۇل بولۇپ:

— كۆرگەنلىرىم بولسىمۇ بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دەپتۇ ئەر. شۇنىڭ بىلەن دېخان ساقىلىنى بىر سىلاپ قويۇپ سۆزىنى باشلاپتۇ:

— بۈگۈن تۈگمەندىن كېلىۋاتسام ئاۋۇ ئويۇقتىكى ھېسىپتەك بىر يىلان چىقتى. قورققىنىمدىن شۇ ئويۇقتىكى ئوغلاق كاللىسىدەك بىر تاش بىلەن بىرنى قويسام ئاشۇ ئويۇقتىكى چوچۇرىدەك چېچىلىپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان ئەر ھەيران بولۇپ:

— ۋاي نېمە دەۋاتىلا؟ — دەپتۇ.

— ۋاي بېگىم، ئىشەنمىسىلە ئاۋۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرغان تاغارچى ئاكامدىن سوراپ باقسىلا، — دەپتۇ دېخان. ئەر دەرھال

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بېرىپ بۇلۇڭدا يۆلەكلىك تۇرغان تاغارنى يېشىپ بىر تارتقا
ئىكەن، ئىچىدىن ھېلىقى قىپ ـ يالىڭاچ يىگىت چىقىپتۇ. شۇ
نىڭ بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە قىيا ـ چىيا باشلىنىپتۇ. دېخان ش
مالىماتاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاستاغىنە چىقىپ ئىشىگىگ
ئۇننى ئارتىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۈچا ياقا گۈڭشېدىن: ئابدۇ غېنى.

## يۈز شېھىت

ئەرەپ ئەللىرىنىڭ بىرىدە ناھايىتى سەلتەنەتلىك بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشا يۇرتنى ناھايىتى ئادىللىق بىلەن سورايدىكەن. شۇڭا خەلقلەر تىنچ ۋە خوشال - خورام ياشايدىكەن.

پادىشا بىر كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاجايىپ سا-ھىپجامال بىر ئايال پادىشاغا قاراپ كۈلۈۋاتقۇدەك. پادىشا ئايال-نىڭ قولىنى تۇتاي دەپ قولىنى ئۇزاتقان ئىكەن، ئايال پادىشاغا قاراپ تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپتۇ - دە، پادىشا ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ چۈشىدە كۆرگەن ئايالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئاشىق بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ئىشق دەردىدە ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن باش-لاپ پادىشانىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كېلىدىن تاماق ئۆت-مەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. پادىشادىكى بۇ ھالەتنى كۆرگەن ئوردا ئەھلى بىر يەرگە يىغىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشانىڭ ئەقىل-لىق بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ئوردا ئەھلى شۇ ۋەزىرنى پادىشا-نىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر پادىشانىڭ ئال-دىغا كىرىپ سالام بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، نېمىشقا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. پادىشا ئەھۋالنى ۋەزىرگە بايان قىپتۇ. ۋەزىر پادىشاغا تەسەللى بېرىپ:

— ئادەم ئەۋەتىپ سىلە چۈشلىرىدە كۆرگەن ئايالنى تاپقۇ-زۇپ كېلەيلى، — دەپتۇ. پادىشا بۇ گەپنى ماقۇل كۆرمەي، ئۆزى شەھەرمۇ - شەھەر كېزىپ يۈرۈپ تاپىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ مەسلە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەتكە ۋەزىر باشلىق ئوردا ئەھلى ماقۇل بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشا تاجۇ - تەختىنى ۋەزىرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شاھانە لىباسلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، چۈشىدە كۆرگەن ئايالنى ئىزلەپ يولغا راۋان بوپتۇ. پادىشا يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇ بىرقانچە شەھەرنى كېزىپ، ئاخىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر شەھەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. بىرقانچە كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ، چۈشىدە كۆرگەن ساھىپجامالنى ئىزلەپتۇ. ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ. ئاخىر بىر ساماۋەرخانىغا كىرىپتۇ. ساماۋەرخانىدا بىرقانچە ئادەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن. پادىشا ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق ساپتۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىدىن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ ئايال ئىكەنلىكى ناھايىتى ئادىللىق بىلەن شەھەر سورايدىغانلىقى، باشقا جايلاردىن كەلگەن كىشىلەرنى قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ. پادىشا ساماۋەرخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل سارايغا قايتىپ كەپتۇ. سارايۋەنگە ئايال پادىشانى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، سارايۋەننىڭ ئوردىغا ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. سارايۋەن ماقۇل بوپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئىككىسى نامىزىنى ئوقۇپ، تامىقىنى يەپ بولۇپلا ئوردىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار ئوردا ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىۋەنگە:

— بىز باشقا شەھەرلىك، پادىشايىڭلارنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كېلىشىمىز، — دەپتۇ.

دەرۋازىۋەن ئايال پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئىككى مۇساپىر كەپتۇ، سىلى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

— باشلاپ كىر، — دەپتۇ ئايال پادىشا.

دەرۋازىۋەن بۇ ئىككىيلەننى ئايال پادىشانىڭ ئالدىغا باشلاپ

كىرىپتۇ. ئاشىق پادىشا تەختتە ئولتۇرغان ئايال پادىشاغا قاراپتۇ، قاراپتۇ-يۇ، شۇئان بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. چۈنكى ئۇ چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولغان ئايال دەل شۇ ئىكەن. ئاشىق پادىشا بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، ئايال پادىشاغا سالام بىجا كەلتۈرۈپتۇ. ئەكەلگەن سوغاتلارنى تەقدىم قىپتۇ. ئايال پادىشا بۇلارنى ئىززەتلەپ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتنى تۈگىتىپ ئاشىق پادىشا سارايۋەن بىلەن سارايغا قايتىپتۇ. سارايۋەنگە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئايال پادىشاغا ئەلچى بولۇپ بېرىشىنى، خىزمىتى ئۈچۈن ئوبدان رازى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. سارايۋەن ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى ئايال پادىشانىڭ يېنىغا بېرىپ ھەممە ئەھۋالنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە بايان قىلىپتۇ.

ئايال پادىشا:

— سىزگە مەلۇمكى، شەھىرىمىزنىڭ قىبلى تەرىپىدىن ھەر جۈمە كېچىسى دەھشەتلىك بىر ئاۋاز كېلىدۇ. شۇ ئاۋازنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ كەلگەن كىشىگە بارلىق چىقىمىنى ئۆزەم قىلىپ ياتلىق بولىمەن، — دەپتۇ. ئەلچى قايتىپ كېلىپ ئايال پادىشانىڭ جاۋابىنى ئاشىق پادىشاغا ئېيتىپتۇ.

ئاشىق پادىشا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تاڭ ئېتىشىغىلا يولغا چىقىشنى پىلانلاپ بالدۇرراق يېتىپ ئۇخلاپتۇ. بۇ دەل جۈمە كېچىسى ئىكەن. يېرىم كېچە بولغاندا پادىشانىڭ قۇلىقىغا ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. پادىشا شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللاغا ئىبادەت قىلىپتۇ. سارايۋەن بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىپ ئايال پادىشانى ئۆزىنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرۈپتۇ.

ئاشىق پادىشا يەتتە كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ بىر قۇملۇق چۆلگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئەمما چۆلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىتى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇزۇقلىرى تۈگەپ، مىنگەن ئېتىمۇ ئۆلۈپتۇ. ئاخىر ئۇ ئۇسسىزلىق ۋە ئاچلىقتىن ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ ...

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھاتەم ئىسىملىك بىر پالۋان بولۇپ ئۇنىڭغا ھېچ كىشى تەڭ كېلەلمەيدىكەن. ئۇ غېرىپ، مۇساپىرلارغا داۋاملىق ياخشىلىق قىلىدىكەن. دەل شۇ كۈنى ھاتەم قۇملۇقتا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ ياتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا يۈرىگى تېخى سوقۇۋېتىشتىن توختىمىغان ئىكەن. ھاتەم ئۇ ئادەمنى يۆلەپ چىرايىغا بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ پادىشا دوستىنى تونۇپتۇ - دە، ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. ئاشىق پادىشا ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ھاتەم پادىشادىن نىمە ئۈچۈن بۇ يەردە يىقىلىپ ياتقانلىقىنى سوراپتۇ. پادىشا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاتەم ئۆزى سىرنى بىلىپ پادىشانى مۇرات - مەقسىدىگە يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاشىق پادىشا ئەسلىدىكى سارايىغا قايتىپ ھاتەمنىڭ ئىشىنى ئورۇنلاپ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ.

ھاتەم ئاشىق پادىشانى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن بىر كۈنلۈك يولنى بىر سائەتتە بېسىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن يول بويىدىكى بىر توپ ئۈژمە دەرىخى تۈۋىگە چۈشۈپ ئارام ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا ئالدى تەرەپتىن ئاجايىپ بىر مەخلۇق خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. ھاتەم بۇ مەخلۇق بىلەن بىر ھازا ئېلىشىپ ئۈژمە دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ھېلىقى مەخلۇق ئاغزىدىن تاش - قۇم ياغدۇرۇپتۇ، ھاتەم قالقان بىلەن مۇداپىئەلىنىپتۇ. ھېلىقى مەخلۇق بۇ ھېلىسى كار قىلمىغاندىن كېيىن ئاغزىدىن ئوت چېچىپتۇ. ھاتەمگە ئاللادىن ياردەم كەپتۇ، شۇ ھامان يامغۇر يېغىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپتۇ. ھاتەم ئۈژمىدىن سەكرەپ

چۈشۈپ، ھېلىقى مەخلۇقنى قىلىچ بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. بۇ مەخلۇق دۈپ ـ دۈگىلەك بولغىنى ئۈچۈن ئىچىدىن تۈگمەن تېشى شەكىلىك بىر پارچە ئالتۇن چىقىپتۇ. ھاتەم ئال تۇننى ئۇژمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئادەملەر بۇ يولدىن بىخەتەر ئۆتىدىغان بوپتۇ.

ھاتەم يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەردە بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن، بىراق دۇكانلار ئوچۇق بولۇپ، ئاشپۇزۇللاردا ھەرخىل تاماقلار پىشىپ تۇرغۇدەك. ھاتەم ھەيران بولۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپتۇ. بىر دوقمۇشقا كەلسە بىر موماي چاق ئىگىرىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ھاتەم مومايدىن شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. موماي:

— بىزنىڭ شەھىرىمىزگە بىر ئاجايىپ مەخلۇق پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئون سەككىز ياشقا كىرگەن ئوغۇل بالىدىن بىرنى يەيدۇ. بۇ قېتىم نۆۋەت پادىشانىڭ ئوغلىغا كەلدى. پادىشا باشلىق شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى ماتەم تۇتۇپ، شەھەر سىرتىدىكى مەيدانغا يىغىلدى. شۇڭا شەھەردە مەندىن باشقا ئادەم قالمىدى، — دەپتۇ. ھاتەم بۇنى ئاڭلاپ، موماي بىلەن خوشلىشىپ شەھەر سىرتىدىكى مەيدانغا قاراپ مېڭىپتۇ. مەيدانغا بارسا ھەممە ئادەم قارا كىيىم كىيگەن ئىكەن. پادىشا قىزىل دۇخاۋىدىن كىيىم كىيگەن بىر ئوغۇل بالىنى يېنىغا ئېلىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىكەن. ھاتەم ئۇدۇل پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشا ھاتەمگە ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپتۇ ۋە بۇ شەھەرگە كەلگەن بالا ـ قازانى ھاتەمگە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاجايىپ مەخلۇق بۇ شەھەرنىڭ قىبلى تەرىپىدىكى شەھەرگە كىرىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان تاغ ئىچىدە بولۇپ، ئۇ تەييارلانغان ئادەمنى شۇ يولنىڭ ئاغزىدىن ئېلىپ كېتىدىكەن.

ئۇنى ھېچكىم كۆرمەيدىكەن. ئەگەر ئۇن سەككىز ياشلىق ئوغـ
ھازىر بولمىسا ئۇ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ئامان قالدۇرمايدىكە
ھاتەم بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلى بىلگەندىن كېيىن، پادىشاغا
تۈن شەھەردىكى ئەينەكچىلەرنى يىغىپ ئەينەك ياساتسا ئاجايـ
مەخلۇقنى يوقىتىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشا بۇ تەكلىپنى
قۇل كۆرۈپ، شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن شەھەردىكى ئەينەكچىلەرنـ
ئوردىغا كېلىشىنى ئېيتىپتۇ. ھاتەم بىرقانچە كىشى بىلەن ھېلىقى
تاغ ئارىلىقىدىكى يولغا بېرىپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى، تاغنىڭ ئېگىـ
لىكىنى ئۆلچەپ كەپتۇ ۋە ئەينەكچىلەرگە ئېگىزلىكى سەكسە
مېتىر، كەڭلىكى قىرىق مېتىر، قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلىدىغا
ئەينەك ياساپ، بىر تەرىپىنى سىرلاشنى بۇيرۇپتۇ. قاۋۇل، كۈچلۈ
ئادەمدىن بىر بۆلۈم ئاجرىتىپ تاغ ئاغزىدىكى يولنى چوڭقۇرلۇغـ
قىرىق مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر كولاشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتـ
ئوتتۇز سەككىز كۈن بولغاندا ئەينەك پۈتۈپتۇ. كولايدىغان يەرمـ
كولىنىپ بوپتۇ. ھاتەم ئەينەكنىڭ كۆرۈندىغان تەرىپىنى ئاجايىـ
مەخلۇقنىڭ كېلىدىغان تەرىپىگە قارىتىپ ھېلىقى كولىغان يەرگە ناھا
يىتى پۇختا كۆمۈپتۇ. ھەممە تەييارلىق پۈتۈپتۇ. ھاتەم كىشىلەرگە
— ئاجايىپ مەخلۇقنى كۆرىدىغىنىڭلار ئاتمىش مېتىر يىراقلىق
تىكى جايدىن كورۈڭلار، — دەپ تاپىلاپتۇ. قىرىقىنچى كۈنى پېشىـ
ۋاقتى بىلەن ئاجايىپ مەخلۇق يولنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ ئاجايىـ
مەخلۇق ھاتەم ئۆلتۈرگەن مەخلۇقنىڭ جۈپتى ئىكەن. ئاجايىپ مەخلۇق
يول ئاغزىغا يېقىن كېلىپ ئادەمنى ئەكىلىپ قويىدىمىكىن دىگەن تاماد
بېشىنى كۆتىرىپ قاراپتۇ - دە، چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يول ئېغىزىـ
دا ئۆزىگە ئوخشاش بىر مەخلۇقنىڭ تۇرغانلىقىنى (ئەينەكتىـ
ئۆز ئەكسىنى) كۆرۈپ «مەن يەيدىغان ئادەمنى بۇ ھارامزادە يەپ
بوپتۇ» دەپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، ئۆز رەقىبىنى يەۋەتمەكچى
بولۇپ بىرلا ھام قىلغان ئىكەن. ئۇن مېتىر يىراقلىقتىكى، ئون

مېتىر ئىگىزلىكتىكى، ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قارىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا، ئۆز رەقىبى تېخىچە ئۆز پېتى تۇرغۇدەك. ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، رەقىبىنى چاياناپ پۈركۈۋېتىش ئۈچۈن يەنە دەم تارتىپتۇ. ئۇ بۇ قېتىم بېشىنى كۆتەرمەي ئىككى قېتىم دەم تارتىپتۇ. قارىسا رەقىبى يەنە قاراپ تۇرغۇدەك. تۆتىنچى قېتىم ناھايىتى كۈچەپ بىر دەم تارتقان ئىكەن. گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەينەك قومۇرۇلۇپ كېلىپ ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. بۇ مەخلۇقنىڭ ئىچىدىن تۈگمەن تېشىدەك بىر پارچە ئالتۇن چىقىپتۇ. شەھەر خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قۇتۇلالمىغان بالا - قازادىن قۇتۇلۇپتۇ. ھاتەم ئادەم ئەۋەتىپ يولدا كۆمۈپ قويغان ئالتۇننى ئەكەلدۈرۈپ، ئىككى پارچە ئالتۇننى پادىشاغا تەقدىم قىلىپتۇ. ئاندىن پادىشا ۋە شەھەر خەلقى بىلەن خوشلىشىپ جۈمە كۈنى كېچىسى چىقىدىغان ئاۋازنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن بىر قەۋرىستانلىق قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. كەچ بولۇپ قالغاچقا بۇ يەردە قونماقچى بوپتۇ. بۇ جۈمە كۈنى كېچىسى ئىكەن. ھاتەم يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئويغىنىپ قەۋرىستانلىقتا سەپسىلىپ قاراپتۇ. ئاپپاق ئايدىڭ بولۇپ، ھاتەم قەۋرىلەرنى ساناپتۇ. قەۋرە جەمى بىر يۈز چىقىپتۇ. بۇ قەۋرىلەرنىڭ بىرسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، قالغان توقسان توققۇزى كىچىك ئىكەن. ھەممە قەۋرىنىڭ ئۈستىدە چىراق يېنىۋاتقان بولۇپ، توقسان توققۇز قەۋرىنىڭ ئۈستىدىكى چىراق نۇرى ناھايىتى روشەن، يوغان قەۋرىنىڭ ئۈستىدىكى چىراق نۇرسىز ئىكەن. بىر چاغدا ئون نەچچە ھۆر قىز پەيدا بولۇپ، يەرگە گىلەملەرنى ساپتۇ. ھېلىقى كىچىك توقسان توققۇز قەۋرىدىن ئادەملەر چىقىپ كەپتۇ. ھۆر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

قىزلار بۇ ئادەملەرنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ، كىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، قولىغا ئالتۇن ئاپتۇۋىدا سۇ بېرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا سېمىز گۆش بېسىلغان پولو ئەكىلى باشلاپتۇ. چوڭ قەۋرىدىن پۇت ـ قوللىرىغا كويزا ـ كىشەن سېلىنغان بىر ئادەم چىقىپتۇ. ئۇنى سىم قامچا بىلەن ئۇرۇپ ھە دەپ كېلىپ داق يەردە ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە قولىغا ئوتتىن ياسال ئاپتۇۋىدا سۇ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ ئوتتىن ياسالغان لىگەن ئاش ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم قولىنى ئاشقا ھەر بىر سۇنغان يېنىدىكى ئىككى ئادەم قامچا بىلەن ئۇرىدىكەن. قامچا ئاۋاز ھېلىقى ئادەم «تىرىكلىكىمدە قىلمىدىڭ ياد، ئۆلگىنىمدە چەك پەرياد» دەپ توۋلايدىكەن. ھەر جۈمە كۈنى كېچىسى ئاڭلىنىد ان پەرياد ئاۋازى مانا شۇ ئىكەن.

بۇنى كۆرگەن ھاتەم ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى شېھىتلەرنى يېنىغا بېرىپتۇ ۋە پەريات چەككەن ئادەمدىن نېمىشقا مۇشۇندا ئەھۋالغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. پەرياد چەككە ئادەم ئۆز ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

ـ ئۆزەم دەمەشقلىق چوڭ سودىگەر بولىمەن. مۇنۇ توقسا توققۇز ئادەم مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم بولىدۇ. مېنىڭ مال ـ مۈ كۈم ھەددى ـ ھېساپسىز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن سەدىق ئۆشرە ـ زاكات بەرمەيتتىم. چاكارلىرىمنىڭ يېپ چاغلىق نەرس نى باشقىلارغا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىسام ياكى كۆرۈپ قالسام ئۇلارن تازا ئۇراتتىم. بۇلارنىڭمۇ سەدىقە، زاكات بېرىشىگە قارشى ئىدى بىر كۈنى مەن پۈتۈن يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ خېچىرلارغ مال ئارتىپ توقسان توققۇز چاكىرىمنى ئېلىپ سودىگەرچىلى قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. بىز كۆپ مەنزىللەرنى بېسى چۆل ـ جەزىرىلەردىن ئۆتتۇق. بىرقانچە كۈن يول ماڭغاندى كېيىن مۇشۇ جايغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ جاي ناھايىتى گۈزەل

دەرەخلىق بولۇپ، بىر چەتتە سۇپا. ئۇنىڭ يېنىدا بىر بۇلاق
بار ئىكەن. كەچ كىرىپ قالغان ئىدى، مەن:
— مۇشۇ جايدا قونايلى، — دېدىم. بۇلار:
— باي ئاكا، بولمايدۇ، بۇ جاي قاراقچىلار ماكانى بولسا
كېرەك، يۈرۈپ كېتەيلى، — دېيىشتى. مەن بۇ گەپلەرگە ئىشەن-
مىدىم. بۇلارنى ئۇرۇپ - تىللاپ مۇشۇ يەردە قونۇشقا مەجبۇر-
لىدىم. خېچىردىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ، تاماقلىرىمىزنى يەپ بو-
لۇپ، ھەممىمىز ئۇيقۇغا كەتتۇق. يېرىم كېچە بولغاندا «قىر -
چاپ» دىگەن چۇقان كۆتىرىلدى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام قاراق-
چىلار ئىكەن. قاراقچىلار ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىمنى ئېلىپ
كەتتى. بۇ ئىشقا يەتمىش يىل بولدى. شۇنىڭدىن بېرى مەن
مۇشۇنداق ئازاپ چېكىۋاتىمەن، نالە - پەرياد قىلىپ توۋلايمەن.
مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم بار، چوڭى سەكسەن ياش، كىچىكى يەت-
مىش ياش، ئۇلار مەندىن قالغان مالۇ - دۇنيانى ئەيشى - ئىش-
رەت، كەيپى - ساپا بىلەن تۈگەتتى. خەيرى - ساخاۋەت قىلمى-
دى. شۇ سەۋەپتىن مەن مۇشۇنداق ئازاپلارنى چېكىۋاتىمەن. ھا-
زىر ئۇ بالىلىرىم ئاشخانا ۋە زاسۇيخانىلارنىڭ ئوچىغىغا ئوت قا-
لاۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ئېغىر كۆرمىسىڭىز دەمەشق شەھىرىگە بېرىپ،
ئوغۇللىرىمنى تېپىپ يامان يولدىن قايتۇرۇپ ئۆي - ئوچاقلىق
قىلسىڭىز، شۇ شەھەرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بالىلىرىم سېتى-
ۋەتكەن بىر ھويلام بار. ھازىر شۇ ھويلىنى ساتىدۇ. سىز ھويلى-
نى سېتىۋېلىپ، بالىلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرسىڭىز، ئات ئېغىلىنىڭ
ئىچىدە — ئوقۇرنىڭ ئارقىسىدا بىر ئىشىك بار. ئۇنىڭغا قۇلۇپ
سېلىنغان بولۇپ، ئاچقۇچ ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يەرگە كۆمۈك-
لۈك. ئاچقۇچنى تېپىپ ئىشىكنى ئاچسىڭىز ئۈچ ئۆيدە ئالتۇن -
كۈمۈش بار. ئىككى ئۆيدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى سەدىقە قىلىۋې-
تىپ، بىر ئۆيدىكىنى بالىلىرىمغا بەرسىڭىز، ئۇلارنى داۋاملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەزىر - چىراق بېرىپ تۇرۇشقا، يامان يولغا ماڭماسلىققا دەۋ
قىلىپ ياخشى يولغا باشلىغان بولسىڭىز، شۇنىڭدىن باشلا
ئازاپ - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلغان بولاتتىم...

هاتەم بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ھېلى
سودىگەر شەھىرىنىڭ تەلۋۈنى ئىجاۋەت قىلىش ئۈچۈن دەمەشقە
قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ شەھەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ك
شىلەردىن سوراپ يۈرۈپ سودىگەرنىڭ ئىككى ئوغلىنى تېپىپ
ئۇلارنى ھاممامغا ئەكىرىپ يۇيۇندۇرۇپ ياخشى كىيىملەرنى ك
گۈزۈپتۇ. ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ھېلىقى ئۆينى سېتىۋاپتى
سودىگەرنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆيلەندۈرۈپتۇ. قالغان ئىشلارنى
ھەممىسىنى سودىگەرنىڭ دىگىنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغ
بىردىن دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ. ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلمەسلىكنى
داۋاملىق خەيرى - ساخاۋەت قىلىشنى تاپىلاپتۇ. شۇ كۈندى
باشلاپ ئۇ ئىككىيلەنمۇ ئۆزىنى يامان يولدىن تارتىپتۇ. ئاتا
ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراق، خەيرى - ساخاۋە
قىلىپ، ئۆشرە - زاكات بېرىپ تۇرۇپتۇ.

هاتەم ھەممە ئىشلارنى ئۆز جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ
ئاشىق پادىشانىڭ يېنىغا تېزراق بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ
بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ ھېلىقى قەۋرە بار يەرگە كەپتۇ
كەچ بولۇپ، بۇ يەردە قونۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا هاتەم ئوي
غىنىپ كېتىپتۇ. بۇ دەل جۈمە كۈنى كېچىسى بولۇپ ئەتراپ
ناھايىتى يورۇق ئىكەن. هاتەم قارىسا بۇ چوڭ قەۋرە ئۈستىدى
كى چىراقنىڭ نۇرى قالغان توقسان توققۇز قەۋرىنىڭ ئۈستىدىكى
چىراقنىڭ نۇرىدىن روشەن يانغۇدەك. بىر چاغدا ئۇن نەچچە ھۆر قىز
چىقىپ يەرگە زىلچا - گىلەم سالپتۇ. ئۈستىگە يەتتە قەۋەت كۆرپە
سېلىپ، سودىگەرنى ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئولتۇرغۇ
زۇپتۇ. قالغان توقسان توققۇز ئادەممۇ سودىگەرنى ناھايىتى

ھۆرمەتلەپتۇ. ئالدىغا ناھايىتى يوغان ئالتۇن لىگەندە ئاش تارتىپتۇ. ھاتەم بۇنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سودىگەرنىڭ يېنىغا كەپتۇ. سودىگەر ھاتەمنى كۆرۈپ كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ.

— سىز مېنىڭ بالىلىرىمنى ياخشى يولغا باشلاپ ئوبدان قىلدىڭىز. مەن شۇندىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدۇم، سىزگە كۆپ رەھمەت! — دەپتۇ.

ھاتەم شېھىتلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئاشىق پادىشانىڭ قېشىغا ئالدىراپتۇ. ئايال پادىشانىڭ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئايال پادىشا ۋە ئاشىق پادىشا بىلەن كۆرۈشۈپ، جۈمە كۈنى كېچىسى چىقىدىغان ئاۋازنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ سىرنى ئاڭلىغان ئاشىق پادىشا بىلەن ئايال پادىشا توي تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ توي قىپتۇ. ئايال پادىشا ئۆزىنىڭ پادىشالىقىنى ئېرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. ئاشىق پادىشا ئىككى شەھەرگە پادىشا بولۇپ شەھەرنى ناھايىتى ئادىل سوراپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ياقا گۇڭشىدىن: ھەمراخان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بېشىغا قۇش قونغان بالا

بۇرۇن ناھايىتى باي بىر سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىر خوتۇنى، بىر ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرى سودىگەر ئالەمدىن ئۆتۈپ، ھەممە مال - دۇنياسى بالا - چاقىسىغا قاپتۇ. ئورغۇنلىغان كىشىلەر مال - دۇنيانى دەپ ئايالىغا ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. ئەمما ئايال ياتلىق بولۇشقا ئۇنىماپتۇ. بالىسىنى ياخشى تەربىيىلەپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقاندىن كېيىن ئۆيلەپ قويۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىسىنىڭ ئايالى تۇغۇپ، پەرزەنت يۈزى كۆرۈپتۇ. ئانا بۇ چاغدا ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، بىز ئەمدى تۆت جان بولۇپ قالدۇق. سەن تىجارەت قىلىشنىڭ كويىغا چۈشسەڭ، — دەپتۇ.

ئوغۇل بۇنىڭغا بىرنىمە دېمەستىن ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئانا ئوغلىغا «تىجارەت قىل» دەپ مىڭ تىللا بېرىپتۇ. ئوغۇل ئانىسى بەرگەن مىڭ تىللانى ئېلىپ كوچىغا چىقىپتۇ. كوچىدا بىر مەدداھ «كىمكى مىڭ تىللا بەرسە ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ بېرىمەن» دەپ توۋلاۋاتقۇدەك. ئوغۇلنىڭ دەرھاللا مەدداھنىڭ ياخشى گېپىنى ئاڭلىغۇسى كەپتۇ. ئۇ مەدداھقا مىڭ تىللانى بېرىپتۇ. مەدداھ مىڭ تىللانى ئېلىپ «ئەجەل بىردۇر، ئىككى بولماس» دەپلا ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئوغۇل ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئوغلىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئانا دەرھال ئوغلىدىن:

— ئېلىپ كەلگەن نەرسە-كېرەكلىرىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مالنى ئالغانتىم، پۇلۇم يېتىشمەي يېنىپ كەلدىم، — دەپتۇ ئوغۇل.

ئەتىسى ئوغۇل يەنە مىڭ تىللا ئېلىپ كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇ يەنە مەدداھنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۇ كۈنى مەدداھ «ھەر كىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق» دەپتۇ. ئوغۇل ئۆزگۈنى يەنە مىڭ تىللا ئېلىپ بارسا مەدداھ «ئاچچىققا سەۋرى قىلىش كېرەك» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇل ئۈچ مىڭ تىللاغا ئۈچ ئېغىز گەپ سېتىۋېلىپ «ئەمدى ئىش بولمىدى، بىر كەسپ تاپاي» دەپ ئانىسى بىلەن خوشلاشمايلا قاڭقىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر يەرگە كەلسە قىرىق سودىگەر قىرىق تۆگىگە مال ئارتىپ كېتىپ بارغۇدەك. ئۇلار:

— ھەي، سەن نىمە ئادەم؟ — دەپ سورىغان ئىكەن. ئوغۇل:

— مەن ئىش ئىزلەپ كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بىزگە قوشۇل، — دەپتۇ سودىگەرلەر ۋە بالىنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋاپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلسە بىر قۇدۇق تۇرغۇدەك. سودىگەرلەر تۆگىلىرىنى سۇغىرىۋېلىش ئۈچۈن قۇدۇق بېشىغا كېلىپ قارىسا قۇدۇقتا سۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار بىر ئادەمنى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۆلۈك چىقىپتۇ. ئوغۇل:

— مەن چۈشۈپ باقاي، «ئەجەل بىر كېلۇر، ئىككىنچى كەلمەس» دەپتىكەن. يا ئۆلەرمەن، يا ساق چىقارمەن، — دەپ قۇدۇققا كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قۇدۇقنىڭ بىر چېتىدە بىر جىن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر پەرى تۇرغۇدەك. يەنە بىر چەتتە بىر دىۋە، ئۇنىڭ يېنىدا بىر پاقا چوكان تۇرغۇدەك. ئۇلار ئوغۇلدىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— پەرىزات چىرايلىقمۇ، ياقا چوكانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ
ئوغۇل نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. بىر دەم ئويلانغاندى
كېيىن ھېلىقى مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان سۆز يادىغا كەپتۇ. — د
— ھەر كىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق، — دەپتۇ
بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىن بىلەن دىۋە ناھايىتى خوش بولۇپ
ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال - دۇنيا ۋە سۇ بېرىپتۇ. سودىگەرلەر يەن
يول مېڭىپ بىر شەھەرگە كەلسە ھەممە كىشىلەر ئاسمانغ
قاراپ تۇرغۇدەك. ئەسلى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى ئۆلۈپ كېتىپ
شەھەرگە پادىشا سايلاش ئۈچۈن بىر قۇش قويۇپ بېرىلگەن
ئىكەن. شۇ قوش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ پادىشا بولىدىكەن. قۇش
كېلىپ ھېلىقى ئوغۇلنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. ئوغۇل پادىشا بولۇپتۇ.
يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆيىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە
كېچىدە يېتىپ كەپتۇ. ئوغۇل ئىشىكتىن مارىسا بىر ئايال بىلەن
بىر ئەر ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۇ «خوتۇنۇم باشقا بىرسى بىلەن ئۇخ
لاپتۇ» دەپ ئويلاپ غەزەپ بىلەن خەنجەرنى ئېلىپ ئۆيگە بې
سىپ كىرىپتۇ. ئەمما «توختاپ تۇر، ‹ئاچچىقتا سەۋر قىل› دەپتى
كەن» دەپ ئويلاپ ئايالىنى ئويغىتىپ:
— بۇ نىمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايالى كۈلۈپ كېتىپ:
— سىلى كەتكىلى يىگىرمە يىل بولدى. سىلى كېتىدىغان
چاغدا مەن ھامىلدار ئىدىم. يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئۇ بالا چوڭ
بولۇپ، بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى، — دەپتۇ. پادىشا
«مېنىڭمۇ نەۋرەم بولىدىغان بوپتۇ» دەپ خوشال بولۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ياقا گۇڭشېدىن: قارى ماخمۇت

# چاشقان بىلەن سودىگەر

بۇرۇن بىر سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ سودا قىلىش ئۈچۈن يىراق بىر شەھەرگە بېرىپ دەڭگە چۈشۈپتۇ. دەڭچى قىمارۋاز ئىكەن. ئۇ ئاخشامدا «قىمار ئوينايدىغانلار بارمۇ؟» دەپ توۋلاپتۇ. سودىگەر «مەن ئوينايمەن» دەپتۇ. ئىككىسى قىمار ئويناشقا كىرىشىپتۇ. دەڭچى قاراڭغۇ ئۆيدە مۈشۈكنىڭ ئۈستىگە بىر تال شامنى قوندۇرۇپ قويۇپتۇ. سودىگەر ھەيران بولۇپ:

— ھوي بۇ شام ئۆرۈلۈپ چۈشمەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دەڭچى:

— ياق، بىز تاڭ ئاتقىچە ئوينىساقمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ، — دەپتۇ.

سودىگەر بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ. ئىككىسى تىكىشىپتۇ. ئەگەر تاڭ ئاتقىچە مۈشۈك شامنى ئۆرۈۋەتمىسە سودىگەر دەڭچىگە قىرىق قاچا ئالتۇن بەرمەكچى بوپتۇ. دىگەندەك مۈشۈك شامنى ئۆرۈۋەتمەپتۇ. سودىگەر ئۇتتۇرۇپ قويۇپ قىرىق قاچا ئالتۇننى بېرىپتۇ-دە، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بولغان ۋەقەنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ھىيلە ئىشلىتىپتۇ. بۇلار ئەر-خوتۇن بىرنەچچە ئاي ئۈچ-تۆت چاشقاننى قەپەزگە سولاپ تەربىيىلەپتۇ. چاشقان قەپەزنى توك-توك ئۇرسا سىرتقا چىقىدىغان، توك-توك ئۇرسا قەپەزگە كىرىدىغان بولۇپتۇ. سودىگەر چاشقانلارنى ئېلىپ ھېلىقى دەڭچىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. بۇلار قىمار ئويناپتۇ. دەڭچى يەنە ئۆتكەندىكىدەك قىلىپتۇ. سودىگەرمۇ ئوقمىغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساپتۇ. دەگىجا:

— ئەگەر مۈشۈك تاك ئاتقىچە شامنى ئۆرۈۋەتمىسە مە پۈتۈن مال - دۇنيايىمنى ساڭا بېرىمەن. — دەپتۇ.

سودىگەر تۇيدۇرماي قەپەزىگە ئۈرۈپتىكەن چاشقانلار قەپەزدىن بىر - بىرلەپ چىقىشقا باشلاپتۇ. چاشقاننى كۆرگەن مۈشۈك بې ئېتىلىپتىكەن، شام دۈمبىسىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە سودىگە چاققانلىق بىلەن قەپەزنى يەنە ئۈرۈپتىكەن، چاشقانلار قەپەزگ كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سودىگەر دەگىجانىڭ پۈتۈن ئۆي بىساتىنى، مال - دۇنياسىنى ئۇتۇۋاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ياقا گۈڭشىدىن: توختى قارى

# ئالتۇن بېلىق

بۇرۇن بىر سودىگەر ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق، ساھىپجامال قىزى بار ئىكەن. سودىگەر قىزىنى تالا-تۈزگە زادى چىقارماي، يۈزىنى ئەرلەرگە كۆرسەتمەي چوڭ قىپتۇ. بىر كۈنى سودىگەر يولدا كېتىپ بارسا ئالدىغا بىر قۇرۇق كاللا ئۇچراپتۇ. سودىگەر ئۇنى ئېلىپ «لازىم بولۇپ قالار» دەپ سوقۇپ، بىر قەغەزگە ئوراپ قىزى تۇرىدىغان ئۆينىڭ تورۇسىغا تىقىپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى قىز كارۋاتتا يېتىپ تورۇستىكى قەغەزگە قاراپتىكەن، ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. سودىگەر قىزىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ خوتۇنىدىن:

— ئۆيگە بىرەر ئەر كىشى كىردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى قورقۇپ، قەسەم قىلىپ تۇرۇپ:

— كىرمىدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. سودىگەر ئاشۇ قۇرۇق كاللىدىن گۇمان قىلىپ، ئۇنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. قۇرۇق كاللا سودىگەرگە «تىرىكىم مىڭغا. ئۆلۈكۈم مىڭغا تېتىيدۇ» دەپتۇ-دە، سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئەسلى ئۇ ئالتۇن بېلىق ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر بېلىقچى بېلىق تۇتۇۋېتىپ، بۇ ئالتۇن بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ. بېلىقچى «بۇنى پادىشاغا بەرسەم جىقراق پۇل بېرەرمىكىن» دىگەن نىيەت بىلەن پادىشاغا سوغا قىلىپتۇ. پادىشا چىرايلىق كۆل ياساتىپ ئالتۇن بېلىقنى كۆلگە قويۇپ بېرىپتۇ. پادىشانىڭ قىرىق خوتۇنى بار ئىكەن، ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈندە كۆل بويىغا چىقىپ ئالتۇن بىلىقنى تاماشا قىلىدىكەن. بىر كۈنى پادىشانىڭ قىرىق بىرىنچى خوتۇنى كۆل بويىدا بىلىققا قاراپ تۇرغۇچىلارغا:

— بىز ئاياللار بىلىققا قارىساق نامەھرەم بولىدۇ، — دەپ يۈزىنى يېپىۋاپتىكەن، ئالتۇن بىلىق شۇ زامان ئۆلۈپ قاپتۇ.

سودىگەرنىڭ قىزى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى غايىپ قارى قويۇپتۇ. غايىپ قارى كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوڭ موللام بوپتۇ. پادىشا غايىپ قارىنىڭ ناھايىتى ئۇستا موللام ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ئالتۇن بىلىقنىڭ نىمە سەۋەپتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سورىماقچى بولۇپ، چاقىرتىپتۇ.

غايىپ قارى پادىشانىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشا:

— مىنىڭ ئالتۇن بىلىغىم نىمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. غايىپ قارى دەپتۇكى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن ئاشۇ ئالتۇن بىلىقنىڭ ئوغلى بولىمەن. مىنىڭ چوڭ دادام ئۇنى دەرياغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن بىر بىلىقچى ئۇنى تۇتۇۋىلىپ سىلىگە بەرگەن. سىلىنىڭ قىرىق بىر خوتۇنلىرىنىڭ قىرىق بىر ئوينىشى بولۇپ، ئۇلار سىلىنىڭ يەر ئاستى ئۆيلىرىدە داۋاملىق ئەيشى - ئىشرەت قىلىشىدۇ، ئۇلار ئاشۇنداق پەسكەشلىكنى قىلسا نامەھرەم بولماي، ئاشۇ ئالتۇن بىلىققا قارىسا نامەھرەم بولامدىكەن؟ شۇڭا ئالتۇن بىلىق ھاقارەتكە چىدىماي ئۆلۈپ قالغان. ئاشۇ قىرىق بىر خوتۇننى ۋە قىرىق بىر ئەرنى كۆزدىن يوقاتسىلا بىلىق ساقىيىدۇ، دۆلەتلىرى قۇدرەت تاپىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشا دەرغەزەپ بولۇپتۇ - دە، قىرىق بىر ئايال ۋە قىرىق بىر ئەرنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئالتۇن بىلىقمۇ تىرىلىپتۇ. پادىشانىڭ دۆلىتى كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىپ خەلقى ئىناق ۋە پاراۋان ياشاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ياقا گۇڭشېدىن: توختى قارى

## ئىت بىلەن مۈشۈك

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ يىراق بىر جاڭگالدا ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر ئىتى ۋە بىر مۈشۈكىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىكەن. بۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن. بوۋاي كۈندە ئوۋغا چىقىدىكەن. كەچتە ئوۋدىن قايتقاندا ئۇنى مۈشۈكى بىلەن ئىتى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدىكەن. بىر كۈنى بوۋاي ئۆزىنىڭ قورۇپ قويغان قاپقانلىرىنى يوقلاپ كەلسە مۈشۈكى بىلەن ئىتى ئالدىغا چىقماپتۇ. بوۋاي «بۈگۈن بۇ ئىككىسىگە نېمە بولغاندۇ؟ ھەر كۈنى ئالدىمغا چىقاتتى» دەپ ئويلاپ ھويلىغا كىرسە مۈشۈك بىلەن ئىت ئۇرۇشۇۋاتقان، ئۆيگە كىرسە نەرسە-كېرەكلەر چېچىلىپ ياتقان، بەزىلىرى سۇنغان. بوۋاي ھويلىغا چىقىپ مۈشۈكتىن سوراپتۇ:

— ھەي مۈشۈك، بۇ نېمە ئەھۋال؟

— ئىت «سېنى ئۇرىمەن، ھويلىغا چىق» دەپ ھەيۋە قىلدى، — دەپتۇ مۈشۈك، — ئۇنداق قىلما دېسەم «سېنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ قوغلىدى، ئاخىرى مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى.

بوۋاي بۇ گەپنى ئىشىتكەندىن كېيىن ئىتتىن:

— ھەي ئىت، سەن نېمىشقا مۈشۈكنى بوزەك قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىت ئاچچىقلاپ:

— مۈشۈك: «ماڭا ئىگەم ئاش بەرمەيدۇ، قورسىقىم ئاچ قالدى، دېدى» مەن: «سەن ئۆيدە تۇرساڭ، ئۆيدە تۇرغاندىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

داستىخان يېنىدا مېھمان بولۇپ ئولتۇرساڭ قوسىقىڭ نىمىشقا تويمايدۇ؟ مەن سەندىن چوڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تالادا تۇرىمەن، يەنە قوسىقىم تويىدۇ» دىدىم. دەل شۇ چاغدا ئۆيدە بىر چاشقان ۋىچىر - ۋىچىر قىلىۋىدى، مۇشۇك ئۆيگە كىرىپ چاشقاننى قوغلاپ يۈرۈپ نەرسە - كېرەكلەرنى بۇزۇپ چېچىۋەتتى. بولغان ۋەقە ئەنە شۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇشۇك دەرغەزەپ بولۇپ، كۆزلىرىنى بىر يۇمۇپ، بىر ئېچىپ بوۋايغا قاراپ:

— ئىت: «ئىگەم مېنى تالادا قويۇپ ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى بېرىدۇ، كۈندە قوسىقىم ئاچ قالىدۇ» دەپ غەيۋىتىمىزنى قىلدى، — دەپتۇ. بوۋاي مۇشۇكنىڭ گېپىنى راست دەپ ئىشىنىپ ئىتقا ئالىيىپ تۇرغاندا، ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىن ئىككى چاشقان سەكرەپ چىقىپتۇ. مۇشۇك شۇئانلا ئۇلارغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. چاشقانلار چاققانلىق بىلەن ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغان مۇشۇك ئاچچىقىغا پايلىماي تامدىكى قاپاقىقا ئېسىلغان ئىكەن، قاپاق يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپ كېتىپتۇ.

— ھەممە گۇنا مۇشۇكتە! — دەپ چۇقىراپتۇ ئۆز دۈشمىنىنىڭ مات بولغانلىقىدىن خوشاللانغان چاشقانلار.

بوۋاي گۇنانىڭ مۇشۇكتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرغەزەپ بولۇپ:

— يوقال كۆزۈمدىن! قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بەچچەغەر ئىكەنسەن، — دەپ كايىپ مۇشۇكنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. شۇندىن بېرى مۇشۇك بىلەن ئىت بىر - بىرىگە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ياقا گۈگشىدىن: نىياز تۇردى

## قاسىم ئوغرى

بۇرۇنقى زاماندا قاسىم ئوغرى دەپ كاتتا، ئەمما پىخسىق بىر ئوغرى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىر دەللال خوتۇنى بولۇپ، تۇغماي ـ تۇغماي ئاخىرى بىراقلا يەتتە قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قىزلار تەڭلا چوڭ بوپتۇ. بۇ قىزلارغا بايلاردىن، سودىگەرلەردىن، قازىلاردىن ئەلچىلەر كەپتۇ. لېكىن قاسىم ئوغرى قىزلىرىنى ئۇلارغا ياتلىق قىلىشقا ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئۇ قىزلىرىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئۇچىغا چىققان يەتتە ئوغرىغا ياتلىق قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىدە ئوغرى سەككىز بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ سەككىز ئوغرى سەككىز تەرەپكە مېڭىپتۇ. قاسىم ئوغرى چوڭ بىر شەھەرگە كەپتۇ. ئۇ بازارنى ئايلىنىپ كېتىپ بارسا، بىر زەرگەرنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە زىقچە ئالتۇن تۇرغۇدەك. قاسىم ئوغرى ئالتۇننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن زەرگەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە:

— ئالتۇنىڭىزنى ساتامسىز؟ — دەپتۇ. زەرگەر:

— ساتىمەن، — دەپتۇ. ئەمما ئىككىسى باھادا كېلىشەلمەي گەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئاخىرى قاسىم ئوغرى نىيىتىنى بۇزۇپ «بۇ ئالتۇن مېنىڭ ئىدى، ساتاي دەپ كەلسەم بۇ مۇتتەھەم مېنىڭ دەپ تۇرۇۋالدى» دەپ زەرگەرگە تۆھمەت قىپتۇ. زەرگەر «ياق، بۇ ئالتۇن مېنىڭ» دەپتۇ. ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قازى زەرگەردىن:

— ئالتۇنۇڭ قانچە زىقچا ئىدى، — دەپ سورىسا، زەرگەر دەپ

بىرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاسىم ئوغرى بىكاردىن-بىكار بىر مۇنچە ئالتۇنغا ئىگە بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئالتۇنلارنىڭ بىر قىسمىغا نۇرغۇن مال ئاپتۇ. ماللارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەپتۇ. ئۇ بىر كىراكەش بىلەن سۆزلىشىپتۇ، ئۇ بىر سەر ئالتۇن بەرسە كىراكەش ئۇنىڭ ماللىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئەمما، دەريادىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن قىزىل كۆزلۈك قىلىپ كىراكەشكە ھەق بەرمەكتە يوق، ئۇنىڭ خىچىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ. ئۇ ئۆيگە كەلسە قىزلىرى «بىزگە يېڭى كىيىم ئېلىپ بەر» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىشقا چىدىماي بىر ھىيلە ئىشلىتىش ئۈچۈن بازارغا بارسا بىر گەزمالچى رەخت سېتىۋاتقان ئىكەن. قاسىم ئوغرى رەختنى كۆرۈپ يەتتە توپ تاللاپتۇ-دە:

— ھوي قارى، مەن پۇل ئالماي كەپتىمەن، ئۆيگە بېرىپ پۇل ئېلىپ كەلگەچ رەختنى قىزلىرىمغا كۆرسىتىپ كېلەي، — دەپ رەختنى ئېلىپ ئۆيگە كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يەتتە كۈيوغلى ئۆيدە ئىكەن. ھېچنەرسىگە ئىگە بولالماي تىتىلداپ تۇرغان كۈيوغۇللار قاسىم ئوغرىنىڭ ئەكەلگەن ماللىرىغا كۆزى چۈشۈپتۇ-دە، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەتتە ئوغرى بىر بولۇپ قاسىم ئوغرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بارلىق مال-دۇنياسىغا ئىگە بولۇپ، قىزلىرىنى قويۇپ بېرىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ياقا گۈڭشېدىن: جامال شىرىپ

# پادىشا بىلەن باغۋەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر باغۋەن بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بىر تاغ ئارىسىدا ياشايدىكەن. ئۇنىڭ چوڭ بىر بېغى بولۇپ ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بار ئىكەن. بۇ باغنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم جەننەتنى كۆرگەندەك بولىدىكەن.

شۇ زامانلاردا بىر پادىشا بولۇپ، ئۆز مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىنى تازا ئېنىق بىلمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ۋەزىر ۋە ياساۋۇللىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر تاغ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنى ناھايىتى قاتتىق ئۇسسىزلىق بېسىپتۇ. ۋەزىر تاققا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، يىراقتا بىر يېشىللىق كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ يېشىل كۆرۈنگەن تەرەپكە ئات سېلىپتۇ. بۇ يېشىللىق ھېلىقى باغۋەن بوۋاينىڭ بېغى ئىكەن. ئۇلار باغنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھامان باغۋەن بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. بوۋاي بىر ئانارنى سىققان ئىكەن، سۈيىگە بىر چىنە تولۇپتۇ. پادىشا ئۇنى ھوزۇرلىنىپ ئىچىپتۇ. بوۋاي ئۇلارنى باققا باشلاپ كىرىپ سەيلە قىلدۇرۇپتۇ. پادىشا باغ سەيلىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە شىكارغا راۋان بوپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ:

— بۇ باغ ئەجەپ گۈزەل ئىكەن. بۇ بوۋاي قايسى پادىشاغا قاراشلىقتۇ؟ بىز مۇشۇ باغنى ئەپلەپ - سەپلەپ قولغا چۈشۈرسەك، — دەپتۇ ۋەزىرلىرىگە. كۈن چۈش بولاي دېگەندە ئۇلار يەنە بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. بۇ قېتىم ئۈچ دانە يوغان ئانارنىڭ ئارانلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر چىنە ئانار سۈيى چىقىپتۇ. پادىشا بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي بوۋاي، بۇ قانداق گەپ؟ ئەتىگەن بىر كىچ[ـ]
ئاناردىن بىر چىنە ئانار سۈيى چىققان ئىدى، ھازىر ئۈچ چو[...]
ئاناردىن ئاران بىر چىنە ئانار سۈيى چىقتى، — دەپتۇ. بوۋاي:

— بۇ پادىشانىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، -
دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشا غىڭ - پىڭ قىلالماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشا باغۋەن بوۋاينى ئوردىغا تەكل[ىپ]
قىپتۇ. پۈتۈن شەھەردىكى بارلىق ئادەملەر پادىشانىڭ ئەمر[ى]
بويىچە باغۋەن بوۋاينى داقا - دۇمباقلار چېلىپ قارشى ئاپ[ـ]
بوۋاي بۇ يەردە ئوبدان مېھمان بولۇپتۇ. پادىشا «ئەمدى مە[...]
بوۋاينى چارباغقا ئېلىپ باراي. ئۇنى مۇشۇ باغنى باشقۇرىدىغا[ن]
ئادەم قىلىپ قويۇپ، تاغدىكى بېغىنى قولغا چۈشۈرەي» دە[...]
ئويلاپتۇ. بىر كۈنى باغۋەن بوۋاي:

— مەن كەلگىلىمۇ ئۈچ - تۆت كۈن بولۇپ قالدى. ئۆ[...]
يالغۇز، مەن كېتەي، — دەپتۇ. پادىشا:

— بىزنىڭ چارباغنى بىر كۆرۈپ كېتىڭ، — دەپتۇ. بوۋاي
ماقۇل بولۇپ چارباغدا سەيلە قىلىپ بولۇپ «ئەمدى، مەن كېتەي
دەپتىكەن، پادىشا كۆڭلىدىكى ئويلىغانلىرىنى بوۋايغا ئېيتىپتۇ. بوۋاي

— بۇ پىلانلىرى ناھايىتى توغرا، لېكىن «ئۆز ئۆيۈمنىڭ
بوشلۇغى، پۇت - قولۇمنىڭ خوشلۇغى»، «ئۆگكۈر بولسىمۇ ئۆيۈ[م]
خوپ، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم خوپ» دېگەندەك، ئادەم يوق تاغدىكى
بولسىمۇ ئۆز بېغىم خوپ، ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم شەپقەت[ـ]
لىرىگە رەھمەت. شۇ خالى بېغىمغا كېتىۋالاي، ئۆزلىرى قاچاندا
بارسىلا مەن تەييار. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەل، مولچىلىق
قىلىشۇېتەي، بولسا كۈندە بېرىپ بىمالال ھوزۇرلانغايلا. — دەپتۇ.
پادىشا بوۋايغا قايىل بولۇپتۇ ۋە ئۈچ - تۆت ئادەمنى ھەمرا قىلىپ،
نۇرغۇن سوغا - سالام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۈچا ياقا گۈڭشېدىن: جامال شىرىپ

# پەملىك دىۋانە

بۇرۇن بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەر كېچىسى بىر ۋەزىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ «ماڭا قارشى قانداق سۆز - ھەركەتلەر بارئىكىن» دەپ تەكشۈرىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە، پادىشا ۋەزىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر كوچىغا كەلسە ئۈچ دىۋانە گۈلخان يېقىپ ئۆزلىرىنىڭ تاپقىنىنى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ، چىلىم چېكىشىپ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغۇدەك. پادىشا بىلەن ۋەزىر ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق ساپتۇ.

— بۇرادەرلەر، بىز بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىر يەردە بولۇۋاتىمىز، ئەمما تېخىچە بىر بىرىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلىشمىدۇق. — دەپتۇ دىۋانىلارنىڭ بىرىنچىسى.

— مەن مەغرىپ شەھىرىدىن. دادام مېنى سودا قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى. مال - مۈلكۈمنى يولدا قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى. ئۆيگە بارسام، دادام «سەن ماللارنى قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇپسەن، ياخشى - يامان يولدا يۈرۈپسەن» دەپ قاتتىق ئازار بەردى. مەن يالغۇز ئوغۇل ئىدىم. ئايىلىم. ئىككى بالام بار ئىدى. ئازارغا چىدىيالماي، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، «دادامنىڭ پۇلىنى تېپىپ كېلىمەن» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. مانا يەتتە يىل بولدى. دىۋانىچىلىق قىلىۋاتىمەن. ئۇرغۇنلىغان يەرلەردە بولدۇم. ئاخىر مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئانام، دادام، ئايالىم ۋە ئىككى بالام قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ؟ ئۇلار ھاياتمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئەگەر پادىشا مۇشۇ سىرىمنى ئۇققان بولسا، ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس مىڭ تەڭگىگە لايىق مال بەرگەن بولسا، بىر ئات ئېلىپ مىنىپ، دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ دۇئاسىنى بىر ئېلىۋالغان بولسام ئارمىنىم يوق ئىدى، — دەپ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپتۇ دىۋانىلارنىڭ ئىككىنچىسى.

— مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر دەرتمەن، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى. — دادامدىن قالغان نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئۈچ بىر تۇققۇنۇم ئېلىۋېلىپ مېنى قۇل ئورنىدا ئىشلەتتى. ئۇلار شۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، «بۇ بىزنىڭ مال - مۈلكىمىزنى ئوغلەرنىڭ بىردە بۇلاپ كېتىدۇ» دەپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. مەن جان ساقلاش ئۈچۈن قېچىپ چىقتىم. يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردىم، ئەمما، بىرئازمۇ دۇنيانىڭ ھەزرىتىنى كۆرمىدىم. مانا، بەش يىلدىن بۇيان پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتىمەن.

— ھەي. پالانى شەھەردە، پادىشا ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىغا بىر تاختاي ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئەجرى قىل دەرياغا تاشلا، ئەجرىڭنى ئاللادىن تىلە» دىگەن خەت يېزىلغان ئىكەن، — دەپتۇ دىۋانىلارنىڭ بىرىنچىسى، — مەن پادىشادىنمۇ تىلىمەيمەن، يەنە بىرسىدىنمۇ تىلىمەيمەن، مەن ھەممىنى ئۆز ئەجرىم - ھالال تېرىمدىن تىلەيمەن. مەن ياش، ئەگەر ئاز - تولا بىر نەرسە تاپقان بولسام ئۆز يۇرتۇمغا قايتسام، بەش - ئالتە مۇ يېرىم بار ئىدى. شۇنىڭغا ئەجرى قىلسام بولاتتى. ھەققىمنى ئاللا ئۆزى بېرەتتى.

— ھەي. «ئەجرى قىل دەرياغا تاشلا. ئەجرىڭنى ئاللادىن تىلە» دىگىنى قانداق گەپتۇ؟ — دەپتۇ دىۋانىلارنىڭ ئىككىنچىسى.

دىۋانىلارنىڭ بىرىنچىسى سۆز باشلاپتۇ:

— مەن شۇ شەھەرگە بارغاندا ئوردا دەرۋازىسىغا ئېسىلغان ھېلىقى خەتنى كۆردۈم. ئەمما مەنىسىنى قىلچە چۈشىنەلمىدىم. مەن راۋاپقا ئۇستا ئىدىم. مېنىڭ چالغان راۋابىمغا پۈتۈن خەلق

ئاشىق بولدى. داڭقىم پۈتۈن شەھەرگە تاراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پادىشا مېنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ «راۋاپ چېلىپ بەرسەڭ» دېدى. مەن راۋاپنى ناھايىتى ياخشى چېلىپ بەردىم. پادىشا خوشال بولۇپ نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك بەردى. مەن:

ــ پادىشاھى ئالەم، ماڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ كېرىگى يوق. سىز ئوردىڭىزنىڭ دەرۋازىسىغا «ئەجرى قىل دەرياغا تاشلا، ئەجرىڭنى ئاللادىن تىلە» دەپ يېزىپ قويۇپسىز. سىز مۇشۇ سۆزنىڭ سىرىنى دەپ بەرسىڭىز، ــ دېدىم. پادىشا بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

ــ خەير بوپتۇ، ئېيتىپ بەرسەم بېرەي، ــ دەپ سۆز باشلىدى، ــ مەن سېنىڭدىنمۇ ئۆتە بىر كەمبەغەل ئىدىم. ئۆز يۇرتۇمدا جان باقالماي، يۇرت كېزىپ يۈرۈپ مۇشۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر يېزىغا كەلدىم. بۇ يەردە بىر باي بار ئىكەن. بۇ باي شۇنداق بېخىلكى، ھەتتا «خوتۇن ئالسام نان يەپ كېتىدۇ» دەپ خوتۇنمۇ ئالمىغان ئىكەن. بىر كۈنى مېنى «ئىشلەمسەن؟» دېدى، «ئىشلەيمەن» دېدىم. كۈنلۈگۈمگە ئىككىدىن نان بەردى. چاي دېسەم، «چاي قاينىتىشقا ئوتۇن كېتىدۇ» دەپ، دەريانى كۆرسىتىپ قويدى. دەريا بويىغا بارسام، دەريا بويىدا بىر كىچىك كۆلچەك بار ئىكەن. كۆلچەكتە بېلىقچانلار ئويناپ يۈرگەن ئىكەن. ناننى سۇغا چىلاپ يەۋاتسام بېلىقچانلار نانغا قىزىقىپ پىلتىڭلاپ كەتتى. مەنمۇ قىزىقىپ يېرىم ناننى بېلىقچانلارغا بېرىۋەتتىم. بۇ ئىش ھەر كۈنى تەكرارلاندى. كۈنلەر ئۆتۈپ بېلىقچانلار يوغىنىدى، مەن بىر نان بېرىدىغان بولدۇم. بېلىقچانلار بارا ـ بارا يوتامدەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن يېرىم ناننى ئۆزەم يەپ، بىر يېرىم ناننى بېلىقچانلارغا بېرىدىغان بولدۇم. كېيىن تاپقىنىمنىڭ ھەممىسىنى بېرىدىغان بولدۇم. شۇ كۈنلەردە ھېلىقى باي ئۆلۈپ قالدى. بىرسى «بۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى مۇشۇ يۇرتتىكى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرەيلى» دېدى. جامائەت «ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇنداق جازانىخورنىڭ مىلى بىزگە هارام، بۇ بىخىل نان كېتىشتىن قورقۇپ خوتۇنىمۇ ئالمىغان، هەتتا مۈشۈ يىگىتكىمۇ تا هازىرغىچە ئىش هەققى بەرمەي، كۆنلۈكى ئىككى زاغرىلا بەردى. شۇڭا بۇ بىخىلنىڭ هەممە نەرسىسىنى مۈشۈ يىگىتكە بەرسەك دۇرۇس بولىدۇ» دەپ بايلىقنىڭ هەممىسىنى ماڭا بىرىۋەتتى. مەن بۇ تەئەللۇقاتنى ئېلىپ باشقا يۇرتلاردىن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆستەڭ چاپتۇردۇم، بوز يەر ئاچتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر گۈزەل بىر يېزىغا ئايلاندى. بارا - بارا چوڭ بازارغا، كېيىن شەهەرگە ئايلاندى. مېنى خەلق ئاهايىتى ياخشى كۆرگەچكە، بۇ شەهەرگە پادىشا قىلدى. قىرىق يىل بولدى. مانا مۈشۈ تەختتە ئولتۇرۇۋاتىمەن. قىرىق يىل جەريانىدا باشقا يۇرتلاردىن نۇرغۇن شەهەرلەردىكى قۇللارنى سېتىۋېلىپ كېلىپ بۇ يەردە ئازات قىلىۋەتتىم. هەممىسىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويدۇم. شۇڭا بېشىمغا كۈن چۈشسە هەممىسى ياردەم قىلىدۇ. دىمەك، مەن ئەجرى قىلدىم، ئەجرىم مېۋىسىنى ئاللا بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوردا دەرۋازىسىغا «ئەجرى قىل، دەرياغا تاشلا، ئەجرىڭنى ئاللادىن تىلە» دەپ يازغان ئىدىم، خەتنىڭ سىرى ئەنە شۇدۇر.

مەن ئوردىدىن قايتىپ چىقىپ، بۇ شەهەرگە كەلدىم ...

پادىشا بىلەن ۋەزىر دىۋانىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۈن - تىنسىز قايتىپ كەپتۇ. پادىشا ئەتىسى ياساۋۇللارغا:

— شەهەرنىڭ چېتىدە ئۈچ دىۋانە بار. ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ياساۋۇللار دىۋانىلارنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ.

— نەدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا. دىۋانىلار بىر - بىرىگە قارىشىپلا قاپتۇ.

— ئاخشام نىمە دىيىشتىڭ؟ راستىنى ئېيتىش! دەپتۇ پادىشا،

— پادىشاهى ئالەم، مەن سىلىنى ئازراق بىر نەرسە بەرگەن

بولسا دادامنى كۆرۈپ، دۇئاسىنى ئېلىۋالغان بولسام، دېگەن ئىدىم، — دەپتۇ دىۋانىلارنىڭ ئىككىنچىسى. ئۈچىنچى دىۋانىمۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى قىپتۇ. بىرىنچى دىۋانە بولسا:

— مەن سىلىنى تىللىدىم. مەن بىر شەھەردە «ئەجرى قىل دەرياغا تاشلا، ئەجرىڭنى ئاللادىن تىلە» دېگەن خەتنى كۆرگەن ئىدىم. شۇڭا مەن «ئازراقلا بىر نەرسە تاپسام ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ، قولۇمغا كەتمەن ئېلىپ، يەرلىرىمگە ئەجرى قىلسام، ئەجرى مېۋىسىنى خودا بېرەتتى» دەپ سىلىنى تىللىدىم، — دەپتۇ. پادىشا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپتۇ. دەسلەپكى ئىككىسىگە ئىككىدىن تۆت ئات ۋە نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىپ يولغا ساپتۇ. بىرىنچى دىۋانىنى بولسا بوينىغا تاقاق سېلىپ، «بۇنىڭغا مېنىڭ چېگرامدىن چىقىپ كەتكىچە كىمكى بىر بۇردا نان ياكى بىر ئوتلام سۇ بەرسە كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ جاكالاپ ھەيدىۋېتىپتۇ. بۇ دىۋانە بۇ پادىشالىقنىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ، باشقا بىر پادىشالىقنىڭ زېمىنىدا كېتىۋاتسا، تاققا يېقىن بىر جايدا ئۈچ كىشى ئوق - يالىرىنى بەتلەپ بىر بىرىنى ئۆلتۈرىمەن دەپ تۇرغۇدەك. دىۋانە ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

— ھە، ئوبدان كەپسەن، — دەپتۇ ھېلىقىلارنىڭ بىرى، — بۇ ئۈچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دە - تالاش بار. مۇشۇنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ قويساڭ قانداق؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ دىۋانە.

— بىز ئۈچەيلەن ئوغرى. بىر پادىشانىڭ غەزىنىسىگە تەككەن. بۇ پادىشانىڭ ناھايىتى ئېسىل بىر ساندۇغى بار ئىكەن. بىز «ساندۇقتا ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغان» دېگەن خىيالدا ئوغرىلاپ، مىڭ تەسلىكتە بۇ يەرگە ئەكېلىپ ئاچساق، ساندۇقتىن بىر ئورۇندۇق، بىر داستىخان، بىر چاپان چىقتى. چاپان يېڭىراق ئىكەن. ئۈچىمىز تالىشىپ قالدۇق. سەن مۇشۇ دەۋانى ئادىللىق

بىلەن سوراپ قوي، ـ دەپتۇ ئوغرىلار.

دىۋانە چاپاننى قولغا ئېلىپ تازا زەڭ ساپتۇ. بۇ ھەزرىتى ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا توقۇلغان، «چاپاننى قولغا ئېلىپ، لائىلاھە ئىللەللا، داۋۇت خەلىلىللا، دەپ پالانى ئايەتنى ئوقۇپ، قانچىلىك پۇل تىلىسەڭىز شۇنچىلىك پۇل بېرىدۇ» دىگەن خەت يېزىلغان چاپان ئىكەن. دىۋانە چاپاننى قاتلاپ قويۇپ، داستىخاننى قولغا ئاپتۇ. بۇ داستىخانمۇ بىر ئايەتنى ئوقۇپ ھەرقانداق تاماقنى تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىرلاپ بېرىدىغان خاسىيەتلىك داستىخان ئىكەن. دىۋانە داستىخاننى قاتلاپ قويۇپ ئورۇندۇققا زەڭ ساپتۇ. بۇ ئۇچار ئورۇندۇق ئىكەن، ئۇنىڭغا «ھەر قانداق ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، پالانى ئايەتنى ئوقۇپ مۇشۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرسا ئورۇندۇق ئۇچىدۇ. ئورۇندۇقنىڭ ئۇچۇش تېزلىكىگە ھىچنەرسە يېتەلمەيدۇ، ئورۇندۇق كۆزلىگەن جايغا ئاپىرىدۇ» دىگەن خەتلەر يېزىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن دىۋانە «ئۈچىلىسى ماڭا كېرەك ئىكەن. «خۇدا دىگەن قۇلىغا ئەپكەپ بېرەر يولىغا» دەپتىكەن. مانا خۇدا بەردى ئەمەسمۇ؟ ئوغرىنى قاراقچى ئۇردى، دەپ مەن بۇلارنى بىر جايلاي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە!

— قولۇڭلاردىكى ئوق ـ يالارنى ماڭا بېرىڭلار. مەن ئۈچ ئوقنى ئاتاي، كىم ئوقيانى بۇرۇن تېپىپ كەلسە چاپاننى شۇ ئالسۇن، ئىككىنچى بولۇپ كەلگىنى داستىخاننى، ئۈچىنچىسى ئورۇندۇقنى ئالسۇن، مۇشۇنداق قىلسام قوشۇلامسىلەر؟ — دەپتۇ. ئوغرىلار بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. دىۋانە كامالەكنى تازا چىڭ تارتىپ ئۈچ ئوقنى ئاتقان ئىكەن. ئۈچ ئوغرى ئوقلارنى قوغلاپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. دىۋانە داستىخاننى، چاپاننى ئالدىغا قويۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، كۆرسىتىلگەن ئايەتنى ئوقۇغان ئىكەن، ئورۇندۇق غارقىراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئوغرىلار چاڭ ـ توپا ئىچىدە قاپتۇ. دىۋانە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ تاغ باغرىدىكى بىر بۇلاقنى

كۆرۈپتۇ. ئۆزىنىڭمۇ قوسىقى ئاچقان ئىكەن، ئۇ «توختا، داستىخاننىڭ كارامىتىنى بىر كۆرەي» دەپ بۇلاق بويىغا چۈشۈپتۇ-دە، ئايەتنى ئوقۇپ، «ئېچىلىڭ داستىخىنىم» دەپتىكەن. داستىخان ئېچىلىپ، تۈرلۈك-نازۇ-نېمەتلەر ھازىر بوپتۇ. دىۋانە خوشاللىقىدا تاماق يەپ ئولتۇرسا، تاغ تەرەپتىن بىر كىيىك كېلىپ، بۇلاققا چۈشۈپ ناھايىتى كېلىشكەن بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن كىيىك كېلىپ بۇلاققا چۈشۈپتۇ. ئۇلارمۇ قىزلارغا ئايلىنىپتۇ. قىزلار چۆمۈلۈپ بولۇپ، بىر چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بەزمە قۇرۇشۇپتۇ. دىۋانە بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە سىرنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىكەن. قىزلار شۇئان بۇلاققا چۈشۈپ كىيىككە ئايلىنىپ تاققا چىقىپ كېتىپتۇ. دىۋانە يېنىدىكى قاپىقىغا كىيىك ئادەمگە ئايلانىدىغان سۇدىن ئېلىۋاپتۇ. ئاندىن چاپاننى قولىغا ئېلىپ «چاپىنىم مىڭ تىللا بەرسىڭىز» دىگەن ئىكەن، شۇئان مىڭ تىللا پەيدا بوپتۇ. دىۋانە مىڭ تىللانى يانچۇقىغا سېلىپ، يەنە ئۇچۇپتۇ. بىردەمدىلا ئۇ بىر شەھەرگە بېرىپ چۈشۈپتۇ-دە، بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كەلسە، سارايۋەن:

— ھەي دىۋانە، بۇ سەن ياتىدىغان ساراي ئەمەس، — دەپتۇ.

دىۋانە يېنىدىن بەش تىللا چىقىرىپ بېرىپتىكەن، ھېلىقى سارايۋەن دەرھاللا:

— ھوي بېگىم، قەيەردە ياتىلا؟ — دەپ تازىم قىپتۇ.

— ماڭا يالغۇز بىر ئۆي بىرىڭ، — دەپتۇ دىۋانە. شۇنداق قىلىپ دىۋانە يالغۇز بىر ئۆيگە چۈشۈپتۇ. سارايۋەن «بۇ ئۆزى بىر دىۋانىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەجەبا ماڭا ئىككى ئايدا تاپىدىغان پۇلنى بېرىۋەتتى» دەپ ھەيران بولۇپ قاپتۇ.

دىۋانە تاماق يەپ ئولتۇرسا بىردىنلا ناغرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن سوراپ قويى، ـ دەپتۇ ئوغرىلار.

دېۋانە چاپاننى قولغا ئېلىپ تازا زەڭ ساپتۇ. بۇ ھەزرىتى ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا توقۇلغان، «چاپاننى قولغا ئېلىپ، لائىلاھە ئىللەللا، داۋۇت خەلىلىللا، دەپ پالانى ئايەتنى ئوقۇپ، قانچىلىك پۇل تىلىسەڭىز شۇنچىلىك پۇل بېرىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان چاپان ئىكەن. دېۋانە چاپاننى قاتلاپ قويۇپ، داستىخاننى قولغا ئاپتۇ. بۇ داستىخانمۇ بىر ئايەتنى ئوقۇپ ھەرقانداق تاماقنى تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىرلاپ بېرىدىغان خاسىيەتلىك داستىخان ئىكەن. دېۋانە داستىخاننى قاتلاپ قويۇپ ئورۇندۇققا زەڭ ساپتۇ. بۇ ئۇچار ئورۇندۇق ئىكەن، ئۇنىڭغا «ھەر قانداق ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، پالانى ئايەتنى ئوقۇپ مۇشۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرسا ئورۇندۇق ئۇچىدۇ. ئورۇندۇقنىڭ ئۇچۇش تېزلىكىگە ھېچنەرسە يېتەلمەيدۇ، ئورۇندۇق كۆزلىگەن جايغا ئاپىرىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن دېۋانە «ئۈچىلىسى ماڭا كېرەك ئىكەن. «خۇدا دېگەن قۇلغا ئەپكەپ بېرەر يولىغا» دەپتىكەن. مانا خۇدا بەردى ئەمەسمۇ؟ ئوغرىنى قاراقچى ئۇردى، دەپ مەن بۇلارنى بىر جايلاي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە!

ــ قولۇڭلاردىكى ئوق ـ يالارنى ماڭا بېرىڭلار. مەن ئۈچ ئوقنى ئاتاي، كىم ئوقيانى بۇرۇن تېپىپ كەلسە چاپاننى شۇ ئالسۇن، ئىككىنچى بولۇپ كەلگىنى داستىخاننى، ئۈچىنچىسى ئورۇندۇقنى ئالسۇن، مۇشۇنداق قىلسام قوشۇلامسىلەر؟ ــ دەپتۇ. ئوغرىلار بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. دېۋانە كامالەكنى تازا چىڭ تارتىپ ئۈچ ئوقنى ئاتقان ئىكەن. ئۈچ ئوغرى ئوقلارنى قوغلاپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. دېۋانە داستىخاننى، چاپاننى ئالدىغا قويۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، كۆرسىتىلگەن ئايەتنى ئوقۇغان ئىكەن، ئورۇندۇق غارقىراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئوغرىلار چاڭ ـ توپا ئىچىدە قاپتۇ. دېۋانە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ تاغ باغرىدىكى بىر بۇلاقنى

كۆرۈپتۇ. ئۆزىنىڭمۇ قوسىغى ئاچقان ئىكەن، ئۇ «توختا، داستىخاننىڭ كارامىتىنى بىر كۆرەي» دەپ بۇلاق بويىغا چۈشۈپتۇ-دە، ئايەتنى ئوقۇپ، «ئېچىلغىن داستىخىنىم» دەپتىكەن، داستىخان ئېچىلىپ، تۈرلۈك-نازۇ-نېمەتلەر ھازىر بوپتۇ. دىۋانە خوشاللىقىدا تاماق يەپ ئولتۇرسا، تاغ تەرەپتىن بىر كېيىك كېلىپ، بۇلاققا چۈشۈپ ناھايىتى كېلىشكەن بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە نۇرغۇن كېيىك كېلىپ بۇلاققا چۈشۈپتۇ. ئۇلارمۇ قىزلارغا ئايلىنىپتۇ. قىزلار چۆمۈلۈپ بولۇپ، بىر چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بەزمە قۇرۇشۇپتۇ. دىۋانە بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە سىرنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىكەن. قىزلار شۇئانلا بۇلاققا چۈشۈپ كېيىككە ئايلىنىپ تاققا چىقىپ كېتىپتۇ. دىۋانە يېنىدىكى قاپىقىغا كېيىك ئادەمگە ئايلانغان سۇدىن ئېلىۋاپتۇ. ئاندىن چاپاننى قولىغا ئېلىپ «چاپىنىم مىڭ تىللا بەرسىڭىز» دېگەن ئىكەن، شۇئان مىڭ تىللا پەيدا بوپتۇ. دىۋانە مىڭ تىللانى يانچۇقىغا سېلىپ، يەنە ئۇچۇپتۇ. بىردەمدىلا ئۇ بىر شەھەرگە بېرىپ چۈشۈپتۇ-دە، بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كەلسە، سارايۋەن:

— ھەي دىۋانە، بۇ سەن ياتىدىغان ساراي ئەمەس، — دەپتۇ.

دىۋانە يېنىدىن بەش تىللا چىقىرىپ بېرىپتىكەن، ھېلىقى سارايۋەن دەرھاللا:

— ھوي بېگىم، قەيەردە ياتىلا؟ — دەپ تازىم قىپتۇ.

— ماڭا يالغۇز بىر ئۆي بېرىڭ، — دەپتۇ دىۋانە. شۇنداق قىلىپ دىۋانە يالغۇز بىر ئۆيگە چۈشۈپتۇ. سارايۋەن «بۇ ئۆزى بىر دىۋانىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەجەبا ماڭا ئىككى ئايدا تاپىدىغان پۇلنى بېرىۋەتتى» دەپ ھەيران بولۇپ قاپتۇ.

دىۋانە تاماق يەپ ئولتۇرسا بىردىنلا ناغرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— هوي، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ دىۋانە. سارايۋەن:
— بۇ يەرنىڭ پادىشاسى پۇلغا ناھايىتى ئامراق. ئۇنىڭ ئۆيىدە كېلىشكەن گۈزەل بىر قىز بار. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەلكى، ھەر قانداق ئادەم بىر كۆرسە ياشارغاندەك بولىدۇ. پادىشا پۇل تېپىش ئۈچۈن شۇ قىزنى ئىشقا سالدى. كىمدە - كىم يۈز تىللانى تەق قىلسا شۇ قىزنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە بىللە بولىدۇ. شۇڭا يۈز تىللا تەييارلىغۇچى ناغرىنى چالىدۇ، — دەپتۇ.
دىۋانە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە يۈز تىللا تۆلەپ قىزنى ئۆز ھوجرىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. قىز سۆز باشلاپ:
— مەن ئەسلى بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى ئىدىم. دادام قەرزدار بولۇپ قېلىپ مېنى پادىشاغا ساتتى. دادام ئەسلى مېنى بىر يىل-لىق ساتقان ئىدى. بىر يىل توشتى. ئەمما بۇ جازانىخور پادىشا دادامغا «قىزىڭغا ئۇسما ئالدۇق. پوسما ئالدۇق. كىيىم - كېچەك كىيگۈزدۇق» دەپ مېنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. بەش يىلنىڭ مابەينىدە خارلاپ كەلدى. مەن رەزىل تۇرمۇشتىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتى-مەن. بۇنداق ياشاشنى ۋىجدانىم ئەسلا كۆتەرمەيدۇ. ئامالنىڭ يوقلۇغىدىن سەۋر قىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.
دىۋانە بۇنى ئاڭلاپ:
— سىز بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنى خالامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەلۋەتتە خالايمەن، — دەپتۇ قىز، — مېنىڭ بۇ ئىپلاس-لىقتىن قۇتۇلۇپ، بىر ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقىپ، ئۆمرۈمنى شۇ ئادەمنىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزسەم دىگەن ئۈمىدىم بار.
— مەن سىزنى قۇتۇلدۇرسام قانداق؟ — دەپتۇ دىۋانە.
— قولىڭىزدىن كەلسە ناھايىتى خوشال بولغان بولاتتىم، سىزگە ئۆمۆر بويى دۇئا قىلغان بولاتتىم، — دەپتۇ قىز.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دىۋانە، — مەن سىزنى كىيىمككە ئايلاندۇرۇپ قويىمەن. پادىشا «بۇنى ساقايتىدىغان ئادەم بارمۇ؟»

دەپ پەرمان چىقىرىدۇ، مەن تېزىپ بولۇپ كېلىپ، سىزنى ساقايتىپ ئېلىپ كېتىمەن.

— ماقۇل، — دەپتۇ قىز.

دىۋانە قاپاقتىكى سۇنى قىزنىڭ بېشىغا شۇنداق قۇيغان ئىكەن، قىز كېيىككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ. پادىشا ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن:

— كىمكى بۇ كېيىكنى ئادەمگە ئايلاندۇرسا مەن ئۇنى شۇ كىشىگە بېرىمەن، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

دىۋانە بېشىغا يوغان سەللىسىنى يۆگەپ، باشقىچە ياسىنىپ كېلىپ پادىشاغا:

— ھوي بۇ قىز دىۋە - پەرىلەرنىڭ ھەققىنى يەپ سالغان ئىكەن. مەن قىزنى پۈتۈن دىۋە - پەرىلەرنى يىغىپ، دۇئا ئوقۇپ ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. سىلە پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بەش كۈنگىچە تالاغا چىقمىسىلا، — دەپتۇ. ھەممە ئادەم ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قاپىقىدىكى سۇنى كېيىكنىڭ بېشىغا قۇيغان ئىكەن، قىز ئەسلىگە كېلىپتۇ.

— ئەمدى مەن سىزنى ئاتا - ئانىڭىزنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قوياي، — دەپتۇ دىۋانە.

— ياق، مەن سىز بىلەن بىللە كېتىمەن. سىز مېنى ئىپلاس تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇردىڭىز شۇڭا مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن، — دەپتۇ قىز.

— مەن سىزگە قانچىلىك دېسىڭىز، شۇنچىلىك مال - دۇنيا بېرەي، دادىڭىزنىڭ يېنىغا كېتىڭ، — دەپتۇ دىۋانە.

— ياق، سىز بىلەن كېتىمەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ قىز.

— راستىنلا مەن بىلەن كېتىشنى خالامسىز؟ — دەپتۇ دىۋانە.

— راستىنلا، — دەپتۇ قىز.

www.uyghurkitap.com

# قەھرىماننىڭ ھىكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا رۇم مەملىكىتىدە جەبىرە كەبىر ئىسىم-لىك بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرسىنىڭ ئىسمى قەدرات. يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى قەھرىمان ئىكەن. قەدرات ئون ئىككى ياش، قەھرىمان سەككىز ياش ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشا كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋا كار قىلماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئىككى ئوغۇل يېتىم قاپتۇ. بىر كۆنى قەدرات بىلەن قەھرىمان ئاتىسىنىڭ قەۋرىسىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار دۇئا-تەكبىرنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋات-قاندا، دۇنيانى ساياھەت قىلىپ بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان زەمزەم باشلىق بىر توپ دىۋە كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئۇلارغا ئېتىلىپتۇ. دىۋىلەر قەدراتنى تۇتالماپتۇ. قەھرىماننى تۇتۇۋېلىپ ئۆز ماكانى كويىقاپقا ئېلىپ بېرىپتۇ. دىۋىلەر ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈز-مەي ئوبدان بېقىپتۇ. قەھرىمان ھەر كۆنى بىر قولى بىلەن ئون مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتىكى تاشلارنى ئاسمانغا ئېتىپ، بىر قولى بىلەن تۇتۇشنى مەشىق قىلىپتۇ. ئاخىر بۇ ھونەرنى كاما-لىغا يەتكۈزۈپتۇ. قەھرىماننىڭ بۇ ئاجايىپ ھونىرىنى كۆرگەن دىۋىلەر ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، «ئون ئىككى ياشلىق بالا ھازىر مۇشۇنداق كارامەت ئىشلارنى قىلىۋاتسا ئون بەش-ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەندە پۈتۈن كويىقاپنى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن» دىگەن خىيالغا كەپتۇ.

دىۋىلەرنىڭ تەشۋىشى كۆچەيگەن كۆنىلەرنىڭ بىرىدە قەھرىمان دىۋىلەرگە:

— مەن سىلەرگە ئۇخشىمايمەن، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، مېنىڭ ئانام كىم؟ ئاتام كىم؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىۋىلەر:

— سېنىڭ ئاناڭ دىۋە پەرىزات، ئاتاڭ بولسا ئادىمىزات، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئاتا - ئانام ھازىر نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ قەھرىمان.

— ئاتاڭ ئۆلۈپ كەتكەن، ئاناڭ ھازىر ئادەمىزات بار يەردە، — دەپتۇ دىۋىلەر.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قەھرىمان، — مەن ئانامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىمەن!

قەھرىماننىڭ بۇ جىددى تەلىۋىنى ئاڭلاپ دىۋىلەرنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار قەھرىماننى قانداق قىلىپ كويىغاپنى تاپالماس قىلىۋېتىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپتۇ. ئاخىرى ئۇلار قەھرىماننىڭ كۆزىنى تېڭىپ، بىر چۆلگە ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قەھرىماننىڭ يۇرتىدىن ئاڭلايلى. جەبىرە كەبىر ئۆلگەندىن كېيىن پادىشالىق تاجىنى ئۇنىڭ ئىنىسى ھۇشات كىيگەن ئىكەن. ھۇشات پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن پادىشالىقنى ئادىل ۋە دادىل قىلىپتۇ. پۈتۈن خەلقى ئۇنىڭدىن رازى ئىكەن، ئۇنى ھۆرمەتلەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەھىندى دىگەن جايدىن بىرقانچە مىڭ پۇقرا پادىشا ھۇشاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىز ئەلنى ئادىل سورىمىدى، خەلققە ئالۋاڭ - ياساق، باج - سېلىقلارنى كۆپ سالدى، نۇرغۇن بىگۇنا

ئادەمنى زىندانغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۆز ماكانىنى تاشلاپ چەت-جايلارغا سەرسان-سەرگەردان بولۇپ چىقىشقا باشلىدى. بىزمۇ جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدۇق، — دەپتۇ. پادىشا هۇشات بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەھىندى خەلقىنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ جاھانغا تونۇلغان داڭلىق پالۋانلاردىن ئوتتۇزنى تاللاپ ئۇنىڭغا گەردان دىگەن بىر سەركەردىنى باشلىق قىلىپ، ئۈچ يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن دەھىندىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ساق بىر ئاي يول يۈرۈپ، سەپىرىنىڭ يېرىم يولىغا كەلگەندە بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ تىلسىم بولۇپ قالغانلىغىنى كۆرۈپتۇ. باش سەركەردە گەردان سەركەردىلىرىگە:

— بىز بۇلارنى ئەسلى هالىتىگە كەلتۈرمىگۈچە سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرماسلىغىمىز لازىم، — دەپتۇ. بۇ ئىككى ياشنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى قۇرام تاشقا پىتىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ شۇ تەرىقىدە تۇرغىنىغا يىگىرمە تۆت يىل بولغان ئىكەن.

پادىشا هۇشات باش سەركەردە گەردانغا:

— بۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. گەردان:

— بۇ يەردىن بىر يىللىق يىراق جايدا زاغزاق ئاتلىق بىر دىۋە بار. بۇنىڭ سىرىنى شۇ بىلىدۇ. مەن زاغزاق بىلەن بىللە ئۆسكەن، مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالىنى دەي، — دەپتۇ ۋە پادىشادىن رۇخسەت ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە سېھىرگەرلىك هۈنىرىنى پۇختا بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر كۆتىرىلىپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ. ئۈچ كېچە-كۈندۈز توختىماي ئۇچۇپ، ئاخىرى زاغزاق دىۋىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. زاغزاق ئۇنى ناهايىتى ئوبدان كۈتىۋاپتۇ. ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىپتۇ. گەردان ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئېيتىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدىرىماپتۇ. پەقەت:
— مەن زېرىكىپ قېلىپ، سىنىڭ يېنىڭغا بىر سەير يىل تاماشا قىلاي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ. ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن زاغزاق ئۇنىڭغا:
— سەن بۇ يەرگە بىرەر مۇددىئا بىلەن كەلدىڭ. زادى قانداق ئىش دېگىن، — دەپ كوچىلاپ سوراپتۇ. گەردان ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان زاغزاق گەردانىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپتۇ. ئاخىرى زاغزاق:
— بۇ يەردىن بىر كۈن ماڭسا بارغىلى بولىدىغان جايدا بىر دېۋە بار. بۇ دېۋىنىڭ چىنار ئۈستىدە ئالتۇن تەختى بار. ئۇ ھازىر شۇ يەردە ئۇخلاپ ياتىدۇ. ئۇ بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن بىر شامال دەرياسى، بىر ئوت دەرياسى ۋە بىر مۇز دەرياسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بىر ئۈچۈم توپىغا ئەپسۇن ئوقۇپ قەغەزگە يۆگەپ ساڭا بېرەي. بۇ توپىدىن دەرياغا چاچساڭ يول ئېچىلىدۇ. دېۋىنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئەپسۇن ئوقۇلغان توپىدىن ئۇخلاپ ياتقان دېۋىنىڭ بېشىغا چاچساڭ ئۇ ھېچنەرسىنى تۇيمايدۇ. سەن ئۇنىڭ پوت-قوللىرىنى باغلاپ مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەل، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ. گەردان شۇ بويىچە ئىش قىلىپتۇ. ئاخىرى دېۋىنىڭ پۇت-قولىنى باغلاپ زاغزاقنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلاپتۇ. زاغزاق:
— بۇ مەلئۇننى ھېلىقى تىلسىم قىلىنغان ئىككى ياشنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ مىڭ پاتمانلىق زەنجىر بىلەن يوغان بىر توپ دەرەخكە باغلاپ يۈزىگە ئەپسۇن ئوقۇلغان توپىدىن چاچساڭ ئۇ ئۇيغىنىپ تىلسىمنى يېشىدۇ، — دەپتۇ گەردانغا چۈشەندۈرۈپ، —

سىلەر دىۋە ئويغانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تىلسىم قىلىنغان ئىككى ياشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئېيتىشىڭلار. ئۇ بىر بولسا، تەلىۋىڭلارغا قوشۇلىدۇ، بىر بولسا قوشۇلماي قارشىلىق قىلىدۇ، زەنجىرنى ئۈزۈپ قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق قىلسا ئۇمۇت بىلەن بىرنى ئۇرساڭلار ئۇ دەھال ھالەك بولىدۇ. ئىككى قېتىم ئۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئاققان قاننى ئىككى تىلسىمنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا سۈرتسەڭلار ئۇلار ئەسلىگە كېلىدۇ.

زاغزاق گەردانغا ئىككى دىۋىنى قوشۇپ ھىلىقى دىۋىنى كۆتەرگۈزۈپ يولغا ساپتۇ. ئۇلار تىلسىم بار يەرگە كېلىپ دىۋىنى يوغان دەرەخكە باغلاپ ئەپسۇن ئوقۇلغان توپىدىن دىۋىنىڭ يۈزىگە چاچقان ئىكەن، دىۋە شۇ ھامان ئويغىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. ئەسكەرلەر ئۇنى ئۇمۇت بىلەن بىر ئۇرغان ئىكەن، دىۋە ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭدىن ئاققان قاننى ھېلىقى ئىككى ياشقا سۈرگەن ئىكەن، ئۇلار ئەسلىگە كېلىپ، تاشتىن سوغۇرلۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار پادىشا ھۆشاتنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئەسلىدە يىگىت ئادەمزاتنىڭ بالىسى، قىز پەرىزاتنىڭ قىزى بولۇپ، بولار ئاشىق-مەشۇقلاردىن ئىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قىزنىڭ دادىسى «مەن قىزىمنى ئادەمزاتنىڭ بالىسىغا بەرمەيمەن» دەپ توسقۇنلۇق قىلىپتۇ. لېكىن، قىزمۇ ئۆز مۇھەببىتىدىن ۋاز كەچمەپتۇ. قىزنىڭ دادىسى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنى تىلسىم قىلىۋەتكەن ئىكەن. بۇلار ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن پادىشا ھۆشات لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار كۆپ يول بېسىپ، چۆل باياۋانلارنى كېزىپ، ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قەھرىماندىن ئاڭلايلى:

قەھرىمان دىۋىلەر تاشلىۋەتكەن جەزىرىدە بىر بۇلاق بويىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماكان تۇتۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاڭگالدا ئۇۋ ئۇۋلاپ يۈرگەن قەھرىمان
پادىشا ھۇزشاتنىڭ ئەسكەرلىرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. ئەسكەرلەر
قەھرىماننى مەسخىرە ۋە مازاق قىپتۇ. قەھرىمان بوش كەلمەي
ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سۆز ياندۇرۇپ ئۇلارنى ئېغىز ئاچالماس
قىلىپ قويۇپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار تۇتۇشۇپ قاپتۇ. لەشكەرلەر
قەھرىمانغا تەڭ كېلەلمەي تەرەپ-تەرەپكە قېچىپتۇ. بۇ چاغدا
قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا قەھرىمان ئېلىشىشتىن توختاپ ئۆز
ماكانىغا قايتىپتۇ. لەشكەرلەرمۇ ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىپتۇ. لەشكەر-
لەر چېدىرلىرىغا توپلانغاندىن كېيىن، سەركەردىلەر بۇلارنىڭ
سانىنى ئېلىپ بىرقانچە ئون مىڭ لەشكەرنىڭ بۈگۈنكى جەڭدە
ھالاك بولغانلىقىنى بايقاپ، جان ئاچچىقىدا ئۆز گۆشىنى ئۆزى
يىگۈدەك بولۇپتۇ.

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۈگۈن بىز ئۈچۈن بەختسىز،
قايغۇلۇق كۈن بولدى. بىز كۆپ چىقىم تارتتۇق. ئەگەر بەختىمىز-
گە يارىشا كۈن كەچ بولۇپ قالمىغان بولسا ھېلىقى پالۋان بىز
بىلەن مېنىمۇ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدۇرغان بولاتتى، — دەپتۇ
گەردان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشا غەزەپلىنىپ ۋاقىراپتۇ:

— ھۇ ھارام تاماقلار، شۇنچە ئادەم يالغۇز بىر كىشىگە
تەڭ كېلەلمەي قېچىپ كېلىشتىڭمۇ؟ كېچىچە جەڭ ھازىرلىقىنى
ئوبدان قىلىپ ئەتە ئۇنى تۇتۇپ كەلمەيدىغان بولساڭ، سەن
گەردانىڭ جېنىنى ئالىمەن!

پادىشا ئاچچىقى بىر ئاز پەسكويىغا چۈشكەندىن كېيىن
گەردانى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— مەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي، —
دەپتۇ گەردان.

— ئۇنداق بولسا ھازىرقى سائەتتىن باشلاپ ھەركەت

قىلى، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ پادىشا.

گەردان ئوتتۇز نامدار پالۋاننى تاللاپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدراتمۇ بار ئىكەن. بۇ ئوتتۇز پالۋان ئەتىسى گەردان باشلىغىدا قەھرىماننى ئىزلەپ چۆللۈككە قاراپ مېڭىپتۇ.

قەھرىمان ئۆز ماكانىدا بۇلاق بويىدا گۈلخان يېقىپ كاۋاپ پىشۇرۇپ يەپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇيىاق ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. قەھرىمان «تونۇگۈن مەغلۇپ بولۇپ قاچقان دۈشمەنلەر بۈگۈن مېنى تۇتقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ-دە، دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈپ جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئۇ تەييارلىق قىلىۋاتقاندا لەشكەرلەر يېقىنلاپ قاپتۇ. گەردان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ:

— ئى يىگىت ئىسمىڭ نىمە؟ زاتىڭ كىم؟ نەدىن كەلدىڭ؟ سەن ئادىمىزاتمۇ؟ ياكى دىۋە؟ — دەپ سوراپتۇ. قەھرىمان:

— مەن رۇم مەملىكىتىدىكى جەبرە كەبىر دىگەن پادىشانىڭ ئوغلىدۇرمەن. ئاتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مېنى دىۋىلەر تۇتۇۋېلىپ ئۆز ماكانىغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. مېنىڭ بىر تۇققان ئاكام بار ئىدى. دىۋىلەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە مېنى مۈشۈ باياۋانغا ئەكىلىپ تاشلىۋەتتى. شۇندىن بۇيان مۈشۈ بۇلاق بويىنى ماكان تۇتۇپ ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ ياشاپ كەلدىم. مېنىڭ ئېتىم قەھرىمان، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

قەھرىماننىڭ گېپى تۈگۈمەيلا نېرىدا تۇرغان سەركەردىلەر ئارىسىدىن قەدرات ئېتىلىپ چىقىپ ۋاقىراپتۇ:

— ۋاي سەن مېنىڭ ئىنىم قەھرىمانمۇ؟!

قەھرىمان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاكىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار يىغا-زارە قىلىشىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا پالۋانلارمۇ قوراللىرىنى تاشلاپ، ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قەھرىمان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. گەردان قەۋەتلا خوش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ كېتىپتۇ. قەھرىمان بۇلارنى ئۆز كەپىسىگە باشلاپ كىرىپ
مېھمان قىلىپتۇ. بۇ خەۋەردىن پادىشامۇ بەك خوشال بولۇپتۇ.
گەردان باشچىلىغىدىكى پالۋانلار بىر كېچىنى قەھرىمان بىلەن
بىللە ئۇنىڭ كەپىسىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. قەھرىمانغا پادىشانىڭ
نامىدىن «بىرىنچى پالۋان» دېگەن نام بېرىلىپتۇ. ئەتىسى تاڭ
سۈزۈلۈش بىلەن پالۋانلار قەھرىماننى ئېلىپ خوشال ھالدا
پادىشا ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. ئۇلار دەھىندىگە قاراپ داۋاملىق
ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر دەريا بويىغا
كەپتۇ. ئۇلار بۇ دەريادىن قانداق ئۆتۈشنى بىلەلمەي تۇرغاندا،
دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن سەككىز ئاياقلىق، ئىككى باشلىق،
تۆرت مۈڭگۈزلۈك بىر مەخلۇق چىقىپ لەشكەرلەرنى سۈر-توقاي
قىلىۋېتىپتۇ. لەشكەرلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ مەخلۇققا تەڭ
كېلەلمەپتۇ. شۇ چاغدا قەھرىمان يۈرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا
چىقىپ مىڭ بىر جاپادا بۇ مەخلۇقنى تۇتۇپتۇ. لېكىن
بۇ مەخلۇق قارشىلىق بىلدۈرۈپ، سەت چىقىراپ قەھرىماننى
دەرياغا سۆرەپتۇ. قەھرىمانمۇ بوش كەلمەپتۇ. قەھرىمان ئاخىرى
ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا چىلىك ئۆتكۈزۈپ،
يۈگەن سېلىپ، دۈمبىسىگە ئېگەر توقۇپ، ئۆزى جەڭدە مىنى-
دىغان ئات قىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن دەريادىن سالا-
مەت ئۆتۈپ يولىنى داۋام قىلىپتۇ. دەھىندىگە بەش كۈنلۈك مۇساپە
قالغاندا، دەھىندىنىڭ پادىشاھى بۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن-
لىكىنى ئاڭلاپ، پايتەختىنى باشقا يەرگە يۆتكەپ،
پۈتۈن لەشكەرلىرىنى توپلاپ جەڭگە تەييارلىق
قىلىپتۇ. ھوشاتىنىڭ لەشكەرلىرى دەھىندىگە يېتىپ بېرىپتۇ، ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئىككى سەپ بولۇپ تۇرۇشۇپتۇ. ھەر
ئىككى تەرەپتىن بىردىن پالۋان ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ.

دەھىندى پادىشاسىنىڭ سەرۋۇق دەمان دېگەن بىر قىزى

ار ئىكەن. بۇ قىزنى ئالىمەن دىگەن ئادەم قىز بىلەن ئېلىشىش ىكەن. ئېلىشقان ئادەم قىزنىڭ دۈمبىسىنى يەرگە تەككۈزەلمىسە، قىزنى ئالىدىكەن، تەككۈزەلمىسە قىز ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن. دەھىندى تەرەپتىن شۇ قىز ئەرەنچە ياسىنىپ بىرىنچى مەرتەم مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن چۈشكەن پالۋان ئاتلىق بولۇپ، قوللىرىدا قىلىچ بار ئىكەن. قىز ھۆشاتنىڭ يىگىرمە پالۋىنىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زادىلا چىداپ تۇرالمىغان قەھرىمان پادىشا ئالدىغا كېلىپ تازىم بىلەن:

— ئەمدى مەيدانغا مەن چۈشەي، جانابى پادىشاھى ئالەم، رۇخسەت قىلىسىڭىز، — دەپ تەلەپ قىلىپتۇ. بىراق پادىشا قەھرىماننىڭ تەلىۋىگە قوشۇلماپتۇ. ھۆشاتنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمى دىگۈدەك قىرىلىپتۇ. شۇندىلا ھۆشات قەھرىمانغا رۇخسەت قىلىپتۇ. قەھرىمان ھېلىقى سەككىز ئاياقلىق، ئىككى باشلىق، تۆت مۆڭگۈزلۈك مەخلۇققا مىنىپ، قولىغا ئۆتكۈر قىلىچ ئېلىپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك نەرە تارتىپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئىككى پالۋان مەيداندا شۇنداق قاتتىق ئېلىشىپتۇكى، ھەممە گۈمپىلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇلار مەيداندىن چەتنەپ، جاڭگال، تاغ، جىلغا، ئىدىرلاردا ئېلىشىپ بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى پالۋان قىز:

— ھەي پالۋان يىگىت، مەن سەندەك داڭدار پالۋاننى ئۆز ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئەگەر سەن راستىنلا مەرت يىگىت بولساڭ بىر سائەت دەم ئېلىۋالايلى! — دەپتۇ. قەھرىمان قىزنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. ھەر ئىككىلىسى ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ - دە، ئاتنى چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن تەرلەپ كەتكەن قىز بېشىغا ئورىۋالغان نەرسىلەرنى يەشكەن ئىكەن، ئۇنىڭ قارا ئۇزۇن چاچلىرى يەلكىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يېيىلىپتۇ. ئۆزى بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشقان پالۋاننىڭ قىز ئىكەنلىكىنى كۆرگەن قەھرىمان ھەيران بولۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ ئايدەك جامالىغا قاراپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل ئىسسىق ئېقىم تاراپتۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجاشقا باشلاپتۇ. ئۇ «مەن بىر ئەر تۇرۇپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپمۇ بىر قىزنى يېڭەلمىدىم. بۇ بىر نومۇس ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپتۇ. قەھرىمان شۇ ئان غەيرەتلىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كىتىپتۇ ۋە قىزغا قاراپ:

— ھەي پالۋان، قوپ ئورنىڭدىن! — دەپ ۋاقىراپ، ئۇنى ئېلىشىشقا چاقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى پالۋان يەنە ئاتلىرىغا مىنىپ، قىلىچ ئوينىتىپ ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. قەھرىمان ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈپ، نىشانلاپ تۇرۇپ قىزغا بىر قىلىچ ئۇرغان ئىكەن، قىز ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن قاچۇرۇۋاپتۇ. ئەمما قىز قەھرىماننىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قاپتۇ ۋە ھۇجۇمغا ئۆتەلمەپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن قەھرىمان ئاجايىپ مەخلۇقنى دېۋىتىپ كېلىپ، ئۆزىنى قىزغا ئېتىپتۇ. ئۇ قىزنىڭ بېلىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قىزنى ئاتتىن يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. بۇلار پومداقلىشىپ كېتىپتۇ. قىز بارا ـ بارا ھالسىزلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەھرىمان قىزنى بېسىۋاپتۇ. قىز قەھرىمانغا قول قويۇپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىپتۇ. قەھرىمان قىزنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ كەپتۇ. دەھىندى پادىشاسى تەسلىم بولۇپتۇ. دەھىندى پادىشاسى ھۇشاتنى ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ چوڭ زىياپەت بېرىپتۇ. ئۇ ئۆز شەھىرىدىكى بىگۇنا قامالغان ئادەملەرنى زىنداندىن قويۇپ بېرىپتۇ. دەھىندى پادىشاسى ھۇشاتقا ئەل بولۇپتۇ. ھۇشات دەھىندى پادىشاسىغا ئۆز دۆلىتىنى ئۆزى سوراشنى، بىراق پۇقرالارنى خارلىماسلىقنى بۇيرۇپتۇ. دەھىندى پادىشاسى خوشال بولۇپ، بۇ ئىشلارنى قىل-

ماسلىقتا تىلغىنەت بېرىپتۇ. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز تىوي قىلىپ قىزنى قەھرىمانغا نىكالاپ قويۇپتۇ.

پادىشا ھۇشات ئۆز شەھىرىگە قايتىشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرغاندا كويىقاپتىن يەتتە دىۋە كېلىپ ئىككى پادىشاغا:

ــ كويىقاپتىكى ئەتتاد ئورغۇن دىۋىلەرنى زىندانغا تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۈچ يۈز يىل، كەينىگە يۈز ئەللىك يىل بولدى، ئۇلار ناھايىتى كۆپ جاپا چەكتى. بۇ زىندانىنىڭ ئىشىگىگە «بۇلارنى قەھرىمان ئۆزى كېلىپ ئازات قىلغاي» دىگەن چوڭ خەت يېزىلغان. بىز شۇڭا قەھرىماننى ئىزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلدۇق، ــ دەپتۇ.

قەھرىمان بۇ تەكلىپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. ھۇشات ئۆز شەھىرىگە يول ئاپتۇ. قەھرىمان گەردان بىلەن بىللە دىۋىلەرگە مىنىپ كويىقاپقا قاراپ يول ئاپتۇ. سەككىز كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن كويىقاپقا يېتىپ كەپتۇ. قەھرىمان بىر يەرگە كېلىپ:

ــ مۇشۇ يەرگە چۈشەي ۋە ئىشنى باشلاي، ــ دەپتۇ.

دىۋىلەر ئۇنىماي:

ــ بۇ يەر ناھايىتى خەتەرلىك، چۈشۈشكە بولمايدۇ، ــ دەپتۇ. قەھرىمان ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى دىۋىلەرنى قايىل قىلىپ، ئۆزى دىگەن يەرگە چۈشۈپتۇ. دىۋىلەر گەردان ھېرىپ قالغاچقا جايىدا يېتىپلا ئۇيقۇغا غەرق بولۇپتۇ. گەردان دىۋىلەرنى ساقلاپ شۇ يەردە قاپتۇ. قەھرىمان زىنداندىكى دىۋىلەرنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. ئۇ بىر جايغا بارسا بىر قىلىچ دەرەخكە ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. بۇ قىلىچ پارقىراپ ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. قىلىچنىڭ دەستىگە «بۇ قىلچنى قەھرىمان دىن باشقا ھەرقانداق بىر كىشى تۇتمىغايلار» دەپ خەت پۈتۈلگەن ئىكەن. قىلىچنى ئىككى ئەجدىھار ساقلاپ ياتىدىكەن. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر - بىرىگە قارىشىپ، غاردەك ئاغزىدىن ئوت پۈۋلەپ تۇرىدىكەن. قەھرىمان بۇ ئىككى ئەجدىھارنى ئۆلتۈرۈپ قىلىچىنى قولىغا ئاپتۇ. ئاندىن ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر جايغا كەلسە بىر غار تۇرغۇدەك. غارنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قىلىچىنى شۇنداق تىقتىكەن ئۇنىڭ نۇرىدا غارنىڭ تېگى كۆرۈنۈپتۇ. قەھرىمان غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، غارنىڭ بىر تەرىپىدە ئىشىك بار ئىكەن. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپتۇ. بۇ يەر ئەسلىدە يەر ئاستى دۆۋلەر ماكانى ئىكەن. قەھرىمان يۈرىكىنى توختىتىپ، سىنچىلاپ قارىسا، بىر چوڭ دۆۋە ئۇخلاپ ياتقۇدەك. بۇ دۆۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز، توغرىسى ئوتتۇزبەش گەز ئىكەن. قەھرىمان «بۇ دۆۋىنى ئويغىتىپ ئۆلتۈرەيمۇ ياكى ئۇخلاپ ياتقان چېغىدا ئۆلتۈرەيمۇ» دىگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈرۈپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا غارنىڭ بىر يېرىدىن «ئى قەھرىمان يىگىت، دۆۋىنى ئويغاتماي ئۆلتۈرۋەت» دىگەن زىل ئاۋاز كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، غارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قەھرىماننىڭ ئايالى سەرۋۇق بىلەن قىينى ئاكىسى بىر تۆمۈر قەپەزدە سولاقلىق تۇرغۇدەك. بۇلارنى ئاشۇ دۆۋە ئوغرىلاپ كېلىپ مۇشۇ غارغا سولاپ قويغان ئىكەن. قەھرىماننىڭ ئايالى:

— ئى قەھرىمان، بۇ دۆۋىنىڭ ئازاپلىرىنى بىزلا تارتايلى. سىز بۇ يەردىن تېز قايتىپ كېتىڭ، — دەپتۇ. قەھرىمان:

— مەن سىلەرنى ھەرگىزمۇ بۇ مەلئۇن دۆۋىنىڭ قولىغا قالدۇرۇپ كەتمەيمەن. ياكى دۆۋىنىڭ قولىدا ھالاك بولىمەن، ياكى بولمىسا سىلەرنى بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قەھرىماننىڭ ئايالى، — ئۇنى ئويغاتماي تۇرۇپ قىلىچ ئۇرۇڭ!

— مەن نامەرتلەردىن ئەمەس. ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ بېشىغا

قىلىچ ئۇرمايمەن، — دەپتۇ قەھرىمان. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن دىۋىنىڭ پۇتىغا سانچىپ ۋاقىراپتۇ:

— ئەي ياۋۇز مەخلۇق، تۇر ئورنىڭدىن!

دىۋە ئويغىنىپ بېشىنى كۆتىرىپ قارىغۇدەك بولسا ئالدىدا تولىمۇ كىچىك بىر بالا تۇرغۇدەك. دىۋە دەھشەتلىك ۋاقىراپ، يوغان بىر تاشنى قەھرىمانغا ئېتىپتۇ. قەھرىمان چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ ۋە قىلىچى بىلەن تاشنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. دىۋە غەزەپ بىلەن ئىككى قېتىم قىلىچ ئۇرغان ئىكەن، قەھرىمان قىلىچنى ئۆزىگە تەككۈزمەپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغان ئىكەن، قىلىچ قەھرىماننىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئازراق قىرىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قەھرىماننىڭ بۇرنىدىن شۇئان ئوقتەك قان كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ:

— ھۇ شۇمتەك، جېنىڭ شۇنچىلىك ئىكەنغۇ؟ — دەپ خىقىراپتۇ. قەھرىمان:

— سەن ماڭا ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كۆردۈڭ. ئەمدى مېنىڭ جېنىمنىڭ بار - يوقلۇغىنى كۆرۈپ قوي. — دەپتۇ.

— قېنى، كۈچۈڭنى بىر سىناپ كۆرەي! — دەپ ۋاقىراپتۇ دىۋە ۋە قەھرىمانغا تاشلىنىپتۇ. قەھرىمان سەكرەپ تۇرۇپ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان دىۋىنىڭ بېشىغا بىر قىلىچ ئۇرغان ئىكەن، دىۋىنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپتۇ.

قەھرىمان ئايالى بىلەن قېيىنى ئاكىسىغا بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئاغزى پولات تاختا بىلەن قويۇلغان بىر غارنى كۆرۈپتۇ. قەھرىمان غار ئاغزىغا كېلىپ پولات تاختىنى يۇلۇپ تاشلاپتىكەن، غار ئىچىدىن «قەھرىمان كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۇ بىزنى قۇتۇلدۇرىدىغان بولدى!» دېگەن ئاۋازلار كەپتۇ. قەھرىمان غارغا كىرىپ قامىلىپ ياتقان دىۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئازات قىلىپتۇ. دىۋىلەر ئىچىدە سەھىمىنى دىگەن بىر دىۋە بار ئىكەن. ئۇ قەھرىمانغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزى قەھرىمانغا قول بولۇشنى ئېيتىپتۇ. قەھرىمان ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

— مېنىڭ بىلەن بۇ يەرگە بىللە كەلگەن گەردان ئىسىملىك بىر ھەمرىيىم بار ئىدى. ئۇ ھازىر يىراقتا يەتتە دىۋىنى ساقلاپ قالغان. سەن تېزدىن شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويغىن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا بىر نىشانە بېرىڭ! — دەپ تەلەپ قىپتۇ سەھىمىنى. قەھرىمان دەرھال بىر ئەڭگۈشتەرنى بېرىپتۇ. سەھىمىنى ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ غاردىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ گەرداننىڭ قېشىغا ئازلا قالغاندا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر توپ يالغۇز دەرەخنىڭ شېخىدا خۇددى تۆگىگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق گەردانغا خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك. سەھىمىنى «مەن ئۇ يەرگە تېز بارسام بولغۇدەك، سەللا كېچىكسەم گەردان خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا ھىلىقى مەخلۇق گەردانغا ئېتىلغان ئىكەن، باتۇر سەركەردە چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بىر قىلىچ ئۇرۇپتۇ. ھىلىقى مەخلۇقنىڭ كاللىسى يەرگە پوككىدە چۈشۈپتۇ. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن سەھىمىنى:

— ئى گەردان مەن سىزگە قەھرىماندىن خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— نىشانىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ گەردان. سەھىمىنى ھىلىقى ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ. گەردان ئەڭگۈشتەرنى كۆرۈپ:

— قەھرىمان ھازىر نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ. دىۋە:

— يەر ئاستى دىۋىلەر ماكانىدا قالدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئۇلار قەھرىماننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قەھرىمان بىلەن گەردان قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ. ئاخىرى قەھرىمان، گەردان، قەھرىماننىڭ ئايالى ۋە قېيىنى ئاكىسى ھەم سەھسىنلار، شۇنىڭدەك باشقا دىۋىلەر غاردىن چىقىپتۇ. قەھرىمان دىۋە ئەتتارنى سۈرۈشتە قىپتۇ. ئۇلار بۇ دىۋىنىڭ كويىقاپقا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قەھرىماننىڭ بۇ دىۋىنى تۇتالمىغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ كويىقاپقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. باشقىلار قەھرىماننىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. قالغانلارنى ئۆز شەھىرىگە يولغا ساپتۇ. قەھرىمان دىۋىلەردىن كويىقاپقا قانداق بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. دىۋىلەر:

— كويىقاپقا بېرىش ناھايىتى خەتەرلىك. يولدا زور ئوت تىلسىمى بار. بۇ تىلسىمدىن ئۆتۈش، كويىقاپقا بېرىش سۇمرۇغنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ، سىز شۇ قۇشنى تېپىڭ، — دەپتۇ.

— سۇمرۇغنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قەھرىمان. رەدە دىگەن دىۋە:

— مەن بىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سەن مېنى شۇ جايغا باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ قەھرىمان.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىسى سۇمرۇغنى ئىزلەپ يولغا چىقىپتۇ. بەش كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ سۇمرۇغ بار جايغا بېرىپتۇ. سۇمرۇغ ياتىدىغان جاي ئەسلىدە ئاسمان پەلەك بىر تاغ ئىكەن. تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا بىر تۈپ چوڭ قارىغاي بولۇپ سۇمرۇغنىڭ ئۇۋىسى شۇ قارىغاينىڭ ئۈستىدە ئىكەن. قەھرىمان تەرلەپ - پىشىپ تاغ ئۈستىگە چىقىپتۇ. سۇمرۇغ بالىلىرىغا گۆش تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يىراق بىر يەرگە كەتكەن ئىكەن. ئۇ بىر كەتسە ئۈچ كۈنگىچە كەلمەيدىكەن. قەھرىمان چىنار تۈۋىدە يېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى

www.uyghurkitap.com

ئازات قىلىپتۇ. دىۋىلەر ئىچىدە سەھىمىنى دىگەن بىر دىۋە بار ئىكەن. ئۇ قەھرىمانغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزى قەھرىمانغا قول بولۇشنى ئېيتىپتۇ. قەھرىمان ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

— مېنىڭ بىلەن بۇ يەرگە بىللە كەلگەن گەردان ئىسىملىك بىر ھەمرىيىم بار ئىدى. ئۇ ھازىر يىراقتا يەتتە دىۋىنى ساقلاپ قالغان. سەن تېزدىن شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويغىن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا بىر نىشانە بېرىڭ! — دەپ تەلەپ قىپتۇ سەھىمىنى. قەھرىمان دەرھال بىر ئەڭگۈشتەرنى بېرىپتۇ. سەھىمىنى ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ غاردىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ گەرداننىڭ قېشىغا ئازلا قالغاندا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر تۇپ يالغۇز دەرەخنىڭ شېخىدا خۇددى تۆگىگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق گەردانغا خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك. سەھىمىنى «مەن ئۇ يەرگە تېز بارسام بولغۇدەك، سەللا كېچىكسەم گەردان خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا ھىلىقى مەخلۇق گەردانغا ئېتىلماقچى ئىكەن، باتۇر سەركەردە چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بىر قىلىچ ئۇرۇپتۇ. ھىلىقى مەخلۇقنىڭ كاللىسى يەرگە پوككىدە چۈشۈپتۇ. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن سەھىمىنى:

— ئى گەردان مەن سىزگە قەھرىماندىن خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— نىشانىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ گەردان. سەھىمىنى ھېلىقى ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ. گەردان ئەڭگۈشتەرنى كۆرۈپ:

— قەھرىمان ھازىر نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ. دىۋە:

— يەر ئاستى دىۋىلەر ماكانىدا قالدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئۇلار قەھرىماننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قەھرىمان بىلەن گەردان قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ. ئاخىرى قەھرىمان، گەردان، قەھرىماننىڭ ئايالى ۋە قېيىنى ئاكىسى ھەم سەھىمنلار، شۇنىڭدەك باشقا دىۋىلەر غاردىن چىقىپتۇ. قەھرىمان دىۋە ئەتتارنى سورۇشتە قىپتۇ. ئۇلار بۇ دىۋىنىڭ كويىقاپقا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قەھرىماننىڭ بۇ دىۋىنى تۇتالمىغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ كويىقاپقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. باشقىلار قەھرىماننىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. قالغانلارنى ئۆز شەھرىگە يولغا ساپتۇ. قەھرىمان دىۋىلەردىن كويىقاپقا قانداق بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. دىۋىلەر:

— كويىقاپقا بېرىش ناھايىتى خەتەرلىك. يولدا زور ئوت تىلسىمى بار. بۇ تىلسىمدىن ئۆتۈش، كويىقاپقا بېرىش سۇمرۇغنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ، سىز شۇ قۇشنى تېپىڭ، — دەپتۇ.

— سۇمرۇغنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قەھرىمان. رەدە دىگەن دىۋە:

— مەن بىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سەن مېنى شۇ جايغا باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ قەھرىمان.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىسى سۇمرۇغنى ئىزلەپ يولغا چىقىپتۇ. بەش كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ سۇمرۇغ بار جايغا بېرىپتۇ. سۇمرۇغ ياتىدىغان جاي ئەسلىدە ئاسمان پەلەك بىر تاغ ئىكەن. تاغنىڭ ئەڭ ئىگىز چوققىسىدا بىر تۈپ چوڭ قارىغاي بولۇپ سۇمرۇغنىڭ ئۇۋىسى شۇ قارىغاينىڭ ئۈستىدە ئىكەن. قەھرىمان تەرلەپ - پىشىپ تاغ ئۈستىگە چىقىپتۇ. سۇمرۇغ باللىرىغا گۆش تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يىراق بىر يەرگە كەتكەن ئىكەن. ئۇ بىر كەتسە ئۈچ كۈنگىچە كەلمەيدىكەن. قەھرىمان چىنار تۈۋىدە يېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلەن تاغ باغرىدىن يوغان بىر ئەجدىھار دەھشەتلىك ئوت چېچىپ تاغ ئۈستىگە چىقىپتۇ. بۇ ئەجدىھار سۇمرۇغنىڭ باللىرىنى يېگىلى چىققان ئىكەن. ھەر يىلى سۇمرۇغ باللىغاندا مۇشۇ ئەجدىھار يەپ كېتىدىكەن. قەھرىمان سۇمرۇغ باللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سايراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يوغان بىر تاشنى ئەجدىھارنىڭ ئوڭ كۆزىگە چەنلەپ ئېتىپتۇ. لېكىن ئەجدىھار يىقىلماپتۇ. قەھرىمان ئەجدىھارنىڭ سول كۆزىگە يەنە بىر تاش ئاتقان ئىكەن، ئەجدىھار يەنە يىقىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەھرىمان غەزەپلىنىپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئەجدىھار بىلەن ئېلىشىشقا بەل باغلاپ چىنار تۈۋىدىن قوزغىلىپتۇ. ئەجدىھار بىر دەم تارتقان ئىكەن، قەھرىمان ئەجدىھارنىڭ قوسىقىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەمما، قەھرىماننىڭ توغرىسىغا تۇتقان ئۆتكۈر قىلىچى ئەجدىھارنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. ئەجدىھار ئۆلۈپتۇ. قەھرىمان ئەجدىھارنى ئۇششاق پارچىلاپ سۇمرۇغ باللىرىغا ئېلىپ چىقىپ بېرىپتۇ. سۇمرۇغ ھەر قېتىم باللىرىغا يەم تېپىپ ئۇۋىسىغا ئىككى كۈنلۈك يەرگە كەلگەندە، باللىرىنىڭ ئاچلىق ئازاۋىدىن ۋىچىرلاپ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدىكەن. بۇ قېتىم باللىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماپتۇ. بىر كۈنلۈك يەرگە كەلسىمۇ ئاڭلانماپتۇ. سۇمرۇغ «ئېھتىمال باللىرىمنى ئەجدىھار يەپ كەتكەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئەنسىرەپ ئۇۋىسىغا يېتىپ كېلىپ قارىسا، باللىرى خاتىرجەم ياتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ سۇمرۇغنىڭ يۈرىگى ئورنىغا چۈشۈپتۇ ۋە:

— ئى باللىرىم، مەن سىلەردىن ناھايىتى ئەنسىرىگەن ئىدىم، خاتىرجەم، زىيان - زەخمەتسىز، بىر ئوبدان تۇرۇپسىلەر. بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئى ئانا، سىز ھەر قېتىم يەم تېپىپ كەلگۈچە قوسىقىمىز ئېچىپ كېتىپ سايرىشاتتۇق. بۈگۈن ئەتىگەن بىرسى

بىر ئەجدىھار يېيىش ئۈچۈن كەلگەندە بىر ئادەمزات ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى بىزگە بەردى. قوسىغىمىز توق. ئىشەنمىسىڭىز ئاۋۇ يەردە تۇرغان ئەجدىھارنى كۆرۈڭ، — دەپ، تاغ باغرىدا ياتقان ئەجدىھارنى كۆرسىتىپتۇ سۇمرۇغ بالىلىرى. سۇمرۇغ ئۆلۈك ئەجدىھارنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولۇپ، قەھرىمان ياتقان يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا تازىم قىپتۇ ۋە:

— ئى پالۋان، بۇ خەتەرلىك جايغا نىمە سەۋەپ بىلەن كەلدىڭىز؟ بالىلىرىمنى قۇتقۇزۇپ قاپسىز، بىزگە ناھايىتى زور ياردەم قىلىپسىز. مەن سىزنى ئادەمزات بار جايغا باشلاپ باراي! — دەپتۇ. قەھرىمان:

— مەن ساڭا كۆپ ياردەم قىلالمىدىم. مەن سېنىڭ ياردىمىڭگە مۇھتاج بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەلدىم. ئەگەر خالىساڭ مېنىڭ ھاجىتىمدىن چىقساڭ! — دەپتۇ.

— قانداق تەلىۋىڭ بولسا، مەن جېنىم بىلەن تەييار، — دەپتۇ سۇمرۇغ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قەھرىمان، — مېنى ئوت تىلسىمىدىن ئۆتكۈزۈپ، كويىقاپقا ئاپىرىپ قويغىن.

— بۇ بەك خەتەرلىك سەپەر ئىكەن. خەير، سىنى ئاپىرىپ قوياي، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈن ئوبدان تەييارلىق قىلايلى، — دەپتۇ سۇمرۇغ. قەھرىمان ماقۇل بوپتۇ. ئۇ ئەجدىھارنى پارچىلاپ سۇمرۇغ بالىلىرىغا بېرىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە سۇمرۇغ قەھرىماننى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇچۇپتۇ. سەككىز كېچە-كۈندۈز ئۇچۇپ ئاخىرى ئوت تىلسىماتتىن سالامەت ئۆتۈپتۇ. ئۇلار شۇ ئۇچقانچە كويىقاپقا كەپتۇ. تۇمەنلىگەن دىۋە تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ قەھرىمان بىلەن سۇمرۇغقا ئېتىلىپتۇ. قەھرىمان قىلىچىنى ئۇيىنىتىپ قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئۇ بىر دىۋىنى ئۆلتۈرسە مىڭ دىۋە پەيدا بولۇپتۇ. قەھرىمان ھېچنەرسىگە قارىماي جەڭ

قىلىپتۇ. سۇمرۇغمۇ جىم تۇرماپتۇ. ئۇ قەھرىمانغا ياردەملىشىپتۇ. يەزدىن يوغان تاشلارنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ دىۋىلەر ئۈستىگە تاشلاپتۇ. سەھىمىنمۇ گەردان قاتارلىقلارنى يۇرتقا ئاپىرىپ قويۇپ قەھرىماننى ئىزلەپ كويىقاپقا كەلگەن ئىكەن. ئۇمۇ قەھرىمانغا ياردەملىشىپتۇ. ئۆلگەن دىۋە جەسەتلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىپتۇ. قەھرىمان جەڭ قىلىۋېتىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا يىراقتىن ئاق بوز ئات مىنگەن، يۈزىگە چۈمبەل تارتقان بىر قىز دىۋىلەرنى قىرىپ - چېپىپ قەھرىمان تەرەپكە قويۇندەك كېلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ قەھرىمان ھەيران بولۇپتۇ. شۇ چاغدا سەھىمىنى قەھرىمانغا:

— قىلىچنى ماڭا بېرىپ سىز بىردەم ئارام ئېلىڭ، — دەپ ۋاقىراپتۇ. قەھرىمان ھارغان ئىكەن، ئۇ قىلىچنى سەھىمىنگە بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋىلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ھېلىقى ئاق بوز ئاتلىق قىزمۇ قەھرىماننىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. قەھرىمان بۇ ئايالدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ ئايال كىشى تۇرۇپ نىمىشقا ئۇرۇشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، قىز:

— مەن بولسام كويىقاپنىڭ پادىشاسى ئەتتاد دىۋىنىڭ قىزىدۇرمەن. ئىسمىم مەيمىن ئارا، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. قەھرىمان:

— سىز بىزگە نىمىشقا ياردەم بېرىسىز؟ — دىگەن. ئىكەن، بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىز:

— چۈشۈمدە ئاتام ئۆلۈپ قالغۇدەك، مەنمۇ ئۆلۈپ قالغۇدەكمەن. بىر توپ كىشىلەر ئاتامنى زەنجىر بىلەن باغلاپ دوزاققا ئېلىپ ماڭدى. مېنىمۇ دادام بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. مەن يىغلاپ تۇرۇۋالسام كىشىلەر ئىچىدىن بىرى «ئاتاڭنى دوزاققا تاشلايمىز. سەن قەھرىمانغا ياردەم بەرسەڭ، ئۆزەڭنى

سەھىمىنگە مەڭگۈلۈك بېغىشلىساڭ شايائەت قىلىمىز. بولمىسا سېنىمۇ ئاتاڭ بىلەن قوشۇپ دوزاققا تاشلايمىز» دېدى. مەن ئۇنىڭغا «ماقۇل، جېنىم بىلەن شۇنداق قىلاي، قەھرىمانغا ياردەم قىلاي، ئۆزەمنى سەھىمىنگە بېغىشلاي. قەھرىمان ھازىر نەدە؟» دېدىم. ئۇ «قەھرىمان ھازىر كويىقاپتا دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن ئويغىنىپ قارىسام، بۇ چۈشۈم ئىكەن، شۇڭا بۇ يەرگە كەلدىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئاتىڭىز ھازىر نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ قەھرىمان.

— ئاتامنىڭ قەيەردىلىگىنىنى ھازىر بىلمەيمەن، — دەپتۇ قىز. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قەھرىمان تېرىكىپ:

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— مەن بىر ئامال قىلىپ ئاتامنى تاپاي. ئاتامنىڭ جېنىنى ئالماق تەس ئەمەس. ئاتامنىڭ جېنى ئاپىسى شەپشەك جادۇنىڭ قولىدا، — دەپتۇ. قەھرىمان:

— شەپشەك جادۇنى نەدىن تاپىمىز؟ — دەپتۇ.

— بۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. مەن چوقۇم تاپىمەن، — دەپتۇ قىز. قەھرىمان ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىپتۇ. قىز بىر سەكرەپتىكەن، دەرھال كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇ ئۇچقانچە چوڭ ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ چۈشۈپتۇ. چوڭ ئاپىسىنىڭ بېشى گۇمبەزدەك، بويىنى ساپاقتەك، كۆزلىرى ئۆڭكۈردەك، چىشلىرى سەندەلدەك ئىكەن. بۇ ئايال نەۋرىسىنى كۆرۈپ نىمە سەۋەپتىن كەلگەنلىگىنى سوراپتۇ. قىز تەمتىرىمەستىن:

— سىزنى كۆرگۈم كېلىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شەپشەك جادۇ قىزنى شاراپ ئىچىشكە زورلاپتۇ. قىز شاراپنى ئىچكەن بولۇپ ئىچمەپتۇ. قېرى جادۇ ناھايىتى كۆپ شاراپ ئىچىپتۇ. ئاخىرى مەس بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. قىز پۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ دادىسىنىڭ جېنى بار قۇتىنى تېپىپتۇ. دادىسىنىڭ ھازىر بىر ئەجدىھارنىڭ ئاغزىدا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز قۇتىنى ئېلىپ ئۇچۇپ قەھرىماننىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ قۇتىنىڭ سىرىنى ئېيتىپ، قۇتىنى قەھرىمانغا بېرىپتۇ. قەھرىمان قۇتىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا ئەتتاد دىۋە پەيدا بولۇپتۇ. قەھرىمان قولىدىكى جان قۇتىسىنى شۇنداق مۇجىغان ئىكەن، ئەتتاد دىۋە بىر چىقىراپلا ئۆلۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كويقاپتىكى پۈتۈن دىۋە قەھرىمانغا باش قويۇپ ئەل بولۇپتۇ. قەھرىمان نۇسرەت قۇچۇپ ھەمرالىرى بىلەن ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. ئالدى بىلەن ھېلىقى قىزنى سەھمىنىگە نىكا قىلىپ قويۇپتۇ. سەھمىنىنى دىۋىلەر مەركىزى كويقاپقا ۋە پۈتكۈل دىۋىلەرگە پادىشا قىلىپ تەيىنلەپتۇ. دىۋىلەر ئۆز پادىشاسىنى ھىمايە قىلىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز مەرىكە ئۆتكۈزۈشۈپتۇ. قەھرىماننى ئۆز شەھىرىدىكىلەر كاتتا قارشى ئاپتۇ. پادىشا ھۇشات ئۆزىنىڭ پادىشالىق تاجىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ، تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. گەردان ۋەزىر بولۇپتۇ. قەھرىمان پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن دۆلەتنى ئادىل سوراپتۇ. خەلققە نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ دەھىندى پادىشاسىنىڭ قىزىدىن باشقا ئايالىمۇ يوق ئىكەن. ئۆمرىدە پەقەت شۇ ئايال بىلەن ياشىغان ئىكەن. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ شۇ ئايالدىن تۇغۇلغان يەتتە ئوغلى دۆلەتنى ئادىل سورىغان ئىكەن. بىر بىرى بىلەن جىدەل - ماجىرا قىلمىغان، ئىناق ئۆتكەن ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۈچا ناھىيە چىمەن گۈڭشې كادىرى:
قەيۇم ئابدۇللا

## باي بىلەن چاكار

بۇرۇنقى زاماندا ماۋۇتاخۇن دىگەن بىر كەمبەغەل ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئاق كۆكۈل بولۇپ، ئاچكۆز، زالىم بايلارغا بەكمۇ ئۆچ ئىكەن. بۇ ئادەم ياشىغان يۇرتتا بىر ئاچكۆز باي بار ئىكەن. ئۇ يىل بويى ئادەملەرنى ئىشلىتىپ، ھەققىنى بەرمەك تەس كېلىپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋىتىدىكەن. بارا ـ بارا بۇ بايغا ئىشلەيدىغانلار ئازىيىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭغا ھىچكىم ئىشلەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. باي ماۋۇتاخۇننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ماۋۇتاخۇن:

— مىنىڭ بەش شەرتىم بار. شۇنىڭغا كۆنسىلە ئىشلەيمەن، بولمىسا ئىشلىمەيمەن، — دەپتۇ.

— قېنى شەرتلىرىڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ باي.

— بىرىنچىسى: مىنىڭ ئىش ھەققىم ئۈچۈن ئۇن چارەك بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناق بېرىلا. بۇغداي، قوناقنى ئۆزەمنىڭ تارازامدا تارتىپ ئالىمەن. ئىككىنچىسى: بىر ماڭغان يولدا ئىككىنچى قېتىم ماڭمايمەن. ئۈچىنچىسى: كۆلنى كۆتىرەلمەيمەن. تۆتىنچىسى: مىڭلىغان بەالەرنى كېسەلمەيمەن. بەشىنچىسى: تاغ بېشىنى چۈشۈرەلمەيمەن، — دەپتۇ ماۋۇتاخۇن.

ئىشلەتكىلى ئادەم تاپالماي تۇرغان باي بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپتۇ ۋە «يىل ئاخىرىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋىتىمەن. ئىش ھەققى بېرىش ،ەۋجۇت بولمايدۇ. باشقا شەرتلەرگە كەلسەك، مەن ئۇنى شۇنداق ئىشلارغا سالاتتىممۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە تىل

خەت بېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باي مامۇتاخۇنغا:

— ھەي چاكار، ماڭ سۇ ئەپكەل، — دەپتۇ.

— باي ئاكا، بەرگەن تىل خەتلىرىگە ئەمەل قىلسىلا، — دەپتۇ مامۇتاخۇن.

— ئەمەل قىلماي نېمە قىلدىم؟ — دەپتۇ باي، — مەن سېنى سۇ ئەپكەل دەۋاتىمەن.

— مەن سىلىگە «كۆلنى كۆتىرەلمەيمەن» دېگەن ئەمەسمىدىم؟ ئاڭلىمىغانمۇ - يا؟ — دەپتۇ مامۇتاخۇن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە ئوبدانىراق ئويلاپ ئاندىن ماقۇل دېمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سۇنى ئۆزى ئەكەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى باي مامۇتاخۇننى تاغدىن ئوتۇن ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ.

— ۋاي باي ئاكا، مەن «تاغ بېشىنى چۇشۇرەلمەيمەن» دېگەن ئىدىمغۇ؟ — دەپتۇ مامۇتاخۇن.

— مەن سېنى تاغ بېشىنى چۇشۇر دېمىدىم، ئۇقۇۋاتامسەن، تاغدىن ئوتۇن ئەپكەل دەۋاتىمەن، — دەپ ۋاقىراپتۇ باي.

— باي ئاكا، تازىمۇ دۆت ئىكەنلا، تاققا بېرىپ ئوتۇن كەسلەش تاغ بېشىنى چۇشۇرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ مامۇتاخۇن.

باي گەپ قىلالماي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مامۇتاخۇن باينىڭ ئېشىنى يەپ، قاچىسىنى بىكارلاپ، يول مېڭىپ يول بىكارلاپ، باينىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئەتىياز كېلىپ يەر تېرىش مەزگىلى بولۇپتۇ. باي:

— ھەي چاكار، ماڭ يەرلەرنى ھەيدە، بۇ ئىشنىغۇ قىلارسەن؟ — دەپتۇ مامۇتاخۇنغا.

— ۋاي باي ئاكا، نىمە دەۋاتىسىلا؟ مەن «بىر ماڭغان يولۇمدىن ئىككىنچى قېتىم ماڭمايمەن» دىمىدىممۇ؟ — دەپتۇ ماموتاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ. باي ئۇنى دىسە، ئۇ بۇنى دەپ، بايغا زادىلا گەپ بەرمەپتۇ. باي ئۇنى دەۋا قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپىراي دىسە، دەۋادا ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ، ئوسال بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بوپتۇ.

ئەتىياز كېتىپ ياز كەپتۇ. ئوما ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. باي ماموتاخۇننى ئوما ئوروشقا بۇيرۇپتۇ:

— ۋاي باي ئاكا، ۋەدىلىرىگە زادىلا ۋاپا قىلمايدىكەنلا. مەن «نورغۇن بەللەرنى كېسەلمەيمەن» دىمىگەنمىدىم؟ ئىشەنمىسىلە تىل خەتنى كۆرۈپ باقسىلا، — دەپتۇ ماموتاخۇن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ۋاقىراپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ماموتاخۇن كۈلۈپ كېتىپ:

— باي ئاكا، ئالدىرىمىسىلا. مەن بۇ ئۆيدە بىر يىلدەك ئىشلىدىم. ئىش ھەققىمنى بەرمەملا؟ — دەپتۇ.

بۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن باي ئاخىرى ئون چارەك بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناق بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. چاكار ئۆيىگە بېرىپ تىل خەت بىلەن ئۆز تارازىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ تارازا ئىنتايىن يوغان بولۇپ، يىگىرمىدەك ئادەم كۆتىرەلەيدىكەن.

— نىمە ئۇ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ باي.

— ئاستا گەپ قىلسىلا، — دەپتۇ ماموتاخۇن، — سىلە ماۋۇ تىل خەتنى ئوقۇپ باقسىلا. بىز دەسلەپ قىلىشقان بۇ توختامدا نىمە دېيىشكەن ئىدۇق؟

— سېنىڭ بۇ تارازاڭنى مەن ئۇ چاغدا كۆرمىگەن تۇر-

سام، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ باي.

— شۇ چاغدا نىمە ئۈچۈن كۆرۈپ باقمىغان؟ — دەپتۇ ماموتاخۇن. بۇ تالاش - تارتىشتا ئۇ ئاخىرى يېڭىپ چىقىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ يوغان تارازىسىدا تارتىپ ئون چارەك بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناقنى ئاپتۇ. باينىڭ ئاشلىغى ماموتاخۇننىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاران چىقىش قىپتۇ. باينىڭ ئاشلىق ئامبارلىرى ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا قۇرۇپتۇ. ئاچكۆز باي ئەلەم - دەرتكە چىدىماي بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىپتۇ. ماموتاخۇن شۇ يۇرتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بوپتۇ ۋە بايدىن ئالغان ئاشلىقنى كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توخسۇ ناھىيە پەيشەنبە بازار گۇڭشې ئارا مەلە دادۇي بىرىنچى دۇيدىكى ھېپىزەم كېرەم

# ئالتە قارغۇ بىلەن سودىگەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر سەھرادا ئالتە قارغۇ بار ئىكەن. ئۇلار كۈندۈزى بىرلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن، كېچىسى بىر گۈمبەزدە ياتىدىكەن.

بىر ئەتىگەنلىكى، بۇ قارغۇلاردىن بىرى تىلەمچىلىك قىلىپ چوڭ يول بويىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كېلىۋاتقان ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلاپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— مەن بىچارىگە ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، بىر تىللا بېرىڭلار، كۆزۈمگە بىر سۈرتۈۋېلىپلا قايتۇرۇپ بېرىمەن. كۆزۈمگە تىللا سۈرتسە ئېچىلاتتى.

يېتىپ كەلگىنى بىر سودىگەر ئىكەن. ئۇنىڭ قارغۇغا ئىچى ئاغرىپ، بىر تىللا بېرىپتۇ. ئۇ «قارغۇ تىللانى سۈركەپ كۆزىنى ئېچىۋېلىپلا قايتۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ ئويلاپ، قاراپ تۇرۇپتۇ. قارغۇ تىللانى ئېلىپ:

— رەھمەت! رەھمەت! — دېگىنىچە كەينىچىلەپ مېڭىپ گۈمبەزگە كىرىۋاپتۇ. غەزەپلەنگەن سودىگەر «قارغۇ تىللانى گۈمبەزگە ئەكىرىپ چوقۇم بىر يەرگە قويىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئېلىۋالارمەن» دەپ ئويلاپ، تۈيدۈرماستىن گۈمبەزگە كىرىپ، قارغۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇۋاپتۇ. ھېلىقى قارغۇ كىرىپلا كۆرەڭلەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھەي ئاغىنىلەر، قانداق، مەن يامانمىكەنمەن؟ بىر سودىگەرنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالدىم.

— ۋاي ئاداش قانداق قىلىپ؟ — دەپ سوراپتۇ قارغۇلارنىڭ بىرى.

— «بىر تىللا بېرىپ تۇرسىلا، كۆزۈمگە سۈرتۈۋېلىپلا قايتۇرۇپ بېرىمەن» دەپ تىللانى ئېلىۋېلىپ، قېچىپ كىردىم، — دەپتۇ ھېلىقى قارغۇ.

— ئەكىلە قېنى، تىللانى كۆرۈپ باقايلى، — دەپ قارغۇلارنىڭ ھەممىسى قولىنى ئۇزىتىپتۇ. ھېلىقى قارغۇ تىللانى چىقىرىشىغىلا سودىگەر چاققانلىق بىلەن ئېلىۋاپتۇ.

— قېنى بەرمەيسەنغۇ؟ — قارغۇلار ۋاقىراپتۇ.

— ھازىر بەردىمغۇ؟

— كىمگە بەردىڭ؟

— بىرسىڭ ئالدىڭغۇ؟

— كىم ئالدى؟

— ھېچقايسىمىز ئالمىدۇق! — دەپ توۋلاپتۇ قارغۇلار.

— سىلەر ئالمىغان بولساڭلار ئارىمىزغا كۆزى ساق بىرەرسى كىرىۋالغان ئوخشايدۇ. بىز ئۇنى تۇتۇپ ئەدىۋىنى بېرەيلى. مەن ئىشىكتە چاتىرىغىمنى كېرىپ ئۆرە تۇرىمەن، ھەممىڭلار چاتىرىغىمدىن ئۆتىسىلەر. شۇ ئارقىلىق ئارىمىزغا كىرىۋالغان ئوغرىنى تۇتىمىز. بەشىڭلار چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئالتىنچى بولۇپ چىققىنى ئوغرىنىڭ دەل ئۆزى، — دەپتۇ ھېلىقى قارغۇ. ئۇ چاتىرىغىنى كەڭ ئېچىپ ئىشىك ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئىكەن، بىرىنچى بولۇپ سودىگەر ئۆتۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاجىزراق بىر قارغۇ قاپتۇ. ئۇ ئالتىنچى بولۇپ ئۆتۈپتۇ. ھەممە قارغۇ ئۇنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. سودىگەر تىللاسىنى ئېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قارغۇلارنىڭ

ئۈچىسى تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ سودىگەرنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. سودىگەر ئۇلارنى تونۇپ «مەن ئۇلارغا بەك جاپا سالغانتىم. بىر ـ بىرىنى ئۇرغۇزغانتىم. شۇ بىچارىلەرگە ئەمدى بولسىمۇ بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياي» دەپ قارغۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. بىر قوينى سويۇپ، ھەممىسىنى پىشۇرۇپ بېرىپتۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۈزۈك گۆش كۆرمىگەن قارغۇلار گۆشنىڭ ھەممىسىنى پاك ـ پاكىزە يەپ بوپتۇ. ئۇلار يىگەن گۆشنى سىڭدۈرەلمەي ئۆلۈپ قاپتۇ. سودىگەر كۈتۈلمىگەن بۇ بالادىن چوڭقۇر غەمگە پېتىپتۇ. كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى بىر مۇۋاپىق چارە ئويلاپ تېپىپتۇ. مەھەللىدە كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ يۈرىدىغان بىر چالا ساراڭ بار ئىكەن. سودىگەر ئۇنى ئۆيگە چاقىرىپ:

— مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەنتى، ۋاقتىم يەتمەيدى، سەن زاراتكارلىققا ئاپىرىپ كۆمۈپ قويۇپ كەلگىن، — دەپتۇ.

— ھەققىمگە قانچە بېرىسەن؟ — دەپتۇ چالا ساراڭ.

— بىر تەڭگە بېرەي.

چالا ساراڭ ماقۇل بوپتۇ. سودىگەر ئۆلۈكلەرنىڭ بىرىنى كارۋاتقا ياتقۇزۇپ قويغان ئىكەن. قالغىنى يوشۇرۇقلۇق ئىكەن. چالا ساراڭ كارۋاتتىكى ئۆلۈكنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئۆلۈكنى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. بۇ ۋاقىتقىچە سودىگەر يەنە بىر ئۆلۈكنى كارۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. چالا ساراڭ كەلگەن ھامان:

— ھەي، سەن نىمە ئىش قىلىپ يۈردۈڭ؟ نىمىشقا گۆرنى چوڭقۇر كولىمىدىڭ؟ سەن كۆمگەن دادام سەندىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىۋالدى. ماڭ، تېز بول، ئوبدانراق كۆمۈپ كەل! — دەپتۇ. چالا ساراڭ ئۆلۈكنى ئېلىپ بېرىپ گۆرنى ناھايىتى چوڭقۇر كولاپ ئۆلۈكنى كۆمۈپ قويۇپ كەپتۇ. ئۇ كەلگىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سودىگەر يەنە بىر ئۈلۈكنى كارۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ساراڭ كەلگەندە يەنە كايىشقا باشلاپتۇ:

— هەي ئەخمەق، مۇشۇنداقمۇ ئىش قىلامسەن؟ نىمىشقا يەنە ئوبدان كۆممىدۈڭ؟ دادام سەندىن بۇرۇن كېلىۋالدى. بول، تېز ماڭ، گۆرنى تازا ئوبدان كولاپ كۆمۈۋېتىپ كەلگىن.

چالا ساراڭ «شۇنچە چوڭقۇر كولاپ كۆمۈپ قويسام يەنە قېچىپ كېپتۇ. نىمە دىگەن يامان ئادەم بۇ؟» دەپ غودۇڭشىغىنىچە ئۈلۈكنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ قوسىغىغا بىر چىن كىرىپتۇ. چالا ساراڭ «بۇ ئادەم قالتىس يامان ئادەم ئىكەن، بۈگۈن كەچكىچە كولاپ كۆمسەممۇ يەنە چىقىۋالىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئاۋۇ ئورمانلىقتىكى كۆلگە تاشلىۋېتەي، ئۇ كۆل ناهايىتى چوڭقۇر، ئۇنىڭدىن چىقالماس» دەپ ئويلاپ، كۆل تەرەپكە مېڭىپتۇ. كۆلنىڭ ئەتراپى تام بىلەن ئورالغان بولۇپ، چالا ساراڭ كۆل بويىغا كېلىپلا ئۈلۈكنى تامدىن هالقىتىپ ئېتىپتۇ. شۇ چاغدا بىر مەزىناخۇنۇم كۆل بويىدا تاهارەت ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ قورقۇپ كېتىپ:

— ۋايجان، ۋاي توۋا! — دەپ توۋلىغىنىچە قېچىپتۇ. چالا ساراڭ:

— ماۋۇ گۇينى قاراڭ، كۆلدىنمۇ قاچقىنىنى! — دەپ غەزەپلىنىپ مەزىننىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، كەتمەن بىلەن كاللىسىغا بىر سالغان ئىكەن، مەزىن ئۈلۈپ قاپتۇ. چالا ساراڭ ئۇنىمۇ كۆلگە تاشلاپتۇ ۋە:

— يەنە قېچىپ باقە قېنى، مەن بىر كۆرۈپ باقاي! — دەپ كۆل بويىدا بىردەم قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۈلۈك چىقمىغاندىن كېيىن قايتىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپلا كارۋاتقا قاراپتۇ. ئۈلۈكنىڭ كەلمىگەنلىگىنى كۆرۈپ سودىگەرگە:

— قارىماملا، دادىلىرى راست يامان ئادەم ئىكەن. «كۆم-

سەم يەنە چىقىۋالمىسۇن» دەپ قورقۇپ ئورمانلىقتىكى كۆلگە تاشلىغانتىم. ۋاقىراپ قىچقىرىپ كېتىۋاتىدۇ. كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ كەتمەن بىلەن كاللىسىغا كېلىشتۈرۈپ سىلىقۇدىم، جىمىپلا كەتتى. كۆلگە تاشلىۋېتىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

سودىگەر چالا ساراڭنى بىر تىللا بېرىپ دەرھال يولغا سالپتۇ. ئەمما سودىگەرنىڭ بېشى قېتىپتۇ: «بۇ ساراڭ ئۈچ ئۆلۈكنى ئاز دەپ تۆت قىپتۇ. خەق بىلىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟»

ئېيتىپ بەرگۈچى: توخسۇ ناھىيە پەيشەنبە بازار گۇڭشې
ئارا مەھەللە دادۇي ئىككىنچى ئەترەتتىن: قاھار ساتتار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئوقۇش ئۈچۈن

بۇرۇنقى زاماندا مۇسا دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. مۇسانىڭ كېچە - كۈندۈز ئۆيلايدىغىنى كويقاپقا بېرىپ ئوقۇش ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى مۇسانىڭ تەلىۋى ئىجاۋەت بولۇپ، كويقاپقا ئوقۇپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى تاغ باغرىدىكى بىر تۈپ چىنار تۈۋىگە كەلسە غەلىتە بىر نەرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مۇسا قارىسا غەلىتە بىر خىل قۇش بالىلىرى تۇرغۇدەك:

— سىلەر قايسى قۇشنىڭ بالىلىرى؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇلار:

— بىز سۇرمە قۇشنىڭ بالىلىرى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ئاتا - ئاناڭلار نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ مۇسا.

— ئوۋغا چىقىپ كەتتى، — دەپتۇ سۇرمە قۇش بالىلىرى.

— ئاتا - ئاناڭلار قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟

— كېلىدىغان ۋاقتىدىن ئۆتتى، نىمە بولدىكىن ھېچ قايتىپ كەلمەيۋاتىدۇ. بىزمۇ ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمىز. بىر ئەجدىھار كېلىپ بىزنىڭ ئاكا - ئاچىلىرىمىزنى يەپ كەتكەن ئىكەن. ھازىر دەل شۇ ئەجدىھارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئەجدىھار بىزنى يەپ كېتىدىغان بولدى، — دەپ ۋىچىرلاشقا باشلاپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇسا:

— ئەجدىھار قايسى ياقتىن كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ سوئالغا سۇرمە قۇش بالىلىرى جاۋاپ بېرىپ بولغۇچە ئاسماندا قارا بۇلۇتتەك بىر نەرسە پەيدا بولۇپتۇ. بۇ قارا نەرسە ئەجدىھار ئىكەن. مۇسا ئەجدىھارنى يوقىتىش ئۈچۈن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىر يوغان قورام تاشنى تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھار دەل شۇ تاغنىڭ ئاستىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ ۋە سۇرمە قۇش بالىلىرىنى يېمەك بولۇپ، چىنار تۈۋىگە ماڭغاندا مۇسا «يا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن...» دەپ تاشنى تۆۋەنگە يۇملىتىپتۇ. ئەجدىھار تاش ئاستىدا ئۆلۈپتۇ. مۇسا تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەجدىھارنىڭ گۆشىنى سۇرمە قۇش بالىلىرىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئەجدىھارنىڭ گۆشىنى يەپ بولۇپ:

— ئاتا - ئانىمىز كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۇقۇشماي سىزگە زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىسۇن، — دەپتۇ مۇساغا.

مۇسا ماقۇل بولۇپ، سۇرمە قۇش بالىلىرىنىڭ قانىتى ئاستىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇرمە قۇش بالىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆك ئاسماننى لەرزىگە سېلىپ ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇلار كېلىپلا:

— بالىلىرىم ئادەم ھىدى پۇرايدىغۇ؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، سۇرمە قۇش بالىلىرى:

— ئەي ئاتا - ئانا، ۋاپاغا ۋاپا بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە ۋاپاغا ۋاپا بار، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاتا سۇرمە قۇش. سۇرمە قۇش بالىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۇقىراشقان ھالدا:

— بىر يىگىت سىزنىڭ بالىلىرىڭىزنى يەپ كېتىدىغان ئەجدىھارنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى بىزگە تاشلاپ بەردى، — دەپ قانىتى ئاستىدىن مۇسانى چىقىرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇرمە قۇش:

— ئەي يىگىت، سېنىڭ نېمە تەلىۋىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ بىرلا تەلىۋىم بار. مەن كويىقاپقا بېرىپ ئوقۇماقچىمەن، — دەپتۇ مۇسا.

— سەن ناھايىتى ئوبدان چاغدا كەپسەن. كويىقاپنىڭ ئېغىزى ئېچىلغىلى بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. مەن سېنى كويىقاپقا يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ ئاتا سۈرمە قۇش. ئۇلار ئۈچ كۈن پۇختا تەييارلىق قىلىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى سۈرمە قۇش تەييارلانغان ئوزۇق - تۈلۈك، سۇ ۋە مۇسانى ئېلىپ غاقىراپ ئۇچۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بىر مۇزلۇققا كەپتۇ.

— ھازىر نەگە كەلدۇق؟ — دەپ سوراپتۇ مۇسا.

— دوزاقنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سۈرمە قۇش. يەنە بىر دەم ئۇچقاندىن كېيىن ئىسسىق، ناھايىتى گۈزەل بىر جايغا كەپتۇ.

— ئەمدى نەگە كەلدۇق؟ — دەپ سوراپتۇ مۇسا.

— جەننەتنىڭ ئالدىغا! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سۈرمە قۇش.

يەنە ئۇزۇن ئۇچقاندىن كېيىن، قان دەرياسىدىن، سۇ دەرياسىدىن، ئوت دەرياسىدىن، بوران دەرياسىدىن ئۆتۈپ كويىقاپقا يېتىپ كەپتۇ. سۈرمە قۇش پەسكە چۈشۈپ مۇسانى كويىقاپ دەرۋازىسىدىن كىرگۈزۈپ قويۇپ:

— ئەي يىگىت، كويىقاپ دېگەن مۇشۇ. مەن ھازىر كېتىمەن. ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشسە بۇنى تېزدىن كۆيدۈر، مەن شۇل زامان پەيدا بولىمەن، — دەپ بىر تال پېيىنى يۇلۇپ بېرىپتۇ - دە، ئۆز ماكانىغا قايتىپتۇ. مۇسا كويىقاپقا كىرگەندىن كېيىن پادىشا بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پادىشا ئۇنىڭدىن:

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوقۇغىلى كەلـدىـم، — دەپ جاۋاپ بـېرىپـتۇ مۇسا.
پادىشا:
— ئوبدان گەپ ئىكەن. بىر - ئىـكـكى كۈن مەن بىلەن بىللە ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىڭىزنى ئېچىڭ. ئاندىن كېيىن ئوقۇڭ، — دەپتۇ.
پادىشا بىلەن مۇسا بىر - بىرىگە ناھايـىتى ئامراق بولۇپ قاپتۇ. كويقاپ پادىشاسى ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ پادىـشانىڭ ئۆيىنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بار ئىكەن. مۇسا ئىـككىنچى دەرۋازىدىن ئۆتكەنـدە قارىسا بىر قەپەزدە چىرايـلـىق، ئاپـپاق بولۇتتەك بىر ئايال تۇرغـۇدەك. يەنە بىر ئاجايـىـپ چىـرايـلىق بىزەلگەن ئۆيـگە كىرسە تاۋار يوتـقان - كۆرپـىـلەر ئۈسـتـىدە بىر ئىت ئېغىناپ ياتقۇدەك. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن مۇسا پادىشا-نىڭ خاس ھوجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن سوراپتۇ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئىككىنچى دەرۋازىدىـن ئۆتكەندە كۆردۈمكى، بىر چىرايلىق ئايال تۆمۈر قەپەزگە سولاقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بېشىدا زۇلۇم ئويناپدۇ. ئاجايـىـپ چىرايـلـىق بىزەلگەن ئۆيدە تاۋار يوتقان - كۆرپە ئۈستىدە بىر ئىـت تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا بەخت ئويناپدۇ. بۇ زادى قانداق ئىش؟
— سىز سورىماڭ، مەن دىمەي، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ پادىشا.
مۇسامۇ:
— ياق، ھەرقانداق ئىش بولسا دىسلە، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.
پادىشا ئاخىرى:
— مەن دەيمەن، لېكىن دەپ بولۇپـلا سىزنى ئۆلتۈرىمەن، بۇنىڭغا چىدامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بولىدۇ، — دەپتۇ مۇسا. كويقاپ پادىشاسى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:
— مەن بۇ يەرگە پادىـشا بولـغىـلى قىرىق يىل بولدى.

ھېلىقى سىز قەپەزدە كۆرگەن ئايال بىلەن ئۇن ئالتە يىل ئەر-خوتۇن بولغان. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ يەتتە باشلىق دىۋىگە ئۇگىنىۋاپتۇ. مەن باشتا ئىشەنمەي يۈردۈم. بىر كۈنى يېرىم كېچە بولغان ئىدى. ئايالىم ئورۇندىن چىقىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئاستا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى تۇيماي ئۇدۇللا دىۋە بار يەرگە قاراپ يول ئالدى. ئاخىرى بىر غار ئالدىغا يېتىپ باردى. شۇ چاغدا غار ئىچىدىن يەتتە باشلىق دىۋىنىڭ ئاۋازى چىقتى:

— ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ مەن بەك ساقلاپ كەتتىم.

— پادىشا ئۇخلىماي، كەچ قالدىم. كەچۈرۈڭ، — دېدى ئايال. مەن غەزىۋىمگە پايلىماي دىۋە بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىم. ئايالىم دىۋىگە ياردەملىشىپ مېنى تاش بىلەن ئۇردى. بۇ چاغدا دىۋىنىڭ ئىتى ئايالىمنى چىشلەپ يەرگە يىقىتتى. مەن يەتتە باشلىق دىۋىنىڭ ئالتە بېشىنى كېسىپ بولغاندا ھېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ بىر بېشى قالغان ئىدى. مېنىڭ كۈچۈم يەتمىدى. ئىت دىۋىنىڭ شۇ يالغۇز قالغان بېشىنى چىشلەپ، يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. مەن ئايالىمنى ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ كەلدىم. ئەتىسى تۆمۈرچى چاقىرىپ، تۆمۈر قەپەز ياسىتىپ شۇنىڭغا سولىدىم. ئىت ماڭا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇبدان ئەتىۋارلاپ ياخشى كۈتتۈم. بولغان ۋەقە ئەنە شۇ.

پادىشا سۆزىنى تۈگىتىپ مۇساغا:

— ئەمدى مەن سىزنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپ قىلىچىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپتۇ. مۇسا:

— مېنى ئۆلتۈرسىلىمۇ، ئۆلتۈرسىلە. ئەمما، مەن مۇسۇلمان. ناماز ئوقۇۋالاي، — دەپتۇ. پادىشا يول قويۇپتۇ. مۇسا باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ پەينى كۆيدۈرگەن ئىكەن، سۈرمە قۇش شۇل

ھامان پەيدا بولۇپتۇ ـ دە، موسانى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

«ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا شەھىرى ئىچىدىن ھۆسەن قۇلپىچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قەشقەر بۇلبۇلى

بۇرۇنقى زامانـدا قەشقەرلىق ئالتە كىشى كۆچار شەھىرىگە كەپتۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر سارايغا چۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سەلىياخۇن سارايدىن چىقىپ بازارغا كېتىپ بارسا ھاجىتى قىستاپ قاپتۇ - دە، يول بويىدىكى گۈللۈككە كىرىپ ھاجەت قىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا گۈلچى كېلىپ قاپتۇ. سەلىياخۇن دەرھال تۇمىقىنى ئېلىپ نىجاسەت ئۈستىگە قويۇپتۇ. گۈل باققۇچى:

— ھەي ئادەم، تۇمىقىڭدا باسۇرۇۋالغىنىڭ نىمە؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، سەلىياخۇن:

— بىز قەشقەردىن بۇلبۇل ئېلىپ چىققان ئىدۇق. بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېتىپ مۇشۇ گۈللۈككە چۈشكەن ئىدى، مەن تۇمىقىم بىلەن باسۇرۇۋالدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلچى:

— مەن بۇلبۇل سودىگىرى ئىكەنمەن - دە، قېنى قەشقەر بۇلبۇلىنى بىر كۆرۈپ باقاي، تۇماقنى ئاستا ئېلىپ كۆرسىتىپ باققىنا، — دەپتۇ. سەلىياخۇن:

— مۇنداق قىلايلى. مەن سارايغا بېرىپ قەپەز ئېلىپ كېلەي. بولمىسا بۇلبۇل يەنە ئۇچۇپ كېتىپ قالىدۇ. مەن كەلگۈچە بۇ بۇلبۇلغا قاراپ تۇرسىلا. ئەگەر مەن كەلگىچە تاقەت قىلماي، تۇماقنى ئېچىپ قويۇپ، بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتسە بۇلبۇل-

نىڭ نەرقىگە تۆمۈر بويى ئىشلەپ تاپقانلىرى يېتىشمەي قالدۇ، — دەپتۇ.

گۈلچىنىڭ تىخىمۇ ھەۋىسى كەپتۇ -دە، ماقۇل كەپتۇ.

سەلىياخۇن قۇتۇلغىنىغا خوشال بولۇپ، دەرھال تۆز يولىغا كېتىپتۇ. گۈلچى تۇماققا قاراپ ئولتۇرۇپ، باشقا يەردىكى گۈللۈكنى يوقلىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ گۈللۈكلەرنى ئات - ئۇلاق، ئۇششاق بالىلار ۋەيران قىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان شەھەر ھاكىمىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قاپاقلىرىنى بۇقىنىڭ بويىندەك تۈرۈپ، غەزەپ بىلەن ئىزلەپ كەلسە، گۈلچى بىر كونا تۇماققا قاراپ ئولتۇرغۇدەك.

— سەن نىمىشقا گۈلنى باقماي بۇ يەردە ئولتۇرىسەن؟ — دەپتۇ ھاكىم.

— قەشقەرلىق بۇلبۇل سودىگەرلىرى شەھىرىمىزگە بۇلبۇل ئەكەلگەن ئىكەن، بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېتىپ مۇشۇ گۈللۈككە چۈشۈپتىكەن. ئىگىسى ئىزلەپ كېلىپ تۇماقتا باسۇرۇپ قويۇپ قەپەزگە كەتتى. قەپەزنى ئەكەلگەندىن كېيىن بۇلبۇلنى بىر كۆرۈپ باقاي دەپ تۇرۇۋاتىمەن، — دەپتۇ گۈلچى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاكىمنىڭ ئاچچىقى يېنىپتۇ. ئۇنىڭمۇ قەشقەر بۇلبۇلىنى كۆرگۈسى كەپتۇ - دە، قەپەزگە كەتكەن بۇلبۇل سودىگىرىنى كۈتۈپ، تۇماققا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن سەلىياخۇن كەلمەپتۇ. تۇماقنى ئاچاي دىسە بۇلارنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپتۇ. تۇماقنى ئاچاي دىسە بۇلبۇلنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن قورقۇپتۇ. ئاچماي دىسە كەچ بولۇپ قاپتۇ. شۇ تەرىقىدە يەنە بىر ھازا ساقلاپتۇ. سەلىياخۇن كەلمىگەندىن كېيىن ئۇلار تۇماقنى ئېچىش قارارىغا كەپتۇ. ھاكىم «ئەگەر بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتسە، ئۇلار دەۋا قىلسا، مەن شەھەر ھاكىمى بولغاندىن كېيىن بىر چارىسىنى قىلمامدىمەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلاپ، تۇماقنى ناھايىتى پەم بىلەن ئازراق ئېچىپلا قولىنى تىقىپتۇ - دە، ئاندىن ئۆزىنى «گۇپ» قىلىپ تۇماقنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ - دە، ساقال - بۇرۇت ۋە كىيىم - كېچەكلىرى نىجاسەت بولۇپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەخمۇت مۇھەممەت.

# جاھاننى بەختلىك كەزگەنلەر

بۇرۇن ھاشىم دىگەن بىر ئادەم ئەسكەر بوپتۇ. ئۇ ئۇرۇشتىن قايتقاندا ئاران بەش تىيىن بىلەن يولغا چىقىپتۇ. يولدا كىتىۋىـتىپ بىر تۈگمەننىڭ سۇسىز چۆگىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «بۇ نىمە كارامەتتۇر» دەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئەتراپقا قاراپ بىر ئادەمنىڭ بۇرنىنىڭ بىر تۆشۈكىنى ئېتىۋىلىپ بىر تۆشۈكىدە شامال چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تۈگمەن شۇ شامالنىڭ كۈچىدە چۆگىلىگەن ئىكەن. ئۇ بۇ بۇرنىدىن شامال چىقىرارنىمۇ ئۆزىگە قوشىۋاپتۇ. يەنە كىتىۋىتىپ بىر ئادەمنىڭ بىر پۇتىنى قولتۇقىغا قىستۇرىۋىلىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇ. ئۇلار:

— بۇ نىمە ئىش؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، ھىلىقى ئادەم:

— مەن يەلتاپان باتۇر بولىمەن. بىر پۇتۇمنى قولتۇقۇمغا قىستۇرىۋالمىسام، بەك يۈگۈرۈپ كىتىپ چاتاق چىقىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، سەن بىز بىلەن ماڭ، بىرگە جاھان كىزەيـلى، — دەپتۇ ھاشىم. يەل تاپان باتۇر ماقۇل بولۇپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى بىر شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ يۈگۈرۈشكە ماھىر ئىكەن. بۇ شەھەردە ئۇنىڭدەك يۈگۈرۈك يوق ئىكەن. ئۇ قىز «كىم يۈگۈرۈپ ماڭا يېتىشەلىسە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ كىشىگە ئۆزەمنى ئاتايمەن» دېگەن ئىكەن. بۇ خەۋەرنى
ئاڭلىغان هاشىم يەل تاپان باتۇرنى قىز بىلەن يۈگۈرۈشكە
چۈشۈشكە ئۈندەپتۇ. يەل تاپان باتۇر ماقۇل بولۇپ قىز بىلەن
يۈگۈرۈشۈپتۇ. قىز ئارقىدا قاپتۇ. پادىشا ئۆز قىزىدىن ئايرىلىپ
قېلىشتىن ئەنسىرەپ:

— سىلەرگە بىر تاغار ئالتۇن بېرەي، تاغار ئېلىپ كېلىڭ-
لار، — دەپتۇ. هاشىملار ئۇن كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ كارامەت
يوغان بىر تاغار توقۇپ چىقىپتۇ. پادىشا هارۋا-هارۋىدا ئالتۇن
ئېلىپ كەپتۇ. هاشىملار تاغارغا ئالتۇننىمۇ، هارۋىلارنىمۇ، ئاتلارنى-
مۇ قاچىلاپتۇ. تاغار يەنىلا توشماپتۇ. ئوردىدا قالغان ئالتۇن،
كۈمۈشلەرنى ئەكەپتۇ. تاغار يەنە توشماپتۇ. پادىشانىڭ ھەممە
بايلىقى تۈگەپتۇ. تاغار يەنىلا توشماپتۇ. پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ،
نىيىتىنى بۇزۇپ، هاشىملاردىن مال-مۈلكىنى قايتۇرۇۋېلىشقا
ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، بۇرنىدىن شامال چىقىرار
يىگىت بىر بۇرنىنى ئېتىپ تۇرۇپ، بىر بۇرنىدىن شامال چىقار-
غان ئىكەن، پادىشانىڭ ئادەملىرى غازاڭدەك پىلدىرلاپ ئۇچۇپ
كېتىپتۇ. هاشىملار بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ ئالتۇنلارنى تەڭ
بۆلۈشۈپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك هايات كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ئۈچ ئۆستەڭ ئارا مەهەللىدىن:
قاسىم ئابلا

# دىدەك قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ئۈچ ئوغۇل چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەن چېغىدا ئۇلارنىڭ ئالتە كۆزى يەنە بىر پادىشانىڭ قىزىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئوغۇللارنىڭ ئاتىسى بۇنىڭغا ئامال قىلالماي ئۈچ ئوغلىغا ئۈچ تال ئوقيانى بېرىپ:

— سىلەر بۇ ئوقيانى ئۈچ تەرەپكە ئېتىڭلار. ئوقلار كىمنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشسە شۇنىڭ قىزىنى ئېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئوغۇللار ماقۇل بولۇپ، چوڭ يولغا چىقىپ ئوقيادىن ئۈچ تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. چوڭ ئوغۇلنىڭ ئوقى ھېلىقى قىزى بار پادىشانىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ ئوقى بىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ ئوقى يوقاپ كېتىپتۇ. كەنجى شاھزادە ئوقنى ئىزلەپ بارسا بىر تاغ ئۈستىدە بىر دىدەك قىز ئوقنى چىشلەپ، شاھزادىگە قاراپ تۇرغۇدەك. شاھزادە ئوقنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئىككى ئاكىسى كەلگۈسى رەپىقىلىرى توغرىسىدا دادىسىغا ماختىنىپتۇ. كەنجى شاھزادە بىرئاز مەيۈسلىنىپ، ئوقنىڭ دىدەك قىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دادىسى:

— قانداق قىلىسەن ئوغلۇم، ئالامسەن؟ — دەپتۇ.

— پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن، — دەپتۇ كەنجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شاھزادە. ئاندىن پادىشا ئۈچ ئوغلىغا ئۈچ تاغار پاختا بېرىپ:

— بۇنى سىلەر مەھبۇبەڭلەرگە ئېلىپ بېرىڭلار. تويلۇق ئۈچۈن ئەتلەس توقۇسۇن، — دەپتۇ. كەنجى شاھزادە تاغارنى يۈدۈپ تاغ باغرىغا بېرىپتۇ. دىدەك قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— بۇ پاختىنى نىمىشقا ئېلىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. كەنجى شاھزادە:

— «مەھبۇبەڭلەر تويلۇق ئۈچۈن ئەتلەس توقۇسۇن» دەپ ئاتام بەردى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئاۋۇ ئېگىز تاغنىڭ يېنىغا بېرىپ «كېنىزەك - كېنىزەك يوغان كالىنى ئەكىلىڭ» دەپ قويۇپلا دەرھال قايتىپ كېلىڭ، — دەپتۇ دىدەك قىز. كەنجى شاھزادە دىدەك قىز دىگەندەك توۋلاپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر يوغان كالا پەيدا بولۇپتۇ. قىز تاغاردىكى پاختىنى گىلەم سېلىنغان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆكۈپ كالىنى تاياق بىلەن ئۇرۇپتۇ. كالا پاختىنى يەپتۇ. كەينىدىن ئەتلەس توقۇپ چىقىرىپتۇ. ئەسلىدە كەنجى شاھزادىنىڭ ئىككى ئاكىسىنىڭ مەھبۇبەلىرى ئەتلەس توقۇيالمىغان ئىكەن. شۇڭا ئىككى شاھزادە ئىنىسىنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ ئۆينىڭ يوچۇقىدىن مارىلاپ تۇرغان ئىكەن. چۈنكى ئۇلار «دىدەك قىز ئەتلەس توقۇيالمايدۇ. كەنجى شاھزادە نومۇسقا قالىدۇ» دەپ ئويلىغان ئىكەن. ئۇلار مارىلاپ قارىغۇدەك بولسا ئەھۋال ھېلىقىدەك. ئۇلارمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەھۋالنى مەھبۇبلىرىغا بايان قىلىپتۇ. چوڭ شاھزادە ئۆكسىنى دوراپ، بىر چوڭ كالىنى گىلەم بىلەن زىننەتلەنگەن ئۆيگە ئەكىرىپ، پاختىنى ئالدىغا تۆكۈپ تاياق بىلەن راسا ئۇرۇپتۇ. كالا تاياق ئازاۋىدىن شاخىنا قويۇۋېتىپ ئۆينىڭ ئىچىنى بۇلغاپتۇ. ئىككىنچى شاھزادىنىڭ ئۆيىدىمۇ شۇنداق ئىش بوپتۇ. پادىشا

ئوغۇللارنى چاقىرىپ:
— قانداق، توقۇپ بولالىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، كەنجى شاھزادە:
— توقۇپ بولدۇق، — دەپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، بۇ ئۈچ تاغار ئۇننى ئاپىرىپ تويدا ئىشلىتىش ئۈچۈن نان تەييارلاڭلار، — دەپتۇ پادىشا. كەنجى شاھزادە ئۇننى ئېلىپ تاغ باغرىغا كەپتۇ. دىدەك قىز:
— بۇنى نېمە قىلغىلى ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ تاغارنى ئۆزى كۆتىرىپتۇ.
— دادام «بۇ ئۇندا مەھبۇبەڭلەر نان ياقسۇن» دەيدۇ، — دەپتۇ شاھزادە.
— ئۇنداق بولسا سىز ھېلىقى تاغنىڭ باغرىغا بېرىپ «كېنىزەك - كېنىزەك، يوغان تەڭلىنى ئېلىپ تېز كەل» دەپ قايتىپ كېلىڭ، — دەپتۇ دىدەك قىز. كەنجى ئوغۇل شۇنداق قىلىپتۇ. بىردەمدىلا بىر تەڭلە پەيدا بولۇپتۇ، دىدەك قىز ئۆيگە كىرىپ، ئۇننى يوغان تەڭلىگە قويۇپ، ياغ ئارىلاشتۇرۇپتۇ. تونۇرنى راسا قىزىتىپ ئۇننى تەڭلە بىلەنلا تونۇرغا تۆكۈپتۇ. تونۇرنىڭ ئاغزىنى مەھكەم دومىلەپ قويۇپتۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان ناننى ئېلىۋېرىپتۇ. بۇنى كەنجى شاھزادىنىڭ ئاكىلىرى مارىلاپ كۆرۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار «بىزمۇ شۇنداق قىلايلى» دەپ مەھبۇبلىرى بىلەن بىللە شۇنداق قىپتۇ. لېكىن ئۇننى تونۇرغا قويغان ھامان كۆلگە ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇن تونۇردا دۆملىنىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن پارتىلاپتۇ. تونۇر بۇزۇلۇپتۇ. پادىشا ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ:
— نان تەييار بولدىمۇ؟ — دەپتۇ. كەنجى شاھزادە:
— تەييار بولدى، — دەپتۇ.
— ئۇنداق بولسا تەييارلىغان نەرسەڭلەرنى ئېلىپ كېلىڭ-

www.uyghurkitap.com

لار، تويىنى باشلايمىز، — دەپتۇ. كەنجى شاھزادە بېرىپ ئەھۋالنى قىزغا ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سىز ھېلىقى جايغا بېرىپ «كېنىزەك - كېنىزەك، ئالتۇن مەيگە قارا خېچىرنى قوشۇپ تېز كەل» دەپلا قايتىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك ئالدىدا قارا ئات قوشۇلغان ھەممە يېرى ئالتۇندىن ياسالغان بىر مەپە پەيدا بولۇپتۇ. ئۇلار مەپىگە ئولتۇرۇپ ئوردىغا قاراپ يۈرۈپتۇ. ئەتىسى توي باشلىنىپتۇ. تويىنىڭ يەتتىنچى كۈنى كىشىلەر ئۈچ مەلىكىنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. چوڭ مەلىكە «ئالدى بىلەن كىچىك مەلىكە ئويناپ بەرسۇن» دەپتۇ. كىچىك مەلىكە «ئالدى بىلەن چوڭلاردىن كەلسۇن» ئۇلار تاماق يېگەندە، كىچىك مەلىكە بىر ئوچۇم پولۇنى ئاغزىغا سالسا، يەنە بىر ئوچۇم پولۇنى قويىنىغا سېپتۇ. چوڭ مەلىكىلەر بۇنى كۆرۈپ كىچىك مەلىكىنى زاڭلىق قىلىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇسسۇل باشلىنىپتۇ. كىچىك مەلىكە ئۇسسۇلنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئويناپتىكى، كىشىلەر ھەيران قاپتۇ. كىچىك مەلىكە ئۇسسۇل ئويناپ، سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەڭگىل سىلكىنىپتۇ. شۇ زامان مەلىكىنىڭ قويىنىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت تۆكۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن چوڭ مەلىكىلەر «بىزمۇ پولونى قويىنىمىزغا سېلىۋېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۈنچە - مەرۋايىت تۆكۈپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرايلى» دەپ ئويلاپ ئاشخانىغا كىرىپ قويىنىغا پولۇ تولدۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئۇسسۇل ئويناپ سازچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزلىرىنى سىلكىگەن ئىكەن قويىنىدىن پولۇ تۆكۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن خالايىق قاقاقلاپ كۈلۈپ مازاق قىپتۇ. ئۇلار ئۆلگۈدەك بوپتۇ ۋە شۇئان ئۆز يىگىتلىرى بىلەن بۇ شەھەرنى تاشلاپ يىراق ئەللەرگە راۋان بوپتۇ. دىدەك قىز بىلەن كەنجى ئوغۇل ئاتىسىغا ۋارىس بولۇپ ئۆز دۆلىتىنى ئادىل سوراپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچ ئۆستەڭ ئارا مەلىدىن: قاسىم ئابلا.

# تاز بىلەن سېھىرگەر

بۇرۇن چىندىل دىگەن مەملىكەتتە بىر ئانا - بالا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىدىكى يېزىدا تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئانا تۇل ئىكەن. ئەمما ئۇ ئاتىسىدىن كىچىك قالغان ئوغلىنى ئۆزى يىمەي يىگۈزۈپ، ئۆزى كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىپتۇ. لېكىن ئوغۇل تاز ئىكەن. شۇڭا ئۇ چوڭ بولغۇچە بازار قارىسىنى كۆرمىگەن ئىكەن. بىر كۈنى تاز:

— ئانا، مېنى بېقىپ مۇشۇنچىلىك قىلدىڭىز. ئون سەككىز ياشقا كىرىپ قالدىم، ئەمدى رۇخسەت بەرسىڭىز، بازارغا بېرىپ كەلسەم، — دەپتۇ. ئانا ماقۇل بولۇپتۇ ۋە بازاردىن بالدۇرراق قايتىپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ. ئانىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغان تاز بازارغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ شۇ پېتى ئۇدۇللا بازارغا بېرىپ كوچىلارنى ئارىلاپتۇ. پادىشانىڭ ئوردىسى ئالدىغا بېرىپ، ھەيۋەت-لىك قەسىرلەرنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا كۈن چۈش بولغان ئىكەن. دەل شۇ ۋاقىتتا راۋاقنىڭ پەنجىرىسى ئېچى-لىپتۇ. بىر گۈزەل قىز پەنجىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ شەھەر كوچىلىرىغا قاراپتۇ. بۇ قىزنى كۆرگەن تاز ھۇشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. بۇ قىز شۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ قىزى ئىكەن. بۇ قىزنى بىرلا كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئاشىق بولۇپ قالار ئىكەن. قىزغا نۇرغۇن شاھزادە ۋە بەگزادىلەردىن ئەلچى كەپتۇ. ئەمما پادىشا «مېنىڭ قىزىمنى ئالىدىغان كىشىنىڭ بىر ھۈنىرى بولسۇن.

بۇھۈنەرنى مېنىڭ تەۋەلىكىمدىكى كىشىلەر بىلمەيدىغان بولسۇن. قىزىمنى شۇنداق ھۈنەرۋەنگە بېرىمەن» دەپ ئەلچىلەرنى قايتۇ-رۇۋېتىدىكەن. بۇ شەھەردىن مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇنداق ھۈنەرنى بىلىدىغان ئادەم چىقماپتۇ.

تاز بۇ قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ ئانىسىغا:

— ئى ئانا، مەن بۈگۈن بازارغا بېرىپ تاماشا قىلىپ كەلدىم. ئەمدى ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسا، مېنى بالام دىسىڭىز مېنىڭ تەلىۋىمنى ئاڭلاڭ، — دەپتۇ.

— قېنى ئوغلۇم، نىمە سۆزۈڭ بولسا ئېيتقىن، — دەپتۇ ئانا.

— مەن بۈگۈن پادىشانىڭ راۋىقىدىكى بىر قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالدىم. سىز پادىشانىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى بولۇپ بارسىڭىز، پادىشانىڭ قانداق شەرتى بولسا چوقۇم ئورۇنلايمەن، — دەپتۇ تاز كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ. ئانا ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى دەپ شۇ كۈنى كەچتە پادىشا ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. پادىشاغا سالام قىلغان-دىن كېيىن نىمىشقا كەلگەنلىگىنى بايان قىلىپتۇ. پادىشا بۇرۇنقى شەرتىنى تەكرارلاپ:

— ئوغلىڭىز ئاشۇ شەرتنى ئورۇنلىسا قىزىمنى بېرى-مەن، — دەپتۇ.

موماينى غەم بېسىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ بولغان ۋەقەنى ئوغلىغا دەپتۇ. تاز دەرھال ئانىسىغا يالۋۇرۇپ:

— مەن ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى كېزىپ چىقاي، بىرەر يۇرتتا پادىشا دىگەندەك ھۈنەرنى ئۆگىنىپ قالسام ئەجەپ ئەمەس، شۇڭا ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، — دەپتۇ. ئانا نائىلاج رۇخسەت قىلىپتۇ.

تاز ئانىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ بىر تاغنىڭ يېنىدىكى شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بىر ئۆيگە قارىسا بىر ئاشپەز

ئىككى پۈتىنى ئۇچاقىا تىقىپ، كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك. قازاندىن ھەر خىل تاماقلار چىقىپ تۇرغۇدەك. بۇ تاماقلار چىنە - قاچىلارغا ئۆزلۈگىدىن قاچىلىنىپ جوزىلارغا تىزىلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن تاز «مەن مۇشۇ ھۈنەرنى ئۆگىنەي، بۇ بىز بار يۇرتتا يوق ھۈنەر» دەپ ئويلاپتۇ.

تاز كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. تازنى كۆرگەن ئاشپەز:

— ھوي تاز، ئەجەپ قارايسەنغۇ؟ ھۈنەر ئۆگىنەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆگىنىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تاز.

— ئۇنداق بولسا ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ تۇرغىن، — دەپ بىر ئۆينى كۆرسىتىپتۇ ئاشپەز. تاز ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ قارىسا ئوتتۇزدەك ئادەم ئولتۇرغۇدەك. تاز ئۇلارنىڭ بىرسىدىن:

— سىلەر نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى ئادەم:

— مەن ھۈنەر ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇشۇ ئاشپەزگە شاگىرتقا كىرگەن ئىدىم. ھازىر ماڭا ئون بەش يىل بولدى. تېخى پىياز ئاقلاشنىمۇ ئۇقمايمەن. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاشلار، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان تاز «مەنمۇ بىر ئامال قىلمىسام بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنەلمەيدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى ئاشپەز پەشتامىنىنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ تازنى چاقىرىپتۇ ۋە پەشتامىنى ئەكىلىشكە ئەۋەتىپتۇ. تاز ئاشپەزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرۋازىنى قېقىپتۇ. ئۆيدىن بىر قىز چىقىپتۇ. تاز قىزغا:

— ئاتىڭىز پەشتامىنىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. شۇڭا مېنى ئەۋەتتى. پەشتامىنى ئەپچىقىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. تازنى كۆرگەن قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«مەن چوڭ بولۇپ ئون ئالتە ياشقا كىرگىچە ئاتامدىن باشقا ئەر كىشىنى كۆرمىگەن ئىدىم، بۈگۈن خۇدايىم ماڭا بىر يىگىتنى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ تازنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەپتۇ ۋە:

— مېنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— مېنىڭ ئايالىم بار. مەن ئەسلى ھۈنەر ئۆگەنگىلى كەلگەن. سىزنى ئەمرىمگە ئالسام، سىز ئىككىنچى خوتۇن بولۇپ قالىسىز، بۇنىڭغا رازىمۇسىز؟ — دەپتۇ تاز.

— مەن رازى. سىز ھۈنەر ئۆگەنگىلى كەپسىز. مەن ئاتامدىن ئارتۇق ھۈنەر بىلىمەن. ئاتام سېھىرگەر، ئۇ قىرىق بىر خىل ھۈنەر بىلىدۇ. باشقىلارغا ھەرگىز ئۆگەتمەي قويمايدۇ. مەن قىرىق ئىككى خىل ھۈنەر بىلىمەن. سىز مېنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز، مەن سىزگە چوقۇم ھۈنەر ئۆگىتىپ قويىمەن، — دەپتۇ قىز ۋە تازنى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ، — ھازىر سىزنىڭ ھاياتىڭىز خەۋپتە. سىز پەشتامنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاتام سىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاڭگالغا ئوتۇن ئەكىلىشكە بۇيرۇيدۇ. «ئوغلۇم، قوتاندا بىر ئېشەك بار، شۇ ئېشەكنى ئېلىپ بېرىپ جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىڭ» دەيدۇ. سىز ماقۇل دەپ ئۆيدىن چىقىپ بولغۇچە ئاتام قوتانغا بېرىپ ئېشەك بولۇۋالىدۇ. سىز بىر زىنخ ياسىۋېلىپ جاڭگالغا بارغىچە ئېشەكنى سانچىپ مېڭىڭ. جاڭگالغا بارغاندا ئېشەكنى بىر توغراققا قاڭتۇرۇپ قويۇڭ. ئېشەك نوختىنى ئۈزۈپ يىلان بولۇپ سىزگە ئېتىلىدۇ. سىز قورقماي، يىلاننىڭ بېشىغا پالتا چېپىڭ. ئەگەر شۇنداق قىلمايدىكەنسىز، ئاتامدىن تىرىك قۇتۇلالمايسىز.

تاز پەشتامنى ئېلىپ ئاشپەزنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئاشپەز ئۇنى ئوتۇنغا بۇيرۇپتۇ. ھەممە ئىش قىز دىگەندەكلا بولۇپتۇ. تازنى ئۆلتۈرەلمىگەن ئاشپەز ئەتىسى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن

بۇنى قىزى بىلىۋېلىپ تازغا ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سېھىرگەر ئاشپەز تازنى ئۆلتۈرەلمەپتۇ. تاز قىزدىن ھۇنەرنى ئۆگىنىپتۇ. بىر كۈنى ئاشپەز ئۇنى يەنە ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تاز سەھەردە بىر دومىلىغان ئىكەن، بىر كۈنلۈك يەرگە كېتىپتۇ. كەپتەر بولۇپ ئۇچۇپ ئۈچ ئايلىق يىراقتا قالغان يۇرتىغا ئاش ۋاقتىدا بېرىپتۇ. ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە قونۇپ تۈگۈلۈكتىن ئۆيگە قاراپتۇ. ئۆيدە ئانىسى سالامەت ئولتۇرغان ئىكەن. تاز بىر دومىلاپ ئادەمگە ئۆزگىرىپ ئۆيگە كىرىپتۇ - دە، ئانىسىغا سالام بېرىپتۇ. ئوغلىنىڭ سالامەت كەلگەنلىكىنى كۆرگەن موماي خوشال بولۇپتۇ ۋە ئوغلىدىن نېمە ھۇنەر ئۆگىنىپ كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— مەن ئەتە بىر ئات بولىمەن. سىز مېنى شەھەرگە ئەكىرىڭ. كىشىلەر «قانچە پۇل» دېسە، «ئالتە يۈز تىللادىن ھەرگىز كەم ساتمايمەن» دەڭ. شۇ چاغدا مېنىڭ قانداق ھۇنەر ئۆگىنىپ كەلگەنلىكىمنى بىلىسىز، — دەپتۇ تاز.

ئەتىسى تاز دىگەندەك بىر دومىلاپ بىر ئېسىل چىلانتورۇققا ئايلىنىپتۇ. ئانا ئاتنى بازارغا ئەكىرىپتۇ. لېكىن ئاتنى ئالالايدىغان ئادەم چىقماپتۇ. پادىشا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاتنى ئالتە يۈز تىللاغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ. ئاتنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولۇپ:

— ئەتە سىلەر پۈتۈن خەلقى ئالەمنى يىغىپ جاكا قىلىڭلار. مەن بەيگە ئۇيۇشتۇرىمەن، پۈتۈن ياخشى ئاتلار بەيگىگە قاتناشسۇن، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئات بەيگىسى باشلىنىپتۇ. پادىشانىڭ ئېتى ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاتنىڭ سۈرئىتى ئوقتەك تېز بولغانلىقى ئۈچۈن پادىشا كۆزىنى ئاچالماي قاپتۇ. قالغانلارنىڭ ئاتلىرى يېرىم كۈنلۈك يولدا قاپتۇ. ئات يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپلا غايىپ بولۇپتۇ. پادىشا بىر قىرغا مىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. پادىشا ھاڭ - تاڭ

بولۇپ ئالدىغا قارىسا بىر تۆشۈك تۇرغۇدەك. پادىشا «ئېتىم مۇشۇ تۆشۈكتىن يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ تۆشۈككە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارقىدىن يېتىپ كەلگەنلەر:

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، ئات قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشا تۆشۈكنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ تۆشۈككە كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ.

باشقىلار پادىشانى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. تاز كېيىن ئەھۋالنى پادىشاغا ئۇقتۇرۇپتۇ. پادىشا ھېلىقى ۋەدىدار ئاتنىڭ ئەسلىدە قىزغا ئەلچى ئەۋەتكەن تاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قىزنى كاتتا توي قىلىپ تازغا بېرىپتۇ. تاز مۇرات - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ئۇچ ئۆستەڭ ئارا مەھەللىدىن: قاسىم ئابلا.

# نامەت قورقاق

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نامەت ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. نامەت تولىمۇ قورقۇنچاق بولۇپ، ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ قورقىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «نامەت قورقاق» دەپ ئاتىشىدىكەن. پادىشا دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، نامەت قورقاق ئۆزى سىرتقا چىقماي، ھەممە ئىشقا باشقىلارنى بۇيرۇپ دادىسىدىن قالغان پۈتۈن مال - دۇنيانى بىرنەچچە يىلدىلا تۈگىتىپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ بېغىدىكى بىر تۈپ نەشپۈتلا قاپتۇ. بۇ نەشپۈت دەرىخىدىن ھەر كۈنى ئۈچ نەشپۈت چۈشىدىكەن. نامەت شۇ نەشپۈتنى يەپ كۈننى كەچ قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نەشپۈت چۈشمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. نامەتنىڭ كۈنى تەس بولۇپتۇ. نامەت مېچىتكە كېلىپ بۇ ئەھۋالنى جامائەتكە قويۇپتۇ.

— ئۈچ كۈن بولدى، نەشپۈت چۈشمەيۋاتىدۇ. قوسىقىمنى باقالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ نامەت. بۇنى ئاڭلىغان بىر ئادەم:

— بەلكىم بېغىڭغا تۈلكە ئۆگىنىپ قالغاندۇ. مەن بىر تۈلكىنىڭ سېنىڭ بېغىڭدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان نامەت:

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ سىلەر بىر ئامال كۆرسىتىپ بېرىڭلار. شۇ بويىچە ئىش كۆرەي، — دەپتۇ. ياشانغان بىر بوۋاي:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

— سەن بىر تاۋاق يىلىم قايىنتىپ نەشپۈت شېخىغا سۈركەپ قوي. تۈلكە كېلىپ دەرەخقە ياماشسا جەزمەن چاپلىشىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرمەمسەن؟ — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. نامەت بۇ مەسلىھەتنى ئاڭلاپ خوشال بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ بىر تاۋاق يىلىم قايىنتىپ نەشپۈت دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا سۈركەپ قويۇپتۇ. دىگەنىدەك تۈلكە كېلىپ نەشپۈت دەرىخىغە يامىشىپتۇ. يامىشىپتۇ – دە، بىر تال نەشپۈتمۇ ئالالماي چاپلىشىپ قاپتۇ. نامەت قورققاق قولىغا بىر ئاي پالتىنى ئېلىپ تۈلكىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا تۈلكە زوۋانغا كەپتۇ.

— ئەي بۇرادەر، مېنى مۇشۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرساڭ، مەن ساڭا ئۆز ياخشىلىغىمنى كۆرسەتسەم، ساڭا بىر خوتۇن ئېلىپ بەرسەم، — دەپتۇ. نامەت تۈلكىنىڭ هارامزەدىلىگىنى بىلمەي ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ.

تۈلكە شۇ يەردىن چىقىپ شەھەردىكى چوڭ بىر باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ.

— كىم سەن؟ — باينىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. تۈلكە هەيرانلىق بىلەن:

— مەن تۈلكە دوغا. تۆت ئۆتكەمە بېرىپ تۇرامدىكىن دەپ كەلگەن ئىدىم، — دەپتۇ. باينىڭ ئايالى ئۆتكەمدىن تۆتنى ئېلىپ بېرىپتۇ. كەچ بولغاندا تۈلكە كېلىپ ئۆتكەمنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. باينىڭ ئايالى ئۆتكەمگە قارىسا ئۆتكەملەرنىڭ ئۇيەر – بۇيەرلىرىدە ئۈنچە – مەرۋايىتلار تۇرغۇدەك. باينىڭ ئايالى بۇنى كۆرۈپ ناهايىتى خوشال بولۇپتۇ، لېكىن چاندۇرماي:

— تۈلكە دوغا، ئۆتكەمنىڭ تۆشۈكلىرىدە ئۈنچە – مەرۋايىت، ياقۇتلار قاپتۇ. بۇنى ئېلىپ كېتىڭ، — دەپتۇ. تۈلكە هارامزەدىلىك بىلەن:

— ۋاي – ۋۇي، بۇ ئاددىلا نەرسىغۇ، نامەت پادىشانىڭ ئۆيىدە ئۈنچە – مەرۋايىتلار، ياقۇت – ياقۇتلار ناهايىتى نۇرغۇن.

بۇنى سىلەرگە سوغا قىلدى، — دەپتۇ. باينىڭ ئايالى ئۆيگە كىرىپ، ئېرىغا:

— ئاجايىپ پادىشالارمۇ بار ئىكەن. بايلىغىنىڭ ھېساۋى يوق ئىكەن. كىشىلەرگە بىكارغىلا بېرىۋېتىدىكەن، — دەپتۇ. ئەتىسى تۈلكە يەنە كەپتۇ ۋە:

— نامەت پادىشا دېگەن بىر پادىشا بار. ئۇنىڭ مال-دۇنياسى كۆپ، شان-شەۋكىتى ئالەمگە مەشھۇر. لېكىن، پادىشانىڭ خوتۇنى يوق. شۇڭا سىلىنىڭ قىزلىرىغا ئەلچى بولۇپ كېلىۋىدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باينىڭ ئايالىنىڭ ئېغىزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە دەرھاللا ماقۇل بولۇپتۇ. تۈلكە قايتىپ نامەت قورقاقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— نامەت، ساڭا بىر باينىڭ قىزىنى تەييارلاپ قويدۇم، — دەپ كۈلۈپتۇ.

— قوي گېپىڭنى، مېنىڭ مۇشۇ نەشپۈت دەرىخىمدىن باشقا ھېچنەرسەم بولمىسا، قانداق قىلىپ خوتۇن ئالىمەن، — دەپتۇ نامەت قورقاق. تۈلكە گېپىدە چىڭ تۇرۇپ نامەتنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. بىر دەريا بويىغا كەلگەندە نامەتنى بىر تۈپ جىگدە دەرىخىگە چىقىرىپ:

— مۇشۇ يەردە جىم ئولتۇرۇپ تۇرغىن، — دەپتۇ-دە، شۇ يەردە يايلاۋاتقان ماللارنى قوغلاپ بېرىپ دەريا بويىدىكى پاتقاقلىققا پاتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ھېلىقى باينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ-دە، ئىشىكتىن ھاسىراپ-ھۆمىدەپ كىرىپ:

— ۋاي باي غوجام، ۋاي باي غوجام، بىز تويلۇقنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتۇق. دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئېلىپ كەلگەن مال-دۇنيانىڭ ھەممىسى سۇدا ئېقىپ كەتتى. قويلار پاتقاققا پېتىپ قالدى. نامەت پادىشانى مىڭ تەسلىكتە بىر جىگدىگە چىقىرىپ قويۇپ، سىلىگە خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، —

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي دەرھال خىزمەتكارلىرىنى ئىشقا سېلىپ، نامەت قورققاقنى ئۆز ھوزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپلا توي تەييارلىقىنى قىلىپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپتۇ. توي تۈگىگەندىن كېيىن تۈلكە «قايتىپ كېتەيلى» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي نامەتنى ۋە قىزىنى نۇرغۇن ئەسكەر، كېنىزەك، پۇل ـ مال ـ دۇنيالار بىلەن يولغا ساپتۇ. نامەت قورقۇپ:

— ئۆيۈمدە ھېچنەرسە بولمىسا، بۇ خوتۇننى نىمە بىلەن باقىمەن؟ سەن مېنى رەسۋا قىلىدىغان بولدۇڭ، — دەپتۇ تۈلكىگە. تۈلكە بولسا ھىلە ئىشلىتىپ:

— سەن مېنىڭ كەينىمدىن ماڭساڭلا بولىدۇ، — دەپتۇ. تۈلكە شۇنداق قىلىپ خېلى ئالدىدا مېڭىپ يايلاقتىكى قوي، كالا، ئات بېقىۋاتقانلارغا:

— سىلەر، ھېلى كېلىدىغان ئادەملەر «بۇ كىمنىڭ ماللىرى؟» دەپ سورىسا، «نامەت پادىشانىڭ» دەپ جاۋاپ بېرىڭلار. بولمىسا ماللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتىمدۇ، — دەپتۇ. مالچىلار قورقۇپ ماقۇل بولۇپتۇ. نامەت ئارقىسىدىن كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن كىشىلەر:

— بۇ كىمنىڭ ماللىرى؟ ئەجەپ كۆپ ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مالچىلار:

— نامەت پادىشانىڭ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. تۈلكە بولسا ئۇتتۇز يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەتتە باشلىق يالماۋۇز:

— سەن بۇ يەرگە نىمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكە:

— سىز بىلەن جەڭ قىلغىلى نۇرغۇن ئەسكەرلەر كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ مېنىڭ ئادىمىم ئاز. تۈلكە ئاداش، ماڭا بىر ئەقىل كۆرسەت، — دەپتۇ يالماۋۇز. بۇ گەپنى

ئاڭلىغان تۈلكە:

— سەن پۈتۈن ئەۋلادىڭنى ئېلىپ چوڭ تونۇرغا كىرىۋال. مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتۇن - ياغاچلارنى تىزىپ قوياي. ئۇلار كېلىپ سېنى تاپالمايدۇ، — دەپتۇ. يالماۋۇز ماقۇل بولۇپتۇ. تۈلكە ئوتۇن - ياغاچلارنى توپلاپ ئوت يېقىۋېتىپتۇ. يالماۋۇز ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن بىللە تونۇردا كۆيۈپ تۈگەپتۇ. تۈلكە قۇلۇپلانغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. يالماۋۇز سەمرىتىپ يېيىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەملەرنى سولاپ قويغان ئىكەن. ئۇلار ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن «مەن ئورۇق، سەن سېمىز» دېيىشىپ، تۈلكىگە يالۋۇرۇپتۇ. تۈلكە ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— مەن سىلەرنى يەيدىغان يالماۋۇزنى ئۆلتۈردۈم. ئەمدى سىلەر ئازات بولدۇڭلار، — دەپتۇ ۋە بۇ ئادەملەرنى كىيىندۈرۈپ، ھەر قايسىسىنى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

نامەت قورقاق كەلگۈچە ھەممە ئىشنى تەق قىلىپ، تاماقلارنى پىشۇرۇپ قويۇپتۇ. نامەت كېلىپ ھەيران قاپتۇ. يالماۋۇزنىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى كىشىلەر نامەت بىلەن بىللە كەلگەن كىشىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئارقا - ئارقىدىن مەزىلىك تائاملار كەلتۈرۈلۈپتۇ. باينىڭ ئۆيىدىن بىللە كەلگەن ئەسكەر، كېنىزەكلەر «نامەت پادىشا ھەققەتەن ئادىل پادىشا ئىكەن» دېيىشىپتۇ. بۇ يەردىمۇ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بوپتۇ. تۈلكە باي تەرەپتىن بىللە كەلگەنلەرنى نۇرغۇن مال - دۇنيا بىلەن يولغا ساپتۇ.

ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن تۈلكە:

— نامەت ئاداش، سەن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدۇڭ. مەنمۇ ساڭا نۇرغۇن ياخشىلىق قىلدىم. ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ. نامەت مىننەتدارلىق بىلەن:

— راست تۈلكە قېرىندىشىم. سەن ماڭا كۆپ ياردەملەرنى قىلدىڭ. بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن. ئەگەر سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ، سەن ئۈچۈن ئالتۇن جىنازا ياسىتىمەن. يەرلىكىڭ-

نى ئالاھىدە قازدۇرىمەن. سەن ئۇچۇن بىر يىل ھازا تۇتىمەن، — دەپتۇ.

كۆنلەردىن بىر كۈنى تۈلكە يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. نامەت لەشكەرلىرىگە:

— تۈلكىنى جاڭگالغا تاشلىۋېتىڭلار، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۈلكە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— ھەي نامەت قورققاق، سەن نىمە دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن سىنىڭ يالغاندىن ئۆلۈك بولۇپ يېتىۋالغانلىغىڭنى بىلىپ شۇنداق دىگەن ئىدىم، — دەپتۇ نامەت.

كېيىن تۈلكە راستىنلا ئۆلۈپ قاپتۇ. نامەت قورققاق ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

(بۇ چۆچەكنىڭ «نامىتەك پادىشا» دىگەن ۋارىيانتىمۇ بار)

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىم ئابلا

# مەلىكە قانخور ھىكايىسى

بۇرۇن مەلۇم شەھەردە بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پادى-شانىڭ ئىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. پادىشا بىر كۈنى:

— مەن ئەمدى قېرىدىم. خۇدايتائالا ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر، شۇنچە كۆپ بايلىق، تاجۇ - تەخت بەردى، كاشكى ماڭا بىرەرمۇ پەرزەنت بەرمىدى. بىر پەرزەنت بەرگەن بولسا، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمغا دەسسىسە مېنىڭ ئىشىم ئۆچمەيتتى، چىرىغىم ئۆچمەيتى بىراق، مېنىڭ پەرزەنتىم يوق. مەن ئالەمدىن ئۆتسەم مالۇ - دۇنيالىرىم دۈشمەنلىرىمگە قېلىپ، مېنىڭ ئىشىممۇ، چىرىغىممۇ ئۆچىدىغان بولدى. — دەپ ئويلاپ كۆپ ھەسرەت چېكىپ، پەرىشان بوپتۇ.

— ئى پادىشاھى ئالەم، نىمە ئانچە پەرىشان يۈرۈيلا؟ ئۆزلىرىگە نىمە بولدى؟ — دەپتۇ خانىش. پادىشا:

— ھەي خوتۇن، سەن بىرەر پەرزەنت تۇغقان بولساڭ كۆڭلۈم يېرىم بولمىغان بولاتتى، — دەپتۇ.

— ئى پادىشاھىم، ئۇنداق بولسا ئەلگە چوڭ نەزىرە بەرسەك، خۇدايىمنىڭ رەھمى كېلىپ بىرەر پەرزەنت بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. — دەپتۇ خانىش.

پادىشا ئايالىنىڭ گېپى بويىچە يۇرتقا چوڭ نەزىر بېرىپتۇ. ئاخشىمى بولسا تەرەت ئېلىپ يېتىپتۇ. پادىشا چۈشىدە بىر نۇرانە كىشىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كىشى پادىشاغا «ئەي پادىشاھى ئالەم، سېنىڭ خۇدايتائالاغا قىلغان تەلەپلىرىڭ ئىجاۋەت بولدي. بېشىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئالما قويدۇم. بۇ ئالمىنى ئىككى پارچە قىلىپ يېرىمىنى سەن يېگىن. يېرىمىنى ئايالىڭ يېسۇن، ئاندىن ئىككىڭلار بىر تەكىيگە باش قويساڭلار خۇدايىتائالا سىلەرگە پەررەنت ئاتا قىلىدۇ» دەپتۇ. پادىشا ئويغىنىپ قارىسا راستىنلا بېشىدا بىر ئالما تۇرغۇدەك. ئۇ ناھايىتى خوشال بولۇپ ئالمىنى ئىككى پارچە قىلىپ يېرىمىنى ئۆزى يەپتۇ. يېرىمىنى ئايالىغا يەگۈزۈپتۇ. راست دېگەندەك. خۇدايىتائالا ئۇلارغا بىر پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. خانىش توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىشا خوشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ. «ئوغلۇمغا كۆز تېگىپ كېتىدۇ، چەتنەپ قالىدۇ» دەپ ئەنسىرەپ ئوغلىنى ھېچ كىشىگە كۆرسەتمەي بىر باغدا بېقىپتۇ. بۇ بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى ئانىسى، دادىسى، بىر موللا، بىر ئاشپەز ۋە بىر تۇغۇت ئانىلا بىلىدىكەن. ئاندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بالا كۈنلەردىن كۈنى ئۆتۈپ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپتۇ. ھەر خىل ئىلىملارنى پىششىق ئۆگىنىپتۇ. شاھزادە ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى موللام شاھزادىگە:

— ئى ئوغلۇم، سەن ئاتاڭنىڭ دۆلىتىدە ئويدان ئۆستۈڭ. ئەمدى ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قالدىڭ. ئاتاڭ كاتتا پادىشا. ئاتاڭنىڭ دۆلىتىدە تۆت ـ بەش كۈن سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلىپ «كىمنىڭ بالىسى» دېسە «پالانى پادىشانىڭ بالىسى» دەپ نام چىقىرىۋالساڭ بولاتتى. ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە قازا يېتىپ، ئاتاڭ پۈككىدە ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسا، ئۇ چاغدا «مەن پادىشانىڭ بالىسى» دېسەڭ كىم ئىشىنىدۇ؟ «نەدىمۇ پادىشانىڭ بالىسى بولسۇن؟! بىز پادىشانىڭ بالىسى بارلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلىمىغان ھەم كۆرمىگەن» دەپ تۇرۇۋالسا، ئاتاڭنىڭ تاجۇ ـ تەختى باشقىلارنىڭ قولىغا قالامدۇ؟ ئۇ ۋاقىتتا مەن، ئاناڭ گۇۋالىق بەرگەن بىلەن كىم ئىشىنىدۇ؟ — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شاھقا مۇنداق خەت يېزىپتۇ: «ئى ئاتا، مەن ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قالدىم. سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم. سىزنىڭ يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مەن سىزنىڭ دەۋرىڭىزدە ئويناپ - كۈلۈپ، ساياھەت قىلىپ، ھوزۇر سۈرۈپ، خەلقى - ئالەم ئالدىدا نام چىقىرىۋالاي. مەن سىزنىڭ تەختىڭىزگە ۋارىسلىق قىلىشىم مۇمكىن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇدايىتائالا ھەر كىشىگە ئاتا قىلغان ئۆلۈم سىزنىڭ بېشىڭىزغا چۈشۈپ، سىزنى ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كەتسە، ئۇ چاغدا مەن پادىشانىڭ بالىسى دەپ ئوتتۇرىغا چىقسام كىممۇ ماڭا ئىشەنسۇن. پادىشانىڭ نەدىمۇ بالىسى بولسۇن، دەپ ھېچكىم ماڭا ئىشەنمەيدۇ. ئۇ چاغدا تەختىڭىز باشقا كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟!...»

پادىشا خەتنى كۆرگەندىن كېيىن «بالام ئەمدى ئەقلىگە كەپتۇ» دەپ سۆيۈنۈپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ بالىنىڭ ئات تويىنى قىلىپ بېرىپتۇ. توي قىرىق كۈن داۋاملىشىپتۇ. توي ئاخىرلىشىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشا ئوۋچىلىرىنى باشلاپ قۇش ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ.

بىر كۈنى بىر ئوۋچى شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، جاڭگال دىگەندە توشقان بار. ئۇ بار، بۇ بار. يەنە بىر چىقىپ ئوۋلاپ كەلمەيمىزمۇ؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئاتا، مەن ئوۋ قىلغىلى بارسام، رۇخسەت قىلسىڭىز، — دەپتۇ. پادىشا:

— ئى ئوغلۇم، مەن جامالىڭنى بىردەم كۆرمىسەم تۇرالمايتتىم. سەن جاڭگالغا كېتىپ بىرەر - يېرىم كۈندە كەلسەڭ مەن قانداقمۇ چىدايمەن؟ — دەپتۇ. ئوغۇل يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن پادىشا ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپتۇ. ھەممە ئۇۋچىلارنى يىغىپ:

— بۈگۈن كۈن چۈش بولۇپ قالدى. ئەگەر شاھزادىنى بۈگۈن ئۇۋغا ئېلىپ بېرىپ ئەتە چۈشكىچە قايتۇرۇپ كېلەلىسەڭلار، ھەر بىرىڭلارغا مۇشتۇمدەكتىن ئالتۇن بېرىمەن. ئەگەر چۈش بىلەن كېلەلمەي قالساڭلار ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن. بارلىق مال - دۇنيارىڭلارنى تالان - تاراج قىلىمەن. كاللاڭلار ئۆلۈمگە لايىق، مال - دۇنيارىڭلار غەزىنەمگە لايىق، — دەپ تاپشۇرۇپتۇ ۋە شاھزادىنى يۈزدەك ئۇۋچىغا قوشۇپ جاڭگالغا يولغا ساپتۇ.

شاھزادە جاڭگالغا چىقىپ ئۇزۇن يوللارنى يۈرۈپتۇ. شاھزادە ھەر قېتىم ئاتىسى بىلەن ئۇۋغا چىققاندا سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، نۇرغۇن كىيىك، توشقان ئۇۋلىغان ئىكەن. لېكىن بۇ نۆۋەت شاھزادىگە ھېچنېمە ئۇچرىماپتۇ. نامازشامغىچە مېڭىپتۇ. كېچىچە مېڭىپتۇ. ئەتىسى چۈشكىچە مېڭىپتۇ، يەنىلا ھېچقانداق نەرسە ئۇچرىماپتۇ. ئەمدى يانايلى دەپ تۇرۇشىغا يىراقتىن بىر دۆڭ كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دۆڭلۈكنى كۆرۈپ:

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن دۆڭگە بىر چىقىپ بېقىپ ئاندىن قايتايلى. دۆڭنىڭ يېنىدا بىرەر نەرسە بولسا تېخى ياخشى، بولمىسا مەيلى، — دەپتۇ. ھەممەيلەن شۇ دۆڭگە ئات ساپتۇ. ئۇلار نامازشام بولاي دېگەندە دۆڭگە يېتىپ كەپتۇ. دۆڭگە چىقىپ قارىسا، دۆڭنىڭ يېنىدا بىر كىيىك ئوتلاپ يۈرگۈدەك. ئۇ كىيىكنىڭ بېشىدا كىچىككىنە ئالتۇن تاج، بېلىدە كەمەر، تۆت پۇتىدا تۆت ئالتۇن قوڭغۇراق بار ئىكەن. بۇ كىيىك يورغىلىسا بىر خىل، سەكرىسە يەنە بىر خىل مۇزىكىغا ئوخشاش يېقىملىق ئاۋاز چىقىدىكەن. شاھزادە بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولۇپتۇ ۋە:

— مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ تۇنجى قېتىم ئۇۋغا چىققاندا ھېچنەرسە ئۇچرىماي ئاقىۋەتتە بۇ كىيىك ئۇچرىدى. مەن بۇ

كىيىكنى تىرىك تۇتۇپ ئاتامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام، ئاتام قەۋەتلا خوشال بولىدۇ. شۇڭا كىيىكنى ئاتماڭلار، قوغلاپ تىرىك تۇتۇۋالايلى، — دەپتۇ. ئوۋچىلار كىيىكنى قوغلاپتۇ. كىيىك تۇتۇق بەرمەي، يىراقلاپ قېچىپمۇ كەتمەي، ئوۋچىلار ئىتتىك ماڭسا ئۇمۇ ئىتتىك مېڭىپتۇ. ئوۋچىلار ئاستا ماڭسا ئۇمۇ ئاستا مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئامازشام بولۇپ كېتىپتۇ. ئوۋچىلار كىيىكنى تۇتالماپتۇ. باشقا ئامال بولماي شاھزادە قۇشنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. قۇش ئەگىپ ئۇچۇپ بېرىپ كىيىك ئۈستىگە قونۇپتۇ. قۇش قونۇشى بىلەن تەڭ، كىيىك بىرلا يۇمىلاپ، چاشقاندەك كىچىك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قۇم يېنىدىكى كىچىك بىر تۆشۈككە كىرىپ غايىپ بولۇپتۇ. بۇ كىيىك ئەسلىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ كىيىكى ئىكەن. كىيىككە ھېچكىم چېقىلالمايدىكەن. ئوۋچىلار ئاخىرى مەسلىھەتكە چۈشۈپتۇ: «پادىشا بالام كەلمىدى، دەپ ئاللىقاچان بىزنىڭ بالا - چاقىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بولدى. بۇ ھالدا بىزمۇ پادىشانىڭ ئالدىغا بارساق ھايالسىزلا ئۆلتۈرىدۇ. بۇ پادىشانىڭ يۇرتىدىن باشقا يۇرتمۇ - يۇرت. ھەممىمىز بىرلىشىپ، شاھزادىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ باشقا يۇرتقا چىقىپ كېتىپ بەش، ئون كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم كۈن كەچۈرەيلى. بىز شاھزادىنى ئېلىپ بارساق پادىشا گۇنايىمىزدىن كەچسىغۇ كەچتى. ئەگەر بالامنى نىمىشقا دىگەن قاراردا ئەكەلمەيسەن دەپ، بىزنى ئۆلۈمگە بۇيرىسا تۈگەشكىنىمىز شۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ شاھزادىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ باشقا يەرگە كېتەيلى» دىگەن قارارغا كېلىشىپتۇ. شاھزادە ناھايىتى زېرەك بولغاچقا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى سېزىۋاپتۇ - دە، ئاتقا بىر قامچا ئۇرۇپ ئۇچقاندەك يۇرۇپ كېتىپتۇ. كەلگەن يولى ئارقىسىدا قاپتۇ. قالغانلار:

— شاھزادە قاچتى، ۋاي قوغلاڭلار، — دەپ ئۇنى قوغلاپتۇ.

شاھزادىنىڭ ئېتى ناھايىتى ياخشى ئات بولغاچقا ئۇلار پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىغلەپتۇ. شاھزادە قېچىپتۇ، قېچىپتۇ. ئەتىسى پېشىن بولغاندا كۆز يەتكۈسىز بىر قاقاسلىققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ شۇنداق كېتىپ بارسا، ئالدىغا بىر ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي ئۇچراپتۇ. بوۋاي قويىنىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ يەنە قويىنىغا سالارمىش. گاھ قاقاقلاپ كۈلسە، گاھ يىغلارمىش. شاھزادە بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا. قوينىڭىزدىن بىر نەرسىنى ئالىسىز كۈلىسىز، ئۇنى قوينىڭىزغا سالىسىز يىغلايسىز. بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟ قوينىڭىزدىكى نەرسىنى بىر كۆرۈپ باقسام، ئاندىن سىزنى مۇشۇ چۆلدىن ئەپچىقىپ قويسام قانداق؟ — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوۋاي:

— ئى بالام، قوينۇمدىكى نەرسىنى كۆرسەڭ شۇئانلا ئاتتىن يىقىلىسەن. مېنىڭ ياشلىق باھارىم كەتتى، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. لېكىن مېنىڭ ئۆلۈمۈم ساڭا باغلىق. مەن مۇشۇ چۆل – جەزىرىدە يۈرگىلى ئون يەتتە يىل بولدى. مەن ئەمدى ئۆلىمەن. سەن مېنىڭ نامىزىمنى چۈشۈرۈپ، مۇشۇ يەردە قويغىن. قوينۇمدا بىر رەسىم بار. ئۇنى ئال. لېكىن ئۇ رەسىمگە پەقەت قارىمىغىن. رەسىمنى قوينۇڭغا سېلىپ ئۆزەڭنىڭ شەھىرىڭگە بارغاندىن كېيىن ئۇنى كۆر. ئاڭغىچە ئۇ رەسىمگە قارىساڭ چۆل – باياۋاندا ئابۇت بولىسەن. بالام، مېنىڭ ئەجىلىم ساڭا باغلىق، — دەپلا جان ئۈزۈپتۇ. شاھزادە بوۋاينى قۇم بىلەن يۆيۈپتۇ. بوۋاينىڭ قوينىغا قولىنى سالسا دىگەندەك بىر رەسىم چىقىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا قارىمايلا قوينىغا سېلىپتۇ. بوۋاينى كېپەنلەپ يەرلىككە قويۇپتۇ. ئاندىن ئاتقا مىنىپ كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا يېنىپتۇ. شۇنداق مېڭىپ بىر يەرگە كەلسە ئۆزى بىلەن بىللە چىققان ئوۋچىلار ئاتتىن بىرنەچچىنى ئۆلتۈرۈپ، كاۋاپ قىلىپ يەپ ياتقۇدەك. ئۇلار شاھزادىنى كۆرۈپلا:

— شاھزادە كەپتۇ. ئاتنى توقۇڭلار! — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىگەرنى تەتۈر توقۇپتۇ. بەزىلىرى ئاتنىڭ ئارقىسىغا يۈگەن، ئاغزىغا قوشقۇن ساپتۇ. ئۇلار جابدۇنۇپ بولغۇچە شاھزادە ئاتقا قامچا ئۇرۇپ يىراقلاپ غايىپ بولۇپتۇ. ئۇلار شاھزادىنى ئۇتالماپتۇ. شاھزادە شەھەر تامان يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇۋچىلار بۆلۈنۈپ، شاھزادىنى ئىزلەپ شەھەر - شەھەرلەرگە راۋان بولۇپتۇ. شاھزادە ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كىرمەي ئۆزى چوڭ بولغان باغدىكى ئۆيىگە كىرىپتۇ. قىرىق ئۆينىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشىگىنى تاقاپ، ھېلىقى رەسىمنى ئۆينىڭ بىر تېمىغا چاپلاپتۇ - دە، رەسىمگە بىر قارىغانچە ئۇن يەتتە كۈن قاراپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشادىن ئاڭلايلى: ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى ئوغلىدىن خەۋەر ئالالمىغان پادىشا ھەسرەت - نادامەتتە ساراڭ بولۇپ كېتىپتۇ. «كىمدە - كىم بالامدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسە مۈشتەك ئالتۇن بېرىمەن» دەپتۇ. قىرىق كۈن بولغاندا ئات باقار پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دات پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ.

— ھە نىمە گەپ؟ — دەپتۇ پادىشا.

— بېشىمدىن قورقمەن، — دەپتۇ ئات باقار.

— ھەرقانداق ئېغىر گۇنايىڭ بولسا ئۆتتۇم، دېگىن، — دەپتۇ پادىشا.

— مەن شاھزادىغا توقۇپ بەرگەن ئات قۇرۇق قايتىپ كەلگىلى بۈگۈن قىرىق كۈن بولدى. شاھزادىنى كۆرەرمەن دىۋدىم، شاھزادىنى كۆرمىدىم. شاھزادىنىڭ باغدىكى ئۆيى تاقىلىپ قالغىلىمۇ بۈگۈن قىرىق كۈن بولدى. ئىشىك پەقەت ئېچىلمىدى، — دەپتۇ ئات باقار. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ، ۋەزىرلىرىنى باشلاپ باققا بېرىپ، شاھزادە چوڭ بولغان ئۆينىڭ ئىشىگىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇرسا ئىچىلماپتۇ. ياغاچچى چاقىرتىپ كېلىپ ئىشىكنى بۇزدۇرۇپ ئۆيگە كىرسە شاھزادە تامدىكى رەسىمگە قاراپ ياتقان. ئۆزى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان. جېنى يوقمىكىن دىسە، كۆزلىرى مىدىرلىغۇدەك، جېنى بارمىكىن دىسە جىم تۇرغۇدەك. ئاخىرى شاھزادىنى تالاغا ئېلىپ چىقىپتۇ. بىرسى تىرىك دەپتۇ. پادىشا تېۋىپ چاقىرتىپتۇ. شەھەردە توقسان ياشلىق بىر ھېكىم بار ئىكەن، نەۋكەرلەر ئۇنى تېپىپ كەپتۇ. ھېكىم شاھزادىنى كۆرۈپ:

— بۇ بالىنى ساقايتىش مۇمكىن، لېكىن ناھايىتى قىيىن، — دەپتۇ.

— ھەرقانداق ئادەم بالامنى ساقايتسا نىمە تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشا.

— ئەمسە قازان، كېپەك تەييارلاڭ، — دەپتۇ ھېكىم. ئۇ قازاندا كېپەكنى قورۇپ، قاينىتىپتۇ. شاھزادىنى دۈم، ئوڭدىسىغا ئۆرۈپ - چۆرۈپ ياتقۇزۇپ، كېپەكنىڭ سۈيىنى شاھزادىگە بىر قوشۇق، بىر قوشۇقتىن ئىچكۈزۈپتۇ. بۇ ئىشنى ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر قىزنى شاھزادىنىڭ مەيدىسىگە يەنە بىر قىزنى دۈمبىسىگە تېڭىپتۇ. قىرىق كۈن بولغاندىن كېيىن شاھزادە ھوشىغا كەپتۇ ۋە دادىسىغا:

— ئاتا، مېنى داۋالاپ ھوشۇمغا كەلتۈرۈپسەن. سەن ماڭا ئاشۇ رەسىمدىكى قىزنى ئېلىپ بەرسەڭ، ئەگەر سەن مۇشۇ رەسىمدىكى قىزنى ئېلىپ بېرەلمىسەڭ، مەن مۇشۇ قىزنىڭ يولىدا ئۆلۈۋېلىشتىن يانمايمەن، — دەپتۇ. پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئى بالام، مېنىڭ قول ئاستىمدا تۆت يۈز نەچچە شەھەر، نەچچە ئون مىليون ئادەم تۇرسا، بۇ رەسىمدىكىدەك قىز چىقمامدۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشا ھەممە شەھەرگە نامە ئەۋەتىپتۇ. ئالتە ئاي ئۆتكەن

دىن. كېيىن ھەممە شەھەردىن «بۇ رەسىمدىكى قىز بالا بىزنىڭ شەھىرىمىزدە يوق ئىكەن» دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ كەپتۇ.

— رەسىمدىكى قىز يوق ئىكەن، بۇ رەسىمنى قىياس بىلەن سىزغان ئوخشايدۇ. مەن رەسىمدىكىدىن بۆلەك ھەرقانداق قىز بولسا ئېلىپ بېرەي، — دەپتۇ پادىشا ئوغلىغا نائىلاجلىقتا. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە:

— رەسىمدىكىدىن بۆلەك ھەرقانداق قىز بىلەن توي قىلمايمەن، — دەپتۇ. ئۇلار باشقا شەھەرلەردىن كەلگەن سودىگەلەردىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ. بىر كۈنى تۆت يۈز كارۋان كەپتۇ. پادىشا ھەممىسىنى ئۈچ كۈن كاتتا مېھمان قىپتۇ ۋە:

— ئەي كارۋانلار، سىلەر شەھەردىن شەھەرگە بارىسىلەر. مۇشۇ رەسىمدىكى قىزنى كۆرگىنىڭلار ياكى ئۇ توغرىلىق بىرەر خەۋەر ئاڭلىغىنىڭلار بارمۇ؟ — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان كارۋانلار:

— بۇنداق قىز ئادىمىزاتتىن تۇغۇلمايدۇ. بۇنداق قىزنى بىز ھەم كۆرمىگەن ھەم ئاڭلىمىغان، — دېيىشىپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ ۋە:

— بۇنداق قىز بولمىسا بۇ رەسىمنى كىم سىزدى؟ مەن بۇ رەسىمنى تېزىمنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قوياي. ھەرقانداق ئادەم مۇشۇ رەسىمگە ئوخشىتىپ بىر رەسىم سىزىپ چىقالىسا، ئاتام ماڭا ھەرقانداق قىزنى ئېلىپ بەرسە مەيلى، — دەپتۇ.

ئۇنداق رەسىمنى سىزىشقا ھەممە ئادەم ئاجىز كەپتۇ. شاھزادە بۇ قىزنىڭ ئىشقى پىراقىدا خاراپ بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن باشقا بىر شەھەردىن ئۈچ سودىگەر كەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۇلارنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ھېلىقى قىزنىڭ رەسىمنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قىزنى بىرەر يەردە كۆردىڭلارمۇ ياكى بىرەر يەردە بارلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئۈچ سودىگەر بىر بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ تۇرۇپ:
— ئى شاھزادە، بىز بۇ قىزنى كۆرگەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە:
— «كۆرگەن» دىگەن ئاغزىڭلاردىن ئۆرگىلەي، — دەپ، يەتتە لىگەندە ئالتۇن ئېلىپ چىقىپ سودىگەرلەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپتۇ. ئاندىن:
— سىلەر بۇ قىزنى نەدە كۆرگەن؟ بۇ قىز كىمنىڭ قىزى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ قىز باشقا بىر پادىشانىڭ قىزى. ئۇ ئون تۆت ياشقا كىرگەندىن تارتىپ پادىشالىق تاجىنى كىيدى. ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىردى. ئۇ يەتتە مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش يەتتە شەھەرگە سۇلتان، — دەپتۇ سودىگەرلەر. شاھزادە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئاتىسىغا يەتكۈزۈپتۇ.
— مېنىڭ ھۆكمۈم ئاران تۆت يۈز نەچچە شەھەرگە يېتىدۇ، ئۇ قىزنىڭ ھۆكمى سەككىز مىڭدەك شەھەرگە يېتىدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن مەن قانداق تەڭ بولالايمەن؟ مەن ئۇنىڭغا كىشى قويۇشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. ئۇنى ئۇرۇشۇپ ئالاي دىسەم، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تولا. يەنە بىر تەرەپتىن، سېنىڭ خوشلۇغۇڭنى دەپ شۇنچە كۆپ شەھەر خەلقىنى قىرغىن قىلسام، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۇۋالىدىن قانداق چىقارمەن؟ — دەپتۇ پادىشا. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شاھزادە:
— ئى ئاتا، بۇ سۆزىڭىز ھەق. مەن بىر ئادەم، شەھەر خەلقى كۆپ. مەن ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكسىڭىز قىيامەت كۈنى بۇنىڭ ئۇۋالىغا قالىسىز. ھەرقانداق بالا كەلسە مەن تارتاي. ماڭا ئاز - تولا مالۇ - دۇنيا بېرىڭ. مەن شۇنىڭغا تايىنىپ ئىلاج قىلالىسام قىزنى قولۇمغا كەلتۈرەي. بولمىسا شۇ قىز يولىدا قۇربان بولاي، — دەپتۇ. پادىشا بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ.

شاھزادىگە قىرىق خېچىرلىق ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىرىق ئادەم بېرىپتۇ. شاھزادە ھېلىقى ئۈچ سودىگەردىن قاچان ماڭىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇلار:

— بىز ئەكەلگەن ماللارنى قاچان سېتىپ بولساق، شۇ چاغدا يولغا چىقىمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شاھزادە بۇ گەپلەرنى شاھقا يەتكۈزگەندىن كېيىن، پادىشا پۈتۈن شەھەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ:

— ھەممە ئادەم مۇشۇ ئۈچ سودىگەردىن مال ئالىدۇ. باشقا سودىگەرلەر مال ساتمايدۇ. ئەگەر كىم خىلاپلىق قىلسا كاللىسى ئۆلۈمگە، پۇل - دېلى تالانغا، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سودىگەرلەر ماللىرىنى تېزلا سېتىپ بولۇپتۇ.

— ئەمدى ماڭارسىلەر؟ — دەپتۇ پادىشا.

— پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتلىرى بىلەن سودىمىز ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەمدى بىز ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە ئېلىۋالساقلا ماڭىمىز، — دەپتۇ ئۈچ سودىگەر. شۇنىڭ بىلەن پادىشا يەنە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. پۈتۈن شەھەردە ھەممە ئادەم مال ساتقىلى بازارغا چىقىپتۇ. ئۈچ سودىگەردىن باشقا ھەرقانداق ئادەم مال ئالماپتۇ، كېيىن بۇ سودىگەرلەر پادىشا ھوزۇرىدا ئۈچ كۈن مېھمان بولۇپتۇ. ئاندىن شاھزادە بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار توپ - توغرا ئالتە ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن بۇ سودىگەرلەرنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. سودىگەرلەر شاھزادىگە:

— ئى شاھزادە، بىزنىڭ ئۆيىمىز چەتتىرەك. بۇ ماللارنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ چۈشۈرۈش ئەپسىزرەك. شۇڭا سىزنى مال - مۈلۈكلىرىڭىز بىلەن سارايغا چۈشۈرۈپ قويساق. بىز ۋاقىت تاپقاندا ئاندىن سىزنى ئېلىپ چىقساق، — دەپتۇ. شاھزادە ماقۇل بولۇپ كاتتا بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقاي» دېگەن ئوي بىلەن كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇ كوچىغا چىقىپ تۇرۇشىغا قىلىچ كۆتەرگەن بىر ئاق چاچ خوتۇن «ئەر كىشى بولساڭ قاچ» دەپ جار سالغىنىچە كېلىۋاتقۇدەك. كوچىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغاندا، سارايۋەن كېلىپ ئۇنى تارتىپ سارايغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھزادە سارايۋەندىن بۇنىڭ نىمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

— كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاشۇ ئاق چاچ خوتۇننىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان كىشىلەر سىنى كۆرسىلا ئۆلتۈرىدۇ. چۈنكى بۈگۈن شەھەرنىڭ پادىشاسى باققا چىقىدۇ، — دەپتۇ سارايۋەن. شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ قىلىچ بىلەن تامنى تېشىپ يولغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قارىسا كوچىدا ئاق ئاتقا مىنگەن ئاق كىيىملىك قىرىق قىز، چىلانتورۇققا مىنگەن قىزىل كىيىملىك قىرىق قىز قوللىرىدا قىلىچ كۆتەرگەن ھالدا «ئەر كىشى بولساڭ قاچ» دېگىنىچە كېتىپ بارغۇدەك. ئۇنىڭ كەينىدىن جەدە ئاتقا مىنگەن قىرىق قىز كەپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ قولىدا قىلىچ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قىلىچ تۇتقان يەتتە قىز كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر ئالتۇن مەپە كەپتۇ. شاھزادە قارىسا، مەپىدە ھېلىقى رەسىمدىكى قىز ئولتۇرغۇدەك. ئۇ قىز شاھزادىنىڭ كۆزىگە رەسىمدىكىدىن نەچچە يۈز ھەسسە چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە شۇ يەردىلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. كەچ بولغان چاغدىلا ھوشىغا كېلىپ يەنە كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇ خۇددى مەستەك، قەيەرگە بېرىپ-قەيەردە تۇرۇشىنى بىلمەي مېڭىۋېرىپ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپتۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كاتتا بىر سېپىل بار ئىكەن. شاھزادە سېپىلنى ياقىلاپ مېڭىپ سېپىل دەرۋازىسىغا كېلىپ قارىسا بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ باققا كىرسە باغنىڭ ئوتتۇرى-

ـسىدا گۈمبەزدەك بىر خوتۇن ياتقۇدەك، شاھزادە «ئانام» دىگـ-
ـىنچە ھېلىقى خوتۇننىڭ يىنىغا كىلىپ توختاپتۇ. بۇ ئاۋازنى
ئاڭلىغان ئايال كۆزىنى ئېچىپ بىر قاراپتىكەن، شاھزادە «ئاھ،
مىنىڭ ئانام ئەمەسكەن» دىگىنىچە ئارقىسىغا يىنىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ شاھزادە باغدا خىلى ئۇزۇن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى
بىر پىلان تۈزۈپتۇ. ئۇ سارايغا قايتىپ، قىرىق خېچىرغا ئارتىپ
كەلگەن ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى سەرپ قىلىپ، ئاجايىپ گۈزەل
بىر مۇنچا ساپتۇ. تاملىرىنى ھەر خىل ھەرياڭزا نەقىشلار
بىلەن بىزەپتۇ. خىلمۇ - خىل رەسىملەرنى — قۇشلارنى،
ھايۋانلارنى سىزدۇرۇپتۇ. ھەتتا ئۆزى ئوۋدا كۆرگەن ھېلىقى
كېيىكنىمۇ سىزدۇرۇپتۇ. بۇ مۇنچىغا پەقەت يۇقۇرى مەرتىۋىلىك-
لەرلا قەدەم تەشرىپ قىلالايدىكەن. كىشىلەرنىڭ مۇنچىدىكى
رەسىملەرگە مەپتۇن بولۇپ، مۇنچىدىن چىققۇسى كەلمەيدىكەن.
بۇ خەۋەر ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەر پادىشاسىغا يىتىپ بېرىپتۇ.
بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى قىز (ھېلىقى رەسىمدىكى قىز) ئىكەن.
بۇ مەلىكە يولغا چىققاندا يولدا ئۇچرىغانلىكى ئەرنىڭ كاللىسى
ئېلىنىدىكەن. يوللاردا ئەرلەرنىڭ جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ كېتى-
دىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا «مەلىكە قانخور» دەپ نام
بېرىلگەن ئىكەن. مەلىكە قانخور شاھزادىنىڭ مۇنچىسىغا كەپتۇ
ۋە رەسىملەرنى كۆرۈپ:

— بۇ رەسىملەرنى كىم سىزدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ رەسىملەرنى ئۆزەم سىزدىم. بۇ
مىنىڭ ھاياتىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىشلار، — دەپتۇ.
مەلىكە بۇ گەپلەرگە ئانچە ئىشەنمەي، رەسىملەرنى كۆرۈۋېرىپتۇ.
بىر چاغدا قارىسا ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن كېيىكنىڭمۇ
رەسىمى تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان مەلىكە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەي يىگىت، بۇنى سىز قانداق سەزدىڭىز؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، شاھزادە:

— مەن بۇ كېمىكنى ئوۋغا چىققان چاغدا كۆرگەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە باشقا رەسىملەرنى كۆرمەستىن، يىگىتنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ مۇنچىدىن قايتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەلىكە بۇ شاھزادىگە ئىش - پەش تارتىپ قاپتۇ. «بۇ يىگىتنىڭ قولىدىن خېلى ئىشلار كېلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ مەلىكە. ئۇزۇن ئۆتمەي شاھزادە ئوردىغا كەپتۇ. مەلىكە ئۇنى ئىگىزلىكى قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان مۇناردىكى ئۆيىدە كۈتۈۋاپتۇ. مەلىكە:

— ئەي يىگىت، سىزنى بۇ يەرگە چاقىرىشىمدىكى مەقسەت مۇھىم بىر ئىشنى سۆزلىشىش، — دەپتۇ. شاھزادە:

— قانداق گەپ بولسا ئالدىلىرىدا بېشىم تۆۋەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئەي يىگىت، سىز سىزغان ھېلىقى ئالتۇن كېمىكنى مەن چۈشۈمدە كۆرگەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى بىر ئوخشايدۇ. بىز تۇرمۇش قۇرساق، سىز قانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، شاھزادە ھەيران بولغان قىياپەتتە جىم بولۇۋاپتۇ. قىز يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، شاھزادە ئاخىرى يۈزىنى تام تەرەپكە بۇراپ ماقۇل دىگەن ئىشارىنى قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە:

— سۆيۈملۈك شاھزادەم، ماڭا بىر قارىغىنا، — دىگەن ئىكەن، شاھزادە تولۇن ئايدەك قىزدىن خىجىل بولۇپ قارىيالماپتۇ. ئاقىۋەت مەلىكە قانخور بىلەن شاھزادە توي قىلىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە ئايالى مەلىكە قانخورغا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكىنىڭ شاھزادىغا بولغان مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپتۇ. كۈنلەر

ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ شاھزادە بىلەن مەلىكە شاھزادىنىڭ شەھە-
رىگە راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار ئالتە ئايلىق يولنى ئۈچ ئايدا بېسىپ
شاھزادىنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈ-
شۈپتۇ. پادىشا شاھزادىگە قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ
بېرىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن ھاياجانلانغان مەلىكە ئۆزىنىڭ قول ئاس-
تىدىكى ھەممە شەھەرنى ۋە پادىشالىقىنى شاھزادىگە ئۆتكۈزۈپ
بېرىپتۇ. ئۇلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىم ئابلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سالىق باي

بۇرۇندىن - بۇرۇن سېلىم باي دىگەن بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنى ئاللادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ سالىق دىگەن بىرلا ئوغلى بار ئىكەن.

سېلىم باي بىر كۈنى كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئوغلىغا:

— بالام، مەن ئۆلۈپ كەتسەم دۇنيانىڭ ھەممىسى ساڭا قالىدۇ. ئۆزەڭنى ئاۋايلاپ يۈرگىن. يامانلىق قىلما. غېرىپ - مىسكىنلەرگە خەيرى - ساخاۋەتنى ئايىما. يامانلىق قىلغان، باشقىلارنى بوزەك قىلغانلارنىڭ جازاسىنى ئاللا ئۆزى بېرىدۇ، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

سېلىم باي ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. سالىق ئاتىسىنى يەرلىگىگە قويۇپتۇ. يىغلاپتۇ. قاخشاپتۇ. بارلىق نەزىرلىرىنى ئوبدان بېرىپتۇ. سالىق باينىڭ قىرىق ئاغىنىسى بار ئىكەن. سالىقنىڭ بۇ ئاغىنىلىرى سالىق قىرىق نەزىرنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

— دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق. ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ. ئەمدى كۆپ يىغلىما. سەۋرى قىل. ئەمدى بىر مەزگىل كۆڭلۈڭنى ئاچ، — دەپتۇ. سالىق ئاغىنىلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەيش - ئىشرەت، تاماشا بىلەن ئۆتۈپتۇ. ھەر كۈنى بەزمە قىلىپ يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن سالىق باينىڭ مال - دۇنياسى تۈگەپتۇ. بۇ چاغدا ئاتىسىنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا «شام دىگەن

شەھەردە مېنىڭ ئامانىتىم بار، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە شۇنى تېپىپ ئالغىن» دېگەن سۆزى يادىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سالىق باي شامغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مەنزىلگە يېتىپ شام شەھىرىگە كىرىپ قارىسا شەھەرنىڭ ئىچى شۇنداق تىنجىق ئىكەن. شۇنداق ئىسسىقتا ئۇچىسىغا ئالتە جۇۋىنى قاپلاپ كىيىۋالغان. يۈز ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بىر بوۋاي ئوقتەك تېزلىكتە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. سالىق باي ھەيران بولۇپ بوۋاينىڭ ئالدىنى توساپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، — دەپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋاي.

— نەدىن كېلىشلىرى بوۋا؟ — دەپ سوراپتۇ سالىق.

— سىز نەدىن كەلدىڭىز بالام؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مەن بەسرى شەھىرىدىن كەلدىم، — دەپتۇ سالىق.

— سىز مېنىڭ ئالدىمنى توسىماڭ ئوغلۇم، ئىشىم ئالدىراش، — دەپتۇ بوۋاي.

— چىرايىڭىزغا قارىسام يۈز ياشلىق بوۋايغا ئوخشايسىز، لېكىن يىگىرمە ياشلىق يىگىتتەك ئىش قىلىۋاتىسىز. نىمە ئۈچۈن ئالدىرايسىز؟ سىزگە بىرەر پىشكەللىك كەلدىمۇ، ياكى باشقا ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سالىق. بوۋاي:

— باشقا ۋەقە يوق بالام. كېچە ئۇخلاپ، چۈشۈمدە بىر ئاينى كۆردۈم. ئاي قوينۇمدىن كىرىپ يېڭىمدىن چىقىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم ئۇخلاپ يەنە شۇ چۈشنى كۆردۈم. ئۈچ قېتىم ئەنە شۇ چۈشنى كۆردۈم. غايىپتىن «سەن پالانى يەرگە بارساڭ سېنىڭ چۈشۈڭنىڭ تەبىرى شۇ يەردە» دەپ ئاۋاز كەلدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ «شۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئۇقسام، ئۇنى بىر كىشىگە ساتسام، چۈشنىڭ ساۋابىنى شۇ كۆرسە» دەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سالىق باي:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئى بوۋا، ئۇنداق بولسا، چۈشۈڭىزنى ماڭا ساتامسىز؟ — دەپتۇ.

— ساتاي بالام، قېنى، مىڭ تىللا بەرگىن، — دەپتۇ بوۋاي.

سالىق چۈشنى مىڭ تىللاغا سېتىۋاپتۇ. كەچ بولۇپتۇ. سالىق باي ياتىدىغان جاي ئىزلەپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارىسا، يىراقتا ئىككى ئېغىزلىق ئۆي تۇرغان. سالىق باي شۇ ئۆيگە بېرىپتۇ. بىر ئۆيگە ئېتىنى قويۇپتۇ، يەنە بىر ئۆيدە ئۆزى يېتىپتۇ. تاڭغا يېقىن ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن تىۋىشى كەپتۇ. ئاتلار شۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. سالىق باي «مېنى بۇلايدىغان قاراقچىلار كەلدىمىكىن؟ ئاخشام مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمنى بىرسى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئەمدى قاراقچىلارنى باشلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئەندىشە قىلىپ خۇدادىن پانا تىلەپتۇ. شۇنداق تۇرغاندا سىرتتىن بىرسى:

— چاپسان چىقىڭ، — دەپ چاقىرىپتۇ. سالىق باي قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. سالىق باي قورقۇنچلىغىدا يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئىشىك ئالدىدا يۈزىگە نىقاپ تارتىۋالغان، ئاتقا مىنگەن بىرەيلەن بىر ئاتنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك. سالىق باي چىققاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم:

— ماۋۇ ئاتنى مىن، — دەپ ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان ئاتنى سالىق بايغا بېرىپتۇ. ئۇلار ئاتقا مىنىشىپ بۇ يەردىن غايىپ بولۇپتۇ. شۇنداق مېڭىپ ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا بىر گۈلىستانغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان، ھەر خىل قۇشلار سايرىشىپ، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان ئىكەن. بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى نىقاپلىق ئادەم يۈزىنى ئېچىپتۇ. سالىق باي قارىغۇدەك بولسا، بۇ قاراقچى ئەمەس، شۇنداق ساھىبجامال بىر مەلىكە ئىكەن. بۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ

ھەيران بولۇپ قاپتۇ. قىز:
— سىز نىمە ئادەم؟ نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
سالىق باي كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىز:
— مەن مۇشۇ دۆلەت پادىشاسىنىڭ قىزى. دىلئاۋاز بانۇ-دۇرمەن. مەن بىر يىگىتكە ئاشىق ئىدىم. ئاتام مېنى ئۇ يىگىتكە بېرىشكە ئۇنىمىدى. مەن تۈنۈگۈن ئۇ يىگىتكە خەت يېزىپ «ئاتام ئەتە شىكارغا چىقىدۇ. سەن كېچىسى شەھەر سىرتىدىكى كونا ئۆيگە بېرىپ تۇر. مەن ئاتلارنى ئېلىپ شۇ يەرگە بارىمەن. ئىككىمىز قېچىپ كېتىمىز» دىگەن ئىدىم. مەن سىزنى شۇ يىگىت-مىكىن دەپتىمەن. — دەپتۇ مەلىكە. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سالىق باي:
— خۇدايىتالا بىزنى كۆرسەتسە شۇنى كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق. سىزنى ئاللا ئەسلى ماڭا نىسىپ قىلغان ئىكەن. مەنمۇ ھەرقانداق شاھزادىدىن قالمايدىغان يىگىت. ئىش مۇشۇ ھالغا يەتتى. قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىڭ، — دەپتۇ.
— تەلىيىڭىز بار ئىكەن. خەير، — دەپتۇ مەلىكە.
ئۇلار ئاش - تاماق ئېتىپ يەپ، بىر ھازا ھاردۇق ئالغان-دىن كېيىن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ - مې-ڭىپتۇ. بىركەمدىن كېيىن بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ دەرياغا قارىسا ھەرخىل تاشلار نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك.
مەلىكە سالىق بايغا:
— ئاشۇ تاشلاردىن بىر نەچچىنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ.
سالىق باي تاشتىن بەش - ئالتىنى ئېلىپ قوينىغا سال-غاندىن كېيىن مەلىكە بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. شەھەرنىڭ ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيلۈك يەر - جاي سېتىۋاپتۇ. پادىشا بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپتۇ. سالىق باي پادىشاغا پاراپتۇ. پادىشا سالىق بايىنى ئۆزىگە مەسلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

ھەتچى قىلىۋاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى سالىق باي بەزمە تۈزۈپتۇ. بەزمىدە سالىق باي مەلىكىنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. مەلىكە بۇ بەزمىدە ئۇسسۇل ئويناپتۇ. ئۇسسۇلنى كۆرۈپ پادىشا مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ۋەزىر - ۋۇزۇرالار پادىشانىڭ دەرگاھىغا كىرسە، شاھنىڭ چىرايى ئۆڭسە. ئۇلار پادىشادىن نىمە بولغانلىغىنى سورىغان ئىكەن، پادىشا ئاخشام بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھە دىمىدۇقمۇ پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىرلەر، — ئۆزلىرىنى بۇ سالىق دىگەن سېھىر بىلەن كېرەكتىن چىقاردى. ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر كىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا مەسلىھەتچى قىلدىلا. ئۇنى ھەممىمىزدىن بەكرەك ھۆرمەتلىدىلە. ئەمدى ئۇ چىرايلىق خوتۇنلارنى تېپىپ، گۈلنى گۈلگە قوشماي گۈلنى تىكەنگە قوشۇپتۇ. ئۆزلىرىگە لايىق ئايالنى ئۆزى ئېلىۋېلىپ، سىلىنى مۇشۇنداق دەرتتە قويسا بولامدۇ؟

ۋەزىرلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ پادىشا يولدىن ئېزىپتۇ.

— ھەي ۋەزىرلەر، سالىق باينى قانداق قىلىمىز؟ قانداق مەسلىھەتىڭلار بار؟ — دەپتۇ پادىشا.

— سالىق باي يېڭى كەلگەندە ئۆزلىرىگە تۆت گۆھەر بەرگەن. ئەمدى سالىق بايغا «مەن بىر شەھەر سالدۇرىمەن. ماڭا بىر يۈز يىگىرمە گۆھەر تېپىپ بەرگىن» دەيلا. ئۇ گۆھەر تېپىپ كېلەلمەن، دەپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ئايالى ئۆزلىرىگە قالىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ۋەزىرلەر. پادىشا بۇ مەسلىھەت بويىچە سالىق باينى ئوردىغا چاقىرىپ:

— ئى سالىق، سىز مېنىڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىم. سىزدىن بىردەممۇ ئايرىلغىم يوق. لېكىن مەن ئۇشۇ شەھەرنىڭ يېنىغا يانداپ يەنە بىر شەھەر بىنا قىلماقچىمەن. ئۇنىڭغا پۇل

كېرەك. سىز بىر يۈز يىگىرمە دانە گۆھەر تېپىپ كېلىڭ. ئەگەر تېپىپ كەلمىسىڭىز كاللىڭىز كېتىدۇ، — دەپتۇ پادىشا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سالىقنىڭ بېشى قېيىپ نىمە قىلارىنى بىلەلمەي ئايالىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئايالى ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سالىق بايدىن سوراپ بىلگەندىن كېيىن:

— سىز مۇشۇ گۆھەرنى ئالغان دەريانىڭ بويىغا بېرىڭ، دەريانىڭ بويىغا بېرىپ سولغا قاراپ يېرىم كۈن ماڭسىڭىز بىر كۆۋرۈككە بارىسىز. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ قارىسىڭىز بىر تاغ كۆرۈنىدۇ. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقسىڭىز بىر سېپىل بار. سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز بىر قەسىر پەيدا بولىدۇ. قەسىرنىڭ ئىچىدە تىللادىن ياسالغان بىر ھوجرا بار. ھوجرىنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز بىر مەلىكە بار. ئۇ مەلىكە ئۇخلاپ ياتقان بولىدۇ. بۇ مەلىكىنىڭ چىرايى ماڭا ئوخشايدۇ. مەلىكىنىڭ بېشىدا بىر ئەينەك بار. ئەينەكنى ئوڭغا تولغىسىڭىز مەلىكە ئويغىنىدۇ. سولغا تولغىسىڭىز مەلىكە ئۇخلايدۇ. قالغان گەپنى مەلىكە ئۆزى ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

سالىق باي مەلىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھېلىقى قەسىرگە بېرىپ قىزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. دىگەندەك، قىز ئۇخلاپ ياتقان ئىكەن. سالىق باي قىزنى كۆرۈپلا ئاشىقى بىقارار بولۇپتۇ. سالىق باي ئەينەكنى ئوڭغا تولغىلىغان ئىكەن، قىز شۇ زامان ئويغىنىپتۇ.

— ئى يىگىت، بۇ يەردىن تېز كېتىڭ. بۇ دىۋىنىڭ ماكانى، — دەپتۇ قىز.

— مەن سىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ سالىق باي.

— ياق، مېنى قۇتقۇزۇش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ، قۇتۇلدۇرۇشقا بولىدىغان بولسا مېنى ئاتام قۇتۇلدۇرار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇ قولىدا ئۇرغۇن ئەسكەرلەر تۇرۇپ مېنى قوتۇلدۇرالمىغان يەردە سىز قانداقمۇ قوتۇلدۇرالايسىز؟ مەن بۇ دىۋىنىڭ قولىغا بەنت بولۇپ، بۇ يەردە ياتقىلى يەتتە يىل بولدى. سىز نىمە سەۋەپتىن بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ قىز. سالىق باي پادىشانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى، ئاپالىنىڭ دىگەن سۆزلەرىنى مەلىكىگە ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— سىز ئالىدىغان گۆھەر ئاشۇ دەرىيادا بار. دىۋىنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ گۆھەرنى ئالالمايسىز. — دەپتۇ قىز:

— دىۋىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سالىق باي.

— سىز ئالدى بىلەن ئۇرمانلىقتا بېرىپ تۇرۇڭ. مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي. — دەپتۇ قىز. شۇنىڭ بىلەن سالىق باي چىقىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بۇ ھوجرىغا دىۋە كىرىپ كەپتۇ. دىۋە:

— ئى مەلىكەم، مېنى بىر خوش قىلسىڭىز قانداق؟ مەن سىزنى بۇ يەرگە ئەكەلگىلى يەتتە يىل بولدى. مېنى بىر قېتىممۇ خوش قىلاي دىمىدىڭىز، — دەپ قىزغا يالۋۇرۇپتۇ. قىز دىۋىگە پىسەنت قىلماي يۈزىنى باشقا ياققا بۇرۇۋاپتۇ.

— ئى مەلىكەم، نىمە ئۈچۈن يۈزىڭىزنى باشقا ياققا بۇرىۋالىسىز؟ — دەپتۇ دىۋە.

— ئى ئاشىقىم، بىز بىرگە بولۇشتىن بۇرۇن شاراپ ئىچىشەيلى. ئاندىن مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى خوش قىلىمەن، — دەپتۇ قىز. شاراپ تەييار بوپتۇ. دىۋە ھەدەپ ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. قىز ھاراقنى ئىچمەي يېڭىگە تۆكۈپتۇ. دىۋە تازا مەس بولغان چاغدا قىز ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سىز مېنى راست ياخشى كۆرسىڭىز مەندىن سىرىڭىزنى يوشۇرماسلىقىڭىز كېرەك. ناۋادا، كونىلەرنىڭ بىردە سىزدىن

ئايرىلىپ قالسام سىزنىڭ قانداق ھادىسە بىلەن ئۆلگەنلىكىڭىزنى ئۇقماي قالسام قانداق بولار؟ دىۋىلەرگە نەيزە ـ قىلىچ كار قىلمايمىش. سىزنىڭ جېنىڭىز قەيەردە؟ — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىۋە:

— بۇ سورايدىغان ئىش ئەمەس، — دەپتۇ.

— ئانداق بولسا سىزمۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلمەڭ، — دەپتۇ قىز ناز قىلىپ، دىۋە مەسلىكتە ئاستا ـ ئاستا يۇمشاپ:

— ئەي مەلىكەم، ئەمسە ھېچكىمگە تىنماڭ. كىمدە ـ كىم مېنىڭ ئوقيارىمنى ئېلىپ «بىسمىللا» — دەپ قىرىق قەدەم چامدىغاندىن كېيىن ئاۋۇ دەرەخكە بىر قاغا قونىدۇ. ئۇ كىشى ئوقيادىن قاغىغا ئوق ئۈزگەي، تەلىيى بولسا ئوق قاغىغا تېگىپ قاغا يەرگە چۈشكەي، ئەگەر ئوق تەگمەيلا قالسا جاھان گۇمران بولىدۇ. مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ھالاك بولىدۇ. ئوق قاغىغا تەگسە، قاغا نەگە چۈشسە شۇ يەرنى كولاش كېرەك. يەرنى كولىغاندىن كېيىن بىر ئىشىك پەيدا بولىدۇ. ئىشىكتىن كىرسە بىر ھوجرىغا قەپەز ئېسىقلىق. قەپەزدە بىر شاتۇتى بار. مېنىڭ جېنىم شاتۇتى بىلەن بىرگە. ئەگەر ئاشۇ شاتۇتىنى ئۆلتۈرسىلا مەنمۇ بىللە تۈگەيمەن. ھە مەلىكەم، ئەمدى نېمە تەلىۋىڭىز بار؟ — دەپتۇ.

— ئى ئامرىغىم، جاڭگىللى مازار دەيدىغان يەردە ناھايىتى چىرايلىق بىر كۆل بار ئىمىش. مەن بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ بەكمۇ زېرىكىپ كەتتىم. شۇ كۆلنى ئەكىلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ قىز. دىۋە مەلىكىگە شۇ كۆلنى ئەكىلىپ بېرىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپتۇ.

سالىق باي قىز كۆرسەتكەن ئورمانلىقتا بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن «ئەمدى قىز بىر ئامال تاپقاندۇر» دەپ ئويلاپ مەلىكىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. قارىسا قىز يەنە ئۇخلاپ ياتقان.

سالىق باي گېلىپ قىزنى ئويغىتىپتۇ. قىز دىۋە دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سالىق بايغا دەپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىرىدا:

— بۇ ئىش بەك تەس. سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەسمىكىن، — دەپتۇ. سالىق باي ھېچقانداق ئىككىلەنمەي قولىغا ئوق-يانى ئېلىپ قاغىنى ئۆلتۈرۈپ قاغا چۈشكەن يەرنى كولاپ شاتۇتىنى تېپىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپتۇ. شۇ زامان ئالەم قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەسلىگە كەپتۇ. دىۋىمۇ قاتتىق بىر ۋاقىراپ ئۆلۈپتۇ. سالىق باي قىزنى ئېلىپ ھېلىقى دەريانىڭ بويىغا بېرىپتۇ. گۆھەردىن بىر يۈز يىگىرمىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. ئىككى ئايال بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان سالىق باي:

— بۇ ئىككىڭلار قانداقلارچە تونۇش؟ — دەپ سوراپتۇ. سالىق باينىڭ ئايالى:

— بۇ مەلىكىنىڭ ئىسمى پەرەڭگۈز بانۇ. بۇ مەلىكە پەرىلەر پادىشاسىنىڭ قىزى. مەن ئادەمزات پادىشاسىنىڭ قىزى. پەرەڭگۈز بانۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتىسى: «مېنىڭ قىزىم بىلەن كىم بىر كېچىدە تۇغۇلغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئوغۇل بولسا قىزىم بىلەن جۈپ بولىدۇ. قىز بولسا بىر-بىرىگە ھەمرا بولۇپ ئۆتىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. مېنىڭ پەرەڭگۈز بانۇ بىلەن بىر كېچە تۇغۇلغانلىقىمنى بىلىپ مېنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. مەن ئۇ يەردە ئالتە يىل ئوقۇپ پەرەڭگۈز بانۇ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولدۇم. ئون ئىككى ياشقا كىرگىنىمدە مېنى ئۆز جايىمغا ئاپىرىپ قويدى. شۇ چاغدا پەرەڭگۈز بانۇنى دىۋە بۇلاپ كەتكەن، — دەپتۇ. دىلناۋاز بانۇ سۆزنى تۈگەتكەندىن كېيىن سالىق باي قازى-مۆپتىلەرنى چاقىرىپ پەرەڭگۈز بانۇنىمۇ ئۆز نىكاسىغا ئاپتۇ. سالىق باي پادىشانىڭ ئالدىغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا دىلناۋاز بانۇ:

— سەن پادىشاغا ئۆتكەندە تۆت گۆھەر بەرگەن. بۇ نۆۋەت بىر يۈز يىگىرمە گۆھەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتمەي تۆت گۆھەرنى قالدۇرۇپ قوي. پادىشانىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ چوقۇم «بۇ بىر يۈز يىگىرمە گۆھەرنى مېنىڭ غەزىنەمدىن ئوغرىلاپسەن، مېنىڭ غەزىنەمدە دەل بىر يۈز يىگىرمە گۆھەر بار ئىدى» دەپ تۇرىۋېلىشى مۇمكىن. شۇ چاغدا سەن ئۆيدىكى تۆت گۆھەرنى ئېلىپ بېرىپ «مانا ماۋۇ تۆت گۆھەرنى نەدىن ئوغۇرلاپتىمەن؟» دېگىن. قالغان ئامالىنى ئۆزەم قىلىمەن، — دەپتۇ. سالىق باي پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، پادىشا:

— قېنى ئامانەتنى ئەكەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەكەلدىم دەپتۇ سالىق باي.

— قېنى؟

— مانا، — دەپ گۆھەرنى پادىشاغا بېرىپتۇ سالىق باي.

شۇ چاغدا پادىشا:

— ئى سالىق باي، يەتتە يىل بۇرۇن مېنىڭ غەزىنەمگە ئوغرى چۈشكەن. گۆھەردىن بىر يۈز يىگىرمىسى يوقالغان. سىز ئوغرى ئىكەنسىز. مېنىڭ گۆھىرىم دەل مۇشۇ، — دەپتۇ.

سالىق باي:

— پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ غەزىنىڭىزدىكى گۆھەر نەچچە ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دەل بىر يۈز يىگىرمە دانە.

— ئۇنى مەن ئوغرىلىغانمۇ؟

— شۇنداق، سىز ئوغرى، — دەپتۇ پادىشا. شۇ چاغدا سالىق باي يانچۇقىدىن تۆت گۆھەرنى چىقىرىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ گۆھەرمۇ ئۆزلىرىنىڭمۇ؟ مەن بۇنى نەدىن ئوغرىلىدىم؟ — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشانىڭ تىلى تۇتۇلۇپتۇ. ئەمما ۋەزىرلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن سالىق بايغا «پادىشا ئوردىسىدىن گۆھەر ئوغرىلىغان ۋە ئۇنىڭغا تەن بەرمەي يەنە پادىشا بىلەن تاكاللاشقان» دىگەن بەتنامنى چاپلاپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. سالىق باينىڭ ئىككى ئايالى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئوردىدا بولۇۋاتقان ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر دانە پەينى كۆيدۈرگەن ئىكەن، بىرمۇنچە پەرىلەر چىقىپ كەپتۇ. بۇ ئىككى ئايال پەرىلەر بىلەن بىرگە ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. پەرەڭكۆز بانۇ پەرىلەرگە:

— ئالدى بىلەن پادىشانىڭ بېشىنى ئېلىڭلار! — دىگەن ئىكەن، ھايت - ھۇيت دىگۈچىلا پادىشانىڭ كاللىسى يەرگە چۈشۈپتۇ. پەرىلەر ئوردا ئىچىدىكى يەنە بىرقانچە كىشىنىڭ بېشىنى ئالغان ئىكەن، ئوردىدىكى بارلىق كىشىلەر سالىق بايغا تىز چۆكۈپ:

— ئى سالىق باي، تۆۋە قىلدۇق. بىز قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز. ئوردىدىكى بۇ قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرۇڭ، — دەپتۇ. سالىق باينىڭ پەرمانى بىلەن پەرىلەر ئادەملەرنى قىرىشتىن توختاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سالىق باي پادىشا بولۇپتۇ. ئىككى ئايالى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئۇيغۇرچە بەرگۈچى: ئىبراھىم

# شاتۇتىنىڭ كېلىپ چىقىشى

شاتۇتى ئەسلىدە چىرايلىق ئايال ئىكەن. ئۇ ئېرى بىلەن «قايسىمىز ئۆلۈپ كەتسەك، تۇپراق بېشىدا قىرىق يىل قۇرئان ئوقۇيمىز» دەپ ۋەدىلەشكەن ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئايال ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ قاپتۇ. ۋەدىگە بىنائەن، ئېرى قەۋرە بېشىدا قىرىق يىل قۇرئان ئوقۇپ، خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپتۇ. خۇدا-نىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ ئايالنى تىرىلدۈرۈپتۇ. ئايال ئۆلۈپ كەتكەن چېغىدىكىدەكلا ياش تىرىلىپتۇ. ئېرى بولسا قېرىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلار ئاۋالقىدەكلا تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر بىرىگە ئامراقلىشىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆل بويىدا ئولتۇرغاندا، ئايالنىڭ تىزىدا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. مۇشۇ چاغدا ئۇۋغا چىققان بىر شاھزادە كېلىپ قاپتۇ. شاھزادە بۇ ئايالنىڭ كۈندىن نۇرلۇق، ئايدىن سۈزۈك، گۈلدەك جامالىغا قاراپ ئاشىق - بىقارار بوپتۇ. ئۇ ئايالغا:

— بۇ كىشى سېنىڭ دادىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال ئۇخلاۋاتقان بۇ كىشىنىڭ ئۆز ئېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە:

— سەن ئۆزەڭ غۇنچىدەك تۇرۇپ، نېمىشكە مۇشۇنداق بىر قېرى چالنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ ۋە ئايالنى ئازدۇرۇپ ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەر بىر چاغدا ئويغىنىپ قارىسا يېنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايالى يوق تۇرغۇدەك. ئۇ زار - زار يىغلىغان پېتى ئايالىنى ئىزلەشكە باشلاپتۇ. ئىزلەپتۇ، ئىزلەپتۇ. ئەمما ئايالىنى تاپالماپتۇ. كۆڭلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئاخىرى شاھزادىنىڭ بېغىغا كىرسە، ئايالى باغ ئىچىدىكى راۋاقتا غەمسىز، نازلىنىپ كۆكۈل ئىچىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇ ئايالىنى تاپقانلىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، قاتتىق خوشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— سۆيۈملۈكۈم، مەن سېنى ئىزلەپ ئاران تاپتىم. بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدىڭ؟ يۈر، ئۆيگە قايتىپ كېتەيلى! — دەپتۇ. لېكىن ئايال شاھزادىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىللە كېتىشكە ئۇنىماپتۇ. ئەر ئوردىغا كىرىپ پادىشاغا ئەھۋالنى دەپ شاھزادىنى ئۇناتقاندىن كېيىن، ئايال خۇددى بوينىدىن باغلىغان كىيىكتەك ئېرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خۇدادىن مۇنداق ۋەھى چۈشۈپتۇ:

— «سىز ئايالىڭىزغا بەكمۇ ئامراق ھەم سادىق. قىرىق يىل ئايالنى دەپ شۇنچە ئازاپ چەكتىڭىز. لېكىن ئايالىڭىز ياش، سىز بولسىڭىز قېرى. شۇ سەۋەپلىك ئايالىڭىزنىڭ يەنىلا سىزنى تاشلاپ قېچىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. شۇڭا ئۇنى بىز بىر قۇشقا ئايلاندۇرۇۋەتسەك قانداق».

خۇدانىڭ بۇ مەسلىھىتى ئەرگە مايىدەك يېقىپتۇ. شۇ زامان ھېلىقى ئايال قۇشقا ئايلىنىپ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاتۇتى پەيدا بولۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كۇچا ناھىيە ئۇچ ئۆستەڭ گۇڭشې ئارا ئۆستەڭدىن: قاسىم.

# مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساياھىتى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ناھايىتى بىلىملىك چاغلاي-
دىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا خۇدادىن ساياھەتكە چىقىش
توغرىلىق ۋەھى كەپتۇ. ئۇ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ كۆل
بويىدا تۇرغان يېشىل تونلۇق بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.
ئۇ ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش بىلەن تەڭ:

— ھوي مۇسا، سەپىرىڭ قاياق؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەس-
لىدە بۇ ئادەم خىزىر ئىكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە زىنھار
كۆرۈپ باقمىغان بۇ كىشىنىڭ ئۆز ئىسمىنى مۇنداق چاقىرغان-
لىقىدىن ھەيران قاپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ
ئىنتايىن بىلىملىك زات ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ
بېرىپتۇ. بىراق ھېلىقى ئادەم قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ بىر
قۇچقاچنى كۆرسىتىپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتىرىپ
قارىسا، ھېلىقى قۇشقاچ كۆلدىكى سۇنى تۇمشۇقى بىلەن سۇمۇ-
رۇپ تامچىتىپ تۇرغۇدەك. ئۇ قۇشقا ئۇزاق تىكىلىپ قاراپتۇ. شۇ
چاغدا خىزىر:

— ھەي مۇسا، سەن ئۆزەڭنى ئۇنچىۋالا بىلىملىك چاغ-
لىما، سېنىڭ بىلىمىڭ ئاۋۇ قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقىدىن تامچىلاپ
تۇرغان سۇ بولسا، مېنىڭ بىلىمىم ئەنە ئاۋۇ تۇرغان
كۆل، — دەپتۇ.

بۇ ئىككىيلەن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار يولغا چى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىشتىن بۇرۇن مۇنۇ نەرسىگە كېلىشىپتۇ: خىزىر سەپەر ئۈستىدە ئۇستاز، مۇسا ئەلەيھىسسالام شاگىرت بولىدىكەن. ھەممە ئىشتا مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىرغا بويسۇنىدىكەن.

ئىككىسى مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، كەچ بولغاندا يول بويىدىكى بىر باينىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇلار قانچە يالۋۇرسىمۇ، باي ئۇلارنى قوندۇرۇپ قېلىشقا ئۇنىماپتۇ. ماڭار چاغدا خىزىر ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ: «ئۇن قويۇڭ يۈز، يۈز قويۇڭ مىڭ، مىڭ قويۇڭ تۈمەنلىك بولۇپ كەتسۇن، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ دۇئا تىلەپتۇ. ئۇلار بۇ ئۆيدىن چىقىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. تۇل خوتۇن ئۇلارنى ئوچۇق چىراي بىلەن قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ، ئىككى ئۆچكىسىنىڭ بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى مېھمان قىلىپ قوندۇرۇپتۇ. ئەتىگەندە ماڭار چاغدا خىزىر: «بىر ئۆچكەڭنى بىز يېدۇق. قالغان بىرىنى بۆرە يېسۇن، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ دۇئا قىلىپ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يەنە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. كۈن چۈش بولغان مەزگىلدە بىر كۆل بويىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا بۇ كۆلدە بەش ئوماق بالا سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناپ يۈرگۈدەك. خىزىر ئۇلاردىن بىرسىنى تۇتۇۋېلىپ، سۇغا چۆكتۈرۈپ تىنجىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. دەل مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشمەي، ئارقىسىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىزىر كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش بېرىپتۇ:

— مېنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۇچرىغان بېخىل بايغا «ئۇن قويۇڭ يۈز، يۈز قويۇڭ مىڭ بولسۇن...» دەپ دۇئا قىلغىنىم، ئۇ بەكمۇ پىخسىق - پىششىق ئىكەن. ئۇنىڭ قويلىرى ئاخىرەتكە

بارغان چاغدا يىلان - چايان بولۇپ، ئۇنى چاقسۇن دىگىنىمدۇر. ھىلىقى تۇل ئايالنىڭ ئىككى ئۆشكىسى بولۇپ، بىرىنى بىزگە ئۆلتۈرۈپ بەردى. يەنە بىرسىنى بۆرە يىسۇن دەپ دۇئا قىلدىم. مۇنداق قىلغىنىم — ئۇ ئايال ئىككى ئۆشكىسى بىلەن بولۇپ بەش ۋاق نامازنى ياخشى ئۆتىمەيدىكەن. شۇڭا ئىككى ئۆشكىسىنى بىراقلا يوق قىلىۋەتتىم. ئۇ ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ، نامىزىنى قازا قىلماي ئوقۇيدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بارار جايى جەننەتتۇر. ئاۋۇ بالا چوڭ بولغاندا بەش ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنى كىچىك چېغىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتتىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ سالام بەرگىچە، خىزىر كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇرغان يېرىدە داڭ قېتىپ، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىم ئابلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## پالۋان

بۇرۇنقى زاماندا بىر پالۋان بولغان ئىكەن. ئۇ بىر قولىدا تاغنى، بىر قولىدا باغنى كۆتۈرۈپ، پىقىرىتىپ ئوينايدىكەن. ئۈزگە ئەللەردىن بۇ يەرگە كەلگەن پالۋانلار ئۇنىڭ كۈچتۈگۈرلۈكىنى كۆرۈپ، ئاغزىنى كامادەك ئېچىشىپ ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇپ كېتىشىپ قالىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ پالۋان «ئەگەر يەرنىڭ تۇتىدىغان تۇتقۇچى بولسا، مەن يەرنى بىرلا پىقىرىتىپ چۆگىلىتىۋەتكەن بولاتتىم» دىگەن ئىكەن. بۇ گەپ يەتتە ئىقلىمغا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن پالۋانلار «قويە، بۇنداق ئىشنى. دۇنيادا شۇنداق كۈچلۈك پالۋان تۇرغان يەردە، بىزگە پالۋانلىق قىلىشنى كىم قويۇپتۇ» دىيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ پالۋانلىقىدىن ۋاز كېچىپتۇ.

ھېلىقى كۈچلۈك پالۋان ئۇز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ، بارغانسېرى ھارامزەدىلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ پادىشانى قورقىتىپ، ساياھەتكە چىققاندا پادىشانىڭ قىزىنى بىرگە ئېلىپ چىقىدىغان بولۇۋاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ساياھەتتىن قايتىپ تاغ باغرىدا كېلىۋاتسا، ئاق ساقاللىق بىر ئادەمنىڭ يەردىكى بىر كىچىك ساندۇقنى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئالالماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ھېلىقى بوۋاي يېنىغا كەلگەن پالۋانغا:

— بالام، ساڭا دۇئا قىلاي، ماۋۇ ساندۇقنى ئالدىمغا ئېلىپ

بەرگىن، — دەپ ئۆلتىماس قىپتۇ. پالۋان بىر ھىجىيىپ قويۇپتۇ-دە، ساندۇقنى ئىككى بارمىغى بىلەن قىسىپ كۆتەرمەكچى بوپتۇ. لېكىن قانچە قىلسىمۇ كۆتىرەلمەپتۇ. بىر قولى بىلەن كۆتىرىپ بېقىپتۇ، يەنىلا كۆتىرەلمەپتۇ. ئاندىن ئۇ ئىككى قولى بىلەن كۆتىرىپ بېقىپتۇ. بىراق يەنىلا كۆتىرەلمەپتۇ. ئۇ يېرىم كۈن ھەپىلەشكەن، ھەممە ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېلىقى كىچىك ساندۇقنى ئورنىدىن مىدىرلىتالماپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى بوۋاي:

— ھەي بالام، سەن پالۋان ئىدىڭغۇ؟ نېمەگە ئېشىنىپ چوڭچىلىق قىلغانسەن؟ چاشقاندىن باشقا نەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغان قارا قۇش بول! — دەپ دۇئا قىپتۇ. دۇئا قىلىپلا كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ھېلىقى پالۋان قارا قۇشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇڭا قارا قۇشنىڭ چاشقاندىن باشقا ھېچنەرسىگە كۈچى يەتمەيدىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىم ئابلا

## پاقا شاھزادە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز ھەر كۈنى توپ ئويناىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ توپ ئويناۋاتسا، توپى غىلدىرلاپ بېرىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قۇدۇق بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرسا:

— ھەي مەلىكە، نىمىشقا يىغلايسىز؟ — دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. مەلىكە بۇ ئاۋازنىڭ قۇدۇق ئىچىدىن چىققانلىغىنى سېزىپ قۇدۇققا قارىغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر چار پاقا تۇرغۇدەك. مەلىكە:

— مېنىڭ توپۇم قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا يىغلاۋا-تىمەن! — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پاقا:

— مەن ئېلىپ بېرەي، بىراق، مەن توپنى ئېلىپ بەر-گەندىن كېيىن، سىز مېنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىڭ! — دەپتۇ. مەلىكە ماقۇل دەپ قويۇپ، توپنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، پاقىنى تاشلاپ يۈگۈرگىنىچە ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ. قىز تاماق يەپ ئولتۇرسا بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. مەلىكە ئۇيان قاراپتۇ، بۇيان قاراپتۇ. ئىشىككە چىقىپ قارىسا، ھېلىقى چار پاقا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغۇدەك. مەلىكە پاقىنى كۆرۈپ قورقۇپ، ۋاقىراپ كېتىپتۇ. ئاتىسى:

— قىزىم نىمە بولدۇڭ؟ نىمىدىن شۇنچە قورقۇپ كەت-تىڭ؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، قىزى بولغان ئىشنى يېپىدىن-

يىگىنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكىگە ئاچچىقلىنىپ:
— سەن بىر شاھنىڭ قىزى تۇرۇقلۇق، گېپىڭدە تۇرمىساڭ بولامدۇ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. مەلىكە دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە پاقىنى ئوردىغا ئەكىرىپتۇ ــ دە، ئۆز ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا پاقا زوۋانغا كېلىپ مەلىكىگە:
— جېنىم مەلىكە، مەن سىز بىلەن بىرگە ياتاي، — دەپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قويىقا چەپچى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە پاقىنى يەردىن ئېلىپ بىر ئاتقان ئىكەن، پاقا بېرىپ تامغا تېگىپتۇ ــ دە، شۇئان بىر كېلىشكەن شاھزادىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. مەلىكە ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم قورقۇپ:
— بۇ نىمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن بىر شاھزادە ئىدىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئانام مېنى پاقىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. مانا بۈگۈن ئۆز ئەكسىمگە كەلدىم، — دەپتۇ. مەلىكە بۇ شاھزادىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. شاھزادىمۇ مەلىكىگە ئاشىق بوپتۇ. ئاخىرى ئۇلار توي قىلىپ، مۇرات ــ مەقسەتلىرىگە يېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ياشاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچ ئاكا - ئۇكا

بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار ساز چېلىشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، چوڭى تەمبۇر، ئوتتۇرانچىسى دۇتار، كىچىكى داپ چالىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ، نەغمىكەشلىك قىلىشنى لايىق كۆرۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئۈچ يىل يول يۈرۈپ، ئاخىرى بىر مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىدىكى بىر تۈپ سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئايال كىر يۇيغىلى چىقىپ، ئۇلارنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇلاردىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى ئايال بۇلارنىڭ سازچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— ئۇنداق بولسا ماڭا بىر ساز چېلىپ بەرگەن بولساڭلار؟ — دەپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەن سازلىرىنى تەڭشەپ، راسا بىر چېلىپ بەرگەن ئىكەن، ئايال ئاڭلاپ ئاۋال كۈلۈپ كېتىپتۇ، كېيىن يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئاكا - ئۇكا ھېلىقى ئايالدىن:

— سىلىنىڭ يىغلىغانلىرى نېمىسى، كۈلگەنلىرى نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال:

— سىلەر سازغا ناھايىتى ئۇستا ئىكەنسىلەر، شۇڭلاشقا كۈلدۈم. ئەمما ئۆمرۈڭلارنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا يىغ-

لىدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سازەندىلەر:
— بىزنىڭ كىشىلەرگە ساز چېلىپ بەرگەنلىرىمىز بىھۇدە ئىشمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇغۇ بىھۇدە ئىش ئەمەس، — دەپتۇ ھېلىقى ئايال، — سىلەر ئەڭ ياخشىسى ئەمگەك قىلىپ، كىيىم - كېچەكلارنى يېڭىلاپ، ھايات كەچۈرسەڭلار ياخشى ئەمەسمۇ؟

سازەندىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئويلاپ كۆرسە ئايالنىڭ سۆزى راست. ئۇلار ئىزا تارتىپ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، سازلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپتۇ - دە. ئاندىن بىر باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەپتۇ. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە باي ھېساپ - كىتاپ قىلىپ، ھەر بىرىگە ئۈچ مىڭ تىللادىن بېرىپتۇ. ئۇلار خوشال بولۇشۇپ، ئەمگەكنىڭ ھەقىقەتەن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپتۇ ۋە مۇشۇ ئەقىلنى كۆرسەتكەن ھېلىقى ئايالغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىردىن تىللا ئىنئام قىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان ئىبراھىم

## قادىر ئەۋلىيا

بۇرۇنقى زاماندا قادىر ئەۋلىيا دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيى يوق ئىكەن. مازارلىقتا يېتىپ ـ قوپىدىكەن. ئۇ زادىلا باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز قىرىنى سالمايدىكەن.

قادىر ئەۋلىيا بىر كۈنى پادىشا ئوردىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر چىرايلىق قىزغا كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئاشىق ـ بىقارار بوپتۇ. ئۇ بۇ قىزنىڭ پادىشانىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزى بىۋاستە پادىشا ئالدىغا ئەلچى بولۇپ كىرىپتۇ ۋە:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! ئۆزلىرىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن شۇنى سورايمەنكى، مېنى ئۆزلىرىگە ئوغۇل قىلىۋالسىلا، — دەپتۇ.

پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قادىر ئەۋلىيانىڭ تۇرقىغا قاراپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ ۋە «كەمبەغەل بىر نېمىكەن، بۇنىڭ قانچىلىك پۇلى بولماقچىدى...» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا:

— ئىككى تىللا ئېلىپ كەل، ئاندىن قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

قادىر ئەۋلىيا ئوردىدىن چىقىپ، ئۇدۇل دەريا بويىغا بېرىپتۇ ۋە بېلىقلارغا مۇراجەت قىلغان ئىكەن. بېلىقلار شۇئان ئۇنىڭغا نۇرغۇن تىللا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن پەقەت تۆت تىللانىلا ئېلىپ پادىشا ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشا تىللانى كۆرۈپ، نامەرتلىك قىلماي قىزىنى قادىر ئەۋلىياغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنى

ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىۋاپتۇ.
پادىشانىڭ بىر قارا نىيەت ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ پادىشانىڭ مۇشۇنداق جۇل - جۇل كىيىم كىيگەن بىر گادايىنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلغانلىقىنى كۆرەلمەي، ئىچى قايناپ، تىللالارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ چىقىپ، پادىشاغا:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ بىزنىڭ غەزىنىدىكى تىللاغا ئوخشاي-دىكەن. ئۇ بۇنى غەزىنىدىن ئوغرىلىغان ئوخشايدۇ! — دەپ داتلاپتۇ.

پادىشا بۇنى ئاڭلاپ، تىللاغا قارىسا، ھەقىقەتەن ئۆز غە-زىنىسىدىكى تىللاغا ئوخشاپ كەتكۈدەك. پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ، قادىر ئەۋلىيانى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ ۋە بىكارغىلا تۆت تىللاغا ئىگە بولغىنىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

قادىر ئەۋلىيا پادىشانىڭ نامەرتلىكىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالماپتۇ ۋە يەنە دەريا قىرغىقىغا كېلىپ بېلىقلارغا مۇراجەت قىپتۇ. بېلىقلار يەنە تىللا تاشلاپ بېرىپتۇ. قادىر ئەۋلىيا ئون تۆت تىللا ئېلىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بۇ ئاجايىپ تىللالارنى كۆرگەن پادى-شانىڭ كۆزلىرى قىزىرىپتۇ. لېكىن پادىشا ئۇنىڭغا:

— مەن قىزىمنى باشقا بىر پادىشانىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ. قادىر ئەۋلىيا بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەر-غەزەپ بولۇپ، ئون تۆت تىللانى پادىشانىڭ قولىغا تۇتقۇ-زۇپتۇ - دە، ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى قادىر ئەۋلىيا خۇداغا «ئەي خۇدايا - پەرۋەردىگارا. سەن ئاشۇ تويىنى ماتەمگە ئايلاندۇرساڭ!» دەپ نالە قىپتۇ. خۇدا ئۇنىڭ تەلىۋىنى بىجا كەلتۈرۈپ، تويىنى ماتەمگە ئايلاندۇرۇپتۇ. قادىر ئەۋلىيا مەلىكىنى كۆمىدىغان گۆرگە كىرىپ مۆكۈۋاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مەلىكىنى يەرلىكىگە قويۇپتۇ.

قادىر ئەۋلىيا مەلىكىنى كۆردىن مىڭ تەستە ئېلىپ چىقىپ، خۇدادىن ئۇنى تىرىلدۈرۈپ بېرىشنى تىلەپتۇ. مەلىكە تىرىلىپتۇ. بۇ ئىككىسى بىر گۈمبەزنى ئۆي قىلىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. مەلىكە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار ئوغلىنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئوغۇل مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسا مەلىكىنىڭ ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىنى قىزىنىڭ چىرايىغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ھېلىقى بالىنىڭ گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ - دە. دەرھال قايتىپ، ئەھۋالنى پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشا نەۋكەرلىرىنى باشلاپ گۈمبەزگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن قىزى تىرىك تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن پادىشا ھەيرانۇ - ھەس قاپتۇ ۋە قادىر ئەۋلىيادىن بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا، چىقىۋالغىلى ئاچا تاپالماپتۇ. پادىشالىقنى قادىر ئەۋلىياغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارغا باشقىدىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

قادىر ئەۋلىيا بىلەن مەلىكە دۆلەتنى ئادىل سوراپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان ئىبراھىم

## چۈشىن قانداق پەيدا بولغان؟

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، بىر تىرەن سايدا بىر بوۋاي بىـ لەن بىر موماي خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى، بىر قىزى ۋە بەش ئىتى بار ئىكەن. ئۇ بىر ئۆيلۈك ئاشۇ ئاتلىرىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ بىر ئىتى تۇيۇقسىزدىنلا ئۆ- لۈپ قاپتۇ. «بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ، بىر - بىرىنى باشلاپ كېلىدۇ» دىگەندەك، بىرنەچچە كۈنلا ئۆتۈپ، يەنە بىر ئىتى ئۆ- لۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كەينى - كەينىدىن ئۈچ ئىتى ئۆلۈپ قاپ- تۇ. ئاتلارنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىنىڭ سىرىنى بىلمەك بولۇپ، ئوغۇل كېچىچە ئاتخانىنىڭ ئەتراپىنى پايلاپ يۈرۈپتۇ. تۈن يېرىم بول- غاندا، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپتۇ، ئوغۇل شۇنداق قارىسا ئۆز سىڭ- لىسى ئاتخانىغا كىرىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر يۇمۇلاپلا بورسۇققا ئايلىنىپتۇ - دە، ئاتنىڭ قېنىنى شوراشقا باشلاپتۇ. يىگىت ئەتىسى ئاتا - ئانىسىغا كېچە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە:

— سىڭلىمنى ئېتىۋېتىمەن! — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— يالغۇز قىزىمىزنى ئاتقىچە بىزنى ئات! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— خەير، مېنىڭ گېپىمگە كىرمىدىڭلار. ئاخىر شۇ قىزىڭ- لار سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چىقىدۇ، — دەپ باشقا يۇرتلارغا كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تىپ قاپتۇ. يىگىت مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەرگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، نۇرغۇن ئادەم بىر مەيدانغا توپلىشىپ، ئوق - يا بىلەن بىر تەڭگىنى نىشانلاپ ئېتىۋاتقان ئىكەن. يىگىت بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، بىرەيلەن:

— پادىشايىمىزنىڭ ھەم گۈزەل ھەم دانىشمەن بىر قىزى بار ئىدى. ئاشۇ مەلىكە «كىمدە - كىم ئوق - يا ئېتىپ تەڭگىگە تەككۈزەلىسە، مەن شۇنىڭغا تېگىمەن» دېگەن ئىدى. بىز تەلەيىمىزنى سىناۋاتىمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. يىگىت «مەنمۇ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي» دەپ تەڭگىگە ئوق ئۈزۈپتىكەن، ئوق نىشانغا دەل تېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت پادىشانىڭ كۈيوغلى بولۇپ قاپتۇ ۋە مەلىكە بىلەن بىرلىكتە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشا ئۆلۈپتۇ. ۋەسىيەت بويىچە يىگىت پادىشا بولۇپ تەختكە چىقىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ھەش - پەش دېگىچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشا تەختكە يۆلىنىپ ئولتۇرسا، ئىككى ئوغلى ئىككى كۈچۈكنى ئەكىرىپ ئويناۋاتقۇدەك. پادىشا بالىلىرىنىڭ ۋە بۇ كۈچۈكلارنىڭ ھەركەتلىرىنى كۆرۈپ ئويغا چۆكۈپتۇ. كۆڭلى نىمىدىندۇر خاۋاتىرلىنىپ چوڭقۇر خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن خانىش سەۋەبىنى سوراپتىكەن. پادىشا ئېيتماپتۇ. خانىش:

— مېنىڭ ئاتام سىزگە شۇنچىۋالا ياخشىلىقلارنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىزى ۋە تەختىنى بەردى. ئىككىمىز بىر ياستۇققا باش قويغىلى ئون يىل بولدى. سىز يەنە مەندىن سىرلىرىڭىزنى يوشۇرامسىز؟ — دەپ رەنجىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا:

— مەن بالىلىرىمىنىڭ ۋە كۈچۈكلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ ئولتۇرسام، كۆڭلۈمگە ئاجايىپ بىر ۋەھىمە كېلىپ چۈشتى. گو-

يا ئاتا - ئانام مېنى چاقىرىۋاتقاندەك بولدى، — دەپتۇ - دە،
ئايالىغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بې-
رىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ خانىش:

— ئۇنداقتا سىز يۇرتىڭىزغا بېرىپ كېلىڭ. بىراق، يۇر-
تىڭىز ھازىر ئۆزگىرىپ بىر ئورمانلىققا ئايلىنىپ كەتتى. مېنىڭ
مەسلىھەتىم: سىز ئۆيىڭىزگە يېقىنلاشقاندا، دۆڭدە ئالاھىدە ئېگىز
ئۆسكەن بىر تۈپ تېرەكنى كۆرىسىز. سىز پالتىڭىزنى تېرەكنىڭ
تۈۋىگە، ئوق - يايىڭىزنى تېرەكنىڭ ئۇچىغا قويۇپ قويۇپ ئۆيىڭىزگە
بېرىڭ! — دەپتۇ.

پادىشا ئەقىللىق خوتۇنىنىڭ سۆزى بويىچە يۇرتىغا كېلىپ
قارىغۇدەك بولسا، بۇ يۇرت ئايالى ئېيتقاندەكلا ئۆزگەرگەن ئىكەن.
بۇ يەردە ئادەم زاتى قالماپتۇ. راست دىگەندەك، دۆڭدە ئاجايىپ
چوڭ ھەم مەزمۇت بىر تۈپ تېرەك بار ئىكەن. پادىشا ئايالىنىڭ
دىگىنى بويىچە ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۆيدە يالغۇزلا ھېلىقى سىڭلىسى
بار ئىكەن. سىڭىل ئۇزۇن يىل ئايرىلغان ئاكىسىنى كۆرۈپ
بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپتۇ. پادىشا ئۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسىنى
سورىغان ئىكەن، سىڭلىسى:

— خوشنا مەھەللىگە تويغا كەتكەن. ئەتىسىگىچە كېلىپ
قالار، ئاكا، سىز ھېرىپ - ئېچىپ كەلدىڭىز. مەن سىزگە غىزا
تەييارلاي، سەل تەخىر قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، گۆش ئەپكىر
مەن، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆينىڭ ھەممە - يېرىنى
ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئاخىرىدا قازناقتا قارىغۇدەك بولسا، كانار
غا ئىككى ئادەمنىڭ گۆشى ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. پادىشا دەرھال
ئىشىكنى يېپىپ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا سىڭلىسى

— قوي گۆشى تاپالمىدىم. كالا گۆشى بار ئىكەن، —
دەپ بىر پۇت گۆشنى كۆتىرىپ كىرىپتۇ. ئاكىسى بۇنىڭ ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ بىر پۇتى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - يۇ، لام - جىم دىمەپتۇ. قىز گۆشنى پارىلاپ، پىشۇرۇشقا تۇتۇنۇپتۇ. شۇ چاغدا ئاكىسى:

— سىڭلىم، مەن بىكار قاراپ ئولتۇرغۇچە، ئۆگزىگە چىقىپ يۇرتىمىزنىڭ كەچكى ساپ ھاۋاسىدىن ھوزۇر ئالاي. غىزا پىشقاندا چاقىرارسىز، — دەپتۇ. سىڭلىسى:

— ماقۇل ئاكا. بىراق، سىز تۈگۈلۈكتىن پۇتىڭىزنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇڭ. مەن ئۆيدە تۇرۇپ پۇتىڭىزنى ئاغامچا بىلەن باغلاپ تۇتۇپ تۇراي، غىزا پىشقاندا، تانىنى تارتاي، سىز قايتىپ چۈشۈڭ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاكىسى ئۆگزىگە چىقىپ، بىر پۇتىنى تۈگۈلۈكتىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. سىڭلىسى ئۇنىڭ پۇتىنى ئاغامچا بىلەن باغلاپ، ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بېلىگە چىگىپتۇ - دە، تاماق ھازىرلاشقا كىرىشىپتۇ. بىر چاغدا پادىشا ئۆزىنىڭ قېشىدا بىر چاشقاننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ دەرھال ھېلىقى چاشقاننى تۇتۇپتۇ - دە، پۇتىنى ئۆتۈكتىن يەم بىلەن چىقىرىۋېلىپ، چاشقاننى ئۇنىڭ ئىچىگە سېپتۇ. ئۆزى بولسا ئۆگزىدىن چۈشۈپ قېچىپتۇ. سىڭلىسى تۈگۈلۈكتىن بىر پاي ئۆتۈكنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

پادىشا قېچىپ ھېلىقى دۆڭگە كەلگىنىدە، ئارقىسىدا توپا-چاڭ كۆتىرىلىپتۇ. پادىشا سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، سىڭلىسى ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، خەنجەردەك چىشلىرىنى پارقىرىتىپ قۇيۇنەك كېلىۋاتقۇدەك. پادىشا دەرھال تېرەككە يامىشىپتۇ ۋە قويۇپ قويغان پالتىسى بىلەن ئۆزى دەسسىگەن پۇتاق - شاخلارنى كېسىپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ سىڭلىسى بىر چىشىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى ھەرە قىلىپ تېرەكنى ھەرىدەشكە باشلاپتۇ. يىگىت قولىغا ئوق - ياسىنى ئېلىپ كۆچەپ تارتىپ ئاتقان ئىكەن، ئوق سىڭلىسىغا ئۆتمەپتۇ. شۇ چاغدا شاھنىڭ بالىلىرى ئوينات-

قان ھېلىقى ئىككى كۆچۈك پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىككى كۆچۈك ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىپ سىڭلىسىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تالاپ كېتىپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە كۈچۈكلەر ئۇنى سۆرەپ - تارتىپ ئاپىرىپ كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ. پادىشا تىرەكتىن چۈشۈپ، ئۆز شەھىرىگە كېلىۋاپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. خانىش:

— سىڭلىڭىز يالماۋۇز ئىكەن، ئۇ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخى ئۇ ئۆلمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىدۇ. شۇڭا پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ھەركەتلەندۈرۈپ شەھەرنى قوغدايلى. بىرىنچى سەپتىكىلەر ئوق-يا ئالسۇن. ئىككىنچى سەپتىكىلەر نەيزە، ئۈچىنچى سەپتىكىلەر قىلىچ ئالسۇن! — دەپتۇ. راست دېگەندەك ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى يالماۋۇز كەپتۇ. شەھەر خەلقى بىلەن يالماۋۇزنىڭ ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. خەلق ئاخىرى يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە خوشال بولۇپ ئۆيلىرىگە تاراپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا خانىش نەۋكەرلىرىگە:

— يالماۋۇز تېخى ئۆلمىدى. سىلەر ئۇنىڭ جەسىدىنى ئۈچ پارچە قىلىپ پارچىلاپ، ئۈچ تاغنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ تاشلاڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ. نەۋكەرلەر خانىشنىڭ بۇيرۇغىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ.

خانىش شۇ ئاخشىمى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە يالماۋۇز يەنە تىرىلگۈدەكمىش. ئەتىسى خانىش:

— ئۇنىڭ جەسىدىنى كۆيدۈرۈپ چۆل - جەزىرىلەرگە چېچىۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. خەلق ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ئورۇنلاپتۇ. شۇندىن كېيىن يۇرت خاتىرجەم بوپتۇ. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، شەھەر ئۈستىگە بىر خىل ھاشارەت ئۇچۇپ كەپتۇ. گەرچە ئۇ چوڭ زىيان كەلتۈرەلمىسىمۇ، پاسكىنىلىقى بىلەن كىشىلەرنى خاپا قىلىدىكەن. ئۇ داۋاملىق «مەن ئۆزەمنىڭ چامام-

نىڭ يېتىشىچە سىلەردىن ئۈچ ئالىمەن» دەپ كىرىشىلدىغۇدەك. شۇ-چاغدا كىشىلەر بۇلارنىڭ يالماۋۇزنىڭ كۆلىدىن پەيدا بولغان ھاشارەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا «چىشۋىن» دەپ ئات قو-يۇپتۇ. پالاق ياساپ، قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان ئىبراھىم

## ئۈچ دوست

بۇرۇنقى زاماندا ئۇزۇن قول، چوڭ كاللا ۋە ئۆتكۈر كۆز دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ كىشى ئۆتكەن ئىكەن. بۇلار دوست بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆتكۈر كۆز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، يىراق بىر يەردە بىر توپ يىلقا ئوتلاۋاتقۇدەك. بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ ـ دە، شۇئان:

— ۋاي ـ ۋۇي، نىمە دېگەن كۆپ يىلقا بۇ! دوستلىرىم، چاققان مەيەرگە كېلىڭلار! — دەپ ۋاقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئاغزىلىرىدىن سېرىق سۇ ئاققان چوڭ كاللا بىلەن ئۇزۇن قول يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:

— ئامال قىلىپ ئاشۇ يىلقىلارنى ئېلىپ كېلەيلى، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ئۇلار ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۆتكۈر كۆز «ئاياققا، ماياققا» دەپ ئىشارەت قىپتۇ. ئۇزۇن قول قولىنى بىر سوزۇپلا ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يىلقىلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇپ كەپتۇ. بۇ يىلقىلارنىڭ ھەممىسى ياش ئارغىماقلار ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئۈچ دوستنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپتۇ ـ دە، «ئەمگەكنى مەن قىلدىم»، «ئۇلارنى مەن تۇتتۇم» دەپ ئۆزئارا تالىشىپ قاپتۇ. مۇشۇنداق جىدەللىشىۋاتقاندا يىراقتىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ بىر توپ ئاتلىق ئەسكەرلەر كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئۈچ دوست ئۇلارنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. يىلقا تۈگۈل جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بولۇپتۇ. بۇ چاغدا ئەقىللىق چوڭ كاللا بىش-

دىكى تۇمىغى بىلەن نەچچە يۈز يىلقىنى باسۇرۇپ، يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. يېتىپ كەلگەن ئەسكەرلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھەيۋە قىلىپ:

— پادىشانىڭ يىلقىلىرىنى قاراقچىلار بۇلاپ كېتىپتۇ. سىلەر ئۇنى كۆردۈڭلارمۇ؟ دەل مۇشۇ تەرەپكە قېچىپتىكەن! — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۈچ دوست ئۇلارغا تازىم قىلىپ:

— جاناپلار، بۇ قاراقچىلار ھازىر تېخى مۇشۇ تۇكلۇك تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئەسكەرلەر ئالدىراپ - سالدىراپ ھېلىقى تۇماقنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپتۇ. ئەمما ھېچنەرسىنى تاپالماي قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ ھامانلا ئۇزۇن قول بىلەن ئۆتكۈر كۆز تۇماقنىڭ ئاستىدىكى يىلقىلارنى تالىشىشقا باشلاپتۇ، تىللىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇزۇن قول ئۆتكۈر كۆزنى ئېيىق تاپىنىدەك ئالقانلىرى بىلەن راسا كاچاتلاشقا باشلاپتۇ. ئۆتكۈر كۆز ئۇزۇن قولغا تەڭ كېلەلمەي، قېچىپتۇ. ئۇزۇن قول قوغلاپتۇ. ئۆتكۈر كۆز قېچىپ كېتىۋاتسا ئالدىغا چوڭ بۇرۇن ئۇچراپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆتكۈر كۆزنىڭ يۈرىكى بىر ئاز جايىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ چوڭ بۇرۇنغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

— دوستۇم چوڭ بۇرۇن، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن! كەينىمدىن ئۇزۇن قول قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ...

بۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، رەھمى كەلگەن چوڭ بۇرۇن:

— ماقۇل، ئۇنداقتا مەيەرگە كىرىۋال، — دەپ، ئۇنى بۇرنىنىڭ بىر تۆشۈكىگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر يوغان قارىغاينى كۆتەرگەن ئۇزۇن قولمۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ - دە:

— قېنى ھېلىقى ئۆتكۈر كۆز؟ ئۇنى نەگە يوشۇرۇپ قوي-

دۇڭ؟ — دەپ چوڭ بۇرۇنغا ۋاقىراپتۇ. قورقۇپ كەتكەن چوڭ بۇرۇن:
— ۋاي تەقسىر، ئۇ بۇ غارغا كىرىپ كەتكەن ئىدى، — دەپ ئالدىراشچىلىقتا بۇرنىنىڭ يەنە بىر تۆشۈگىنى كۆرسىتىپتۇ. چوڭ بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈگىدىن كىرىپ، قاڭشادا ئۇچرىشىپ قالغان ئۆتكۈر كۆز بىلەن ئۇزۇن قول دەھشەتلىك ئۇرۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ تەسىرىدىن بۇرنى ئاغرىپ، قىچىشىپ كەتكەن چوڭ بۇرۇن بىر چۈشكۈرگەن ئىكەن. ھېلىقى مۈشتىلىشىۋاتقان ئىككىسى يەرگە «پوككىدە» چۈشۈپتۇ - دە، يوغان بىر تاشقا تېگىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ھەممە يىلقىلار چوڭ كالللىغىلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خوشال - خورام، بەختلىك ئۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇغېنى يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دېۋانە بىلەن گۈلنىسا

بۇرۇنقى زاماندا سىدىق دېگەن بىرچوڭ باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ھەددى - ھېساپسىز ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ سەت ئىكەن. بۇرنىنىڭ ئۇچىدا گۆلدەك بىر قارا ئۆسمە گۆش بولۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۈس كىرگۈزىدىكەن. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇ قىرىق ياشقا كىرگىچە ئۆيلىنەلمەپتۇ. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىغا تايىنىپ، ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەپتۇ. پۇل دېگەننى بولۇشىغا خەجلەپ، بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ گۈلنىسا دېگەن قىزى بىلەن توي قىپتۇ. بىراق گۈلنىسا سىدىقنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان كۈندىن تارتىپ، ھەسرەتكە چۆكۈپتۇ ھەم «كېسەل بولۇپ قالدىم» دەپ ئورنىدىن تۇرماي يېتىۋاپتۇ. ئۆزىنىڭ كېسىلى ساقايغىچە سىدىق باي بىلەن بىللە بولماسلىقنى تەلەپ قىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئەمما گۈلنىسانىڭ كېسىلى ساقايماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىدىق باينىڭ مەھەللىسىدە بىر دېۋانە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ دېۋانىنىڭ يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق ناخشىسى ھالسىز ياتقان گۈلنىسانى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا قىلىپتۇ. گۈلنىسادىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن سىدىق باي دېۋانىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، قوتانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. دېۋانە ھەر كۈنى گۈلنىساغا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن گۈلنىسانىڭ كېسىلى كۈندىن -

كۆنگە ياخشىلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلنىسا سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئۆيگە قايتىپ كىرمەپتۇ. سىدىقباي ئۇنى ساقلاپتۇ، ساقلاپتۇيا، ساقلاپتۇ. ئاخىرى تاقەت قىلالماي ھويلىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، دەرۋازا ئوچۇق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ قارا ئارغىمىقىدىن ئەنسىرىگەن سىدىقباي ئاتخانىغا كىرىپتۇ. قارا ئارغىماقمۇ يوق تۇرغۇدەك. بۇ ئىشتىن گۇمانلانغان سىدىق باي ھېلىقى دىۋانە ياتقان قوتانغا كىرىپ قاراپتۇ. قوتاندا دىۋانىمۇ يوقمىش. سىدىقباي بۇنىڭدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ پۈتۈن مەھەللىدىكى كىشىلەرنى ئويغىتىپ ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. ئىزلەپتۇيا، ئىزلەپتۇ. ئىككى ئاي ئىزلەپمۇ گۈلنىسانى تاپالماي ئۈمىتسىزلىنىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سىدىق باي بىر باغاق تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. باغاقتا شۇنداق قاراپلا، داك قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. باغاقتا: «بىز بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان، قەلبى سەكپارە بولغان ھەسرەتلىك بىر جۈپ كېپىنەكلەر ئىدۇق. سىز بىزنىڭ ھايات گۈلىگە بىرگە قونۇشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردىڭىز. بىز سىزدىن مىننەتدارمىز. بىز ئەمدى توي قىلماقچىمىز. سىزنى تويىمىزغا تەكلىپ قىلىمىز» دەپ يېزىلغان ئىكەن. سىدىقباي باغاقنى ئوقۇپ، بېشى قېيىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، خۇددى ئەسكى تام ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك يەرگە «گۈپپىدە» يىقىلىپتۇ. شۇ ياتقىنىچە ئىككى كۈن ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا تايىنىپ، باشقىلارنىڭ بەختى ھېساۋىغا ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان خاتالىغىنى تونۇپ يېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشنى ئىككىنچىلەپ قىلمايدىغانلىغىنى، ئەگەر ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ئايال چىقمىسا، ئۆلگىچە توي قىلمايدىغانلىغىنى ھەققىدە

قەسەم ئىچىپتۇ.

دىۋانە بىلەن گۈلنىسا ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك كۆڭۈللىرىنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇڭشې ياقا دادۇيدىن ئابدۇغىنى يۈسۈپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## پوچى موزاي

موزاي ئانىسىدىن ئايرىلماي چوڭ بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇسسۇگەك ئىكەن، ھەممە ئىنەكلەر ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. ھەتتا ئۇنىڭ موزىيىغىمۇ چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. بۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن موزاي ھەممىلا يەردە ئۆزىنى كۈچلۈك كۆرسىتىپ پوچىلىق قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پوچى موزاينىڭ ئۇسسۇگەك ئانىسى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىنەكلەر موزاي-دىن قورقمايدىغان بولۇپتۇ. بىراق، پوچى موزاي يەنىلا ھەممىلا يەردە ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ زەي سالماي پاختىنى ئاتقۇرىپتۇ. بىر كۈنى قوتاندىكى كالىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا:

— سەن ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەنسەن. ئاناڭ ئۇسسۇگەك قورقماس ئىدى. سەن ھۈنىرىڭنى بىزگە بىر كۆرسىتىپ، ئاۋۇ ياتقان كۆك بۇقا بىلەن بىر ئۈسۈشۈپ باقساڭ! — دەپتۇ.

پوچى موزاي كۆك بۇقىنى مەنسىتمىگەن ھالدا ھۆكىرەپ ئوتتۇرىغا ئېتىلىپ چىقىپ، پۇتى بىلەن يەرنى تاتىلاپ بۇقا بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. قوتاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتقان كۆك بۇقا ئورنىدىن ئاستا قوپۇپتۇ. پوچى موزاي بىلەن كۆك بۇقا ئۈسۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئاچچىغى كەلگەن كۆك بۇقا پوچى موزاينى كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۈسۈپتىكەن، پوچى موزاي-

نىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ، مەكتىسنىڭ قېتىغى چىقىپ كېتىپتۇ.
قوتاندىكى كالىلار بۇنى كۆرۈپ پوچى موزايغا «تازا خوپ بولدى!» دەپ، يايلاققا ئوتلىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچ ئۆستەڭ ئارا مەھەللىدىن: قاسىم ئابلا.

# پەرىزات

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئايالى ۋە ئەنۋەر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ سودىگەر باشقا بىر يۇرتقا سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېتىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى ئىستىل جەھەتتە بۇزۇق ئايال بولۇپ، كۈندە دىگۈدەك بۇزۇق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىكەن. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان ئەنۋەر «مەن ئۆمرۈم بويى خوتۇن ئالمايمەن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ ۋە ئانىسىنى تاشلاپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يول مېڭىپ بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. شەھەرگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن غەمكىن ھالەتتە يۈرگۈدەك. ئەنۋەر ئەھۋالنى ئۇقۇپ كۆرسە، بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر ئەجدىھار بولۇپ، ھەر يىلى كۈزدە شۇ شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىنى يەيدىكەن. پادىشانىڭ بىر بىرىدىن چىرايلىق ئۈچ قىزى بولۇپ، ھازىر نۆۋەت پادىشانىڭ چوڭ قىزىغا كەلگەن ئىكەن. شۇڭا كىشىلەر بۇ چىرايلىق قىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، غەم ئىچىدە پەرىشان يۈرگەن ئىكەن. بۇنى ئۇققان ئەنۋەر ئىشەنچ بىلەن پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەجدىھارنى ئۆلتۈرىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ پادىشانىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەجدىھار بار يەرگە بېرىپتۇ. ئەجدىھار ئۇنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— مېنىڭ بۇ قېتىم يەيدىغىنىم قىز تۇرسا، نىمە ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەن كەلدىڭ؟

ئەنۋەر قىلىچە قورقماستىن مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

— مەن بۇ يەرگە ساڭا يەم بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، سېنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىغىلى كەلدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلگەن ئەجدىھار بىر نەرە تارتىپتىكەن، ئەنۋەر قىلىچىنى توغرا تۇتقان پېتى ئەجدىھارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، قوسىقىنى يېرىپ ئاياقتىن چىقىپتۇ. ئەجدىھار ئۆلۈپتۇ. ئەنۋەر ئەجدىھارنىڭ ئۆلۈكىنى پادىشاغا كۆرسىتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ چەكسىز خوشال بولۇپ كەتكەن پادىشا قىزىنى ئەنۋەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. لېكىن ئەنۋەرنىڭ «خوتۇن ئالمايمەن» دىگەن ۋەدىسى بولغاچقا، بۇنىڭغا كۆنمەپتۇ. پادىشا ئەنۋەرنىڭ ئۇنىمىغانلىقىغا قارىماي قىزىنى ئۇنىڭغا توي قىلىپ، ئۆز قورۇسىدىن ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ ۋە خەلقى - ئالەمگە «مېنىڭ كۈيوغلۇم شەھىرىمدىكى ئاشخانا، ماگىزىنلارغا كىرسە ۋە باشقا شەھەرلەرگە بارسا پۇل ئېلىنمىسۇن!» دەپ جاكالاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنۋەر بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ساھىپجامال بىر قىز كالا تىزىگىنى لاي ئېتىپ تامغا چاپلاپ ئويناۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ئەنۋەر قىزدىن:

— ھەي قىز، نىمە بولدىڭىز؟ ساراڭمۇ سىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— بۇنى مەندىن سورىماڭ! — دەپ ئەنۋەرگە قاراپتۇ. ئاي دىسە ئاي دىگۈدەك، كۈن دىسە كۈن دىگۈدەك بۇ گۈزەل قىزنىڭ جامالىنى كۆرگەن ئەنۋەر شۇئان بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بىراق قىز ئەنۋەرنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلماپتۇ. ئەنۋەر ئوردىغا قايتىپ بېرىپ پادىشاغا ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا قىزغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىز ئامالسىز قېلىپ ئاخىرى ماقۇل

بوپتۇ ۋە ئەنۋەرگە مۇنداق ئۈچ شەرتنى قويۇپتۇ:

— بىرىنچى شەرت، مەن كېچىسى سىز بىلەن بىرگە بولۇپ كۈندۈزى بولالمايمەن. سىز «نەگە باردىڭ» دەپ سورىماڭ. ئىككىنچى شەرت، تامىغىڭىزنى ئەتمەيمەن. كىر - قاتلىرىڭىزنى يۇيمايمەن. بۇ ئىشلارنى قىلمىدىڭ دىمەيسىز. ئۈچىنچى شەرت، مەن ئۆيگە كەلگەندە نەدە ئولتۇرغان بولسىڭىز، شۇ زامانلا ئورنىڭىزدىن تۇرىسىز. مەن سىزنىڭ مەيدىڭىزگە ئۇرۇمەن.

ئەنۋەر بۇ شەرتنى ئاڭلاپ قاتتىق كۆيۈكتە بولغاچ قىزنىڭ ھەممە شەرتلىرىگە كۆنۈپتۇ ۋە قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. دىگەندەك قىز ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئاخشىمى قايتىپ كېلىدىكەن. تاماق ئەتمەيدىكەن. كىر يۇمايدىكەن. يىگىتنىڭ مەيدىسىگە كۈندە ئۇرۇدىكەن. بۇ ئىش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ مەيدىسى ئىششىپ كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇ مەيدە ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن پادىشا، سىرنى بىلىش ئۈچۈن تىۋىپ چاقىرتىپتۇ. تىۋىپ ئەنۋەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇ قىز ئەمەس، بىر پەرىزات ئىكەن. پەرىزات كۈندە ئەتىگەندە ماڭغاندا سىز ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ نەگە بارىدىغانلىغىنى ئېنىقلاڭ، — دەپتۇ.

ئەتىسى يىگىت دادىسىدىن قالغان ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ دەررۇ بىر چىۋىنگە ئايلىنىپ قىزنىڭ چېچىغا قونۇۋاپتۇ. قىز بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىدە بىر ئۆي بار ئىكەن. بۇ ئۆيدە قىرىق دىۋە قىز بولۇپ، پەرىزات ئەسلىدە شۇ دىۋە قىزلارغا دەرس ئۆتىدىكەن. پەرىزات ئۆيگە كىرگەندە دىۋە قىزلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. پەرىزات ئۇلارنىڭ نىمىگە كۈلۈشىدىغانلىغىنى بىلەلمەپتۇ. دىۋە قىزلار پەرىزاتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چېچېنىدىكى چىمۋىنىنىڭ ئۇنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ئىكەن. پەرىزات دەرسنى تۈگىتىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئەنۋەر ئالدىن ئۈچۈپ بېرىپ ئۆز ئۆيىدە پەرىزاتنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. قىز بۇ ئىشنى قىلچە سېزەلمەپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ كۈن داۋاملىشىپتۇ. ھېلىقى قىرىق دۆۋە قىز پەرىزاتنىڭ ئۆز ئېرىنى بۇ ئۆيگە بىرگە ئېلىپ كىرىۋاتقانلىقىنى پادىشاسى شەدداتقا دەپ قويۇپتۇ. شەددات بۇنى ئاڭلاپ پەرىزاتنى قىچقارتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— سىز ئادىمىزاتنى بىرگە ئېلىپ كېلىپ دەرس ئۆتۈپسىز. ئەتىدىن باشلاپ بۇ يەرگە كەلمەڭ. ئورنىڭىزغا باشقىلار كېلىپ دەرس ئۆتسۇن! — دەپتۇ. پەرىزات بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەنۋەر ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. پەرىزات غەمكىن ھالدا ئۆيگە كىرسە ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرماپتۇ. پەرىزات ھەيران بولۇپ:

— نېمە ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن تۇرمايسىز؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، يىگىت:

— ئەي پەرىزات! سىزمۇ ۋەدىڭىزدە تۇرماپسىز. شەددات ئەتىدىن باشلاپ كەلمە دىدىغۇ ... — دەپتۇ. ئەجەپلەنگەن پەرىزات:

— ھەئە شۇنداق! — دەپتۇ. يىگىت:

— شۇڭا، مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئورنۇمدىن تۇرمايمەن. ئەي سۆيۈملۈكۈم، سىز بولسىڭىز پەرىزات. مەن بولسام ئادىمىزات. شاگىرتلىرىڭىز بولسا دۆۋە قىزلار ئىكەن. مەن ھەممە ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتتىم. شۇڭا سىز بۇندىن كېيىن ئۇ يەرگە بارماڭ. ئەمدى نېمە ئۈچۈن «ئەرگە تەگمەيمەن» دېگەن گېپىڭىزنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزكەن، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. پەرىزات يىگىتنى باققا باشلاپ كىرىپ، بىر تامدىكى رەسىملەرنى كۆرسىتىپتۇ.

رەسىمدە جەرەن بار ئىكەن. بۇنىڭ بەشى چىشى، بىرى ئەركەك بولۇپ، بەش چىشى جەرەن تۇزاقتا چۈشۈپ قالغان. ھېلىقى بىر ئەركەك جەرەن بولسا ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي قېچىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. قىز دەپتۇكى:

— ئەي يىگىت، مانا ماۋۇ بەش چىشى جەرەن تۇزاقتا چۈشۈپ قالسا، ئەركەك جەرەن ئۇلارنى قۇتقۇزماي قېچىپ كېتىپ بارىدۇ. دۇنيادا ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى شۇنىڭدىن بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، مەن ئەرگە تەگمەسلىككە نىيەت قىلغان ئىدىم...

ئەنۋەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ باغنىڭ ئىچىگە ھېلىقى تامغا ئوخشايدىغان قىلىپ بىر تام قوپارتقۇزۇپتۇ ھەم ئۇنىڭغا بىر رەسىم سىزدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ سىزدۇرغان رەسىمى، ھېلىقى تامدىكىنىڭ ئەكسىچە ئىكەن. ئەتىسى ئەنۋەر پەرىزاتنى باشلاپ كىرىپ رەسىمنى كۆرسىتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز:

— ئەي يىگىت، سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا نۇرغۇن كۈلپەتلەر چۈشۈپتۇ. ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش ئىكەن. مۇندىن كېيىن مەن ساڭا پۈتۈنلەي مەنسۇپ! — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى ئۆمۈرلۈك ئىناق ئۆتۈپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇغىنى يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غېرىپ ھېكايىسى

بۇرۇن بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ غېرىپ دىگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ پۇلى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نەگە بارمەن دىسە، شۇ يەرگە بارالايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە غېرىپ دوستلىرى بىلەن يىراق بىر شەھەرگە سەيلىگە بېرىپتۇ ۋە ئۇ يەردە ئويۇن - تاماشا، ئەيشى - ئىشرەت بىلەن بىرنەچچە يىل تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئۆز شەھىرىدىن دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر كەپتۇ. بىراق، غېرىپ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يۈرۈۋېرىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئانىسىنىڭمۇ ئۆلۈم خەۋىرى كەپتۇ. بۇ چاغدا غېرىپنىڭ پۇلى تۈگەپ قالغان بولۇپ، ئامالسىز قايتىپ بېرىپ، ئۆيىدىكى ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مال - دۇنيانى خەجلىمەكچى بولۇپتۇ. بىراق ئۇ ئۆيىگە بارسا ئۆيىدىكى مال - دۇنيالارمۇ قۇرۇغدىلىنىپ قالغان ئىكەن. ئۇ دوستلىرىدىن پۇل سوراپتۇ. ئۇلارمۇ پۇل بەرمەپتۇ. غېرىپ تەمبۇر چېلىشقا ناھايىتى ئۇستا بولغاچقا، تەمبۇرنى ئېلىپ يۇرتنى تاشلاپ جاھان كېزىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. بۇ شەھەردە بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇ ئايالى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ تالاق قىلىشۋەتكەن ئىكەن. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ سودىگەر ئايالى بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئويلاپ، ئۆيىگە قازى، موللىلارنى چاقىرىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۇلار «ئەگەر خوتۇنىڭىز بىلەن

يارىشىپ قىلىشنى ئويلىغان بولسىڭىز، ئالدى بىلەن بىر ئەرنى تېپىپ، ئۇنى ئايالىڭىز بىلەن بىر كېچە بىرگە ياتقۇزۇڭ. ئاندىن ئىككىڭلارغا نىكا ئوقۇپ قويايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى سودىگەرنىڭ بېشى قېتىپتۇ. بىراق شۇنداق قىلمىسا بولمايدىكەن. شۇڭا ئۇ بىرەر كىشى ئىزلەپ كوچىغا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا غېرىپ ئۇچراپتۇ. سودىگەر غېرىپقا ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپ بېرىپ، ئايالى بىلەن بىر كېچە ئايرىم بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

دەل شۇ كۈنى شەھەر پادىشاسى «كىم مېنىڭ عەيۋىتىمنى قىلىدىكەن، كىم مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىدىكەن ...» دەپ شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىگە پايلاقچى ئەۋەتىپتۇ. پايلاقچىلاردىن بىرى سودىگەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئۆي ئىچىدىن تەمبۇر ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پايلاقچى ھويلىغا تىۋىشسىز كىرىپ ئىشىكتىن ماراپتۇ. بۇ چاغدا غېرىپ تەمبۇر چېلىپ، ئۆز ئەھۋالىنى ھېلىقى ئايالغا بايان قىلىپ بېرىۋاتقان ئىكەن. بۇلارنى «پادىشانىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ دەرت تۆكۈۋاتقان كىشىلەر ئىكەن» دەپ چۈشىنىپ قالغان پايلاقچى دەرھال پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشانىڭ ياساۋۇللىرى كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. غېرىپ ھەممە ئەھۋالنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پادىشا قازىغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ.

ئەتىسى قازى ھېلىقى سودىگەر بىلەن عېرىپنى ئوردىغا باشلاپ كەپتۇ. پادىشا عېرىپنى، چاقىرتىۋېتىپ، قازىنى ھېلىقى خەتنى ئوقۇشقا بۇيرۇپتۇ. خەتتە «سودىگەرنىڭ ئايالىنى عېرىپ ئالسۇن، سودىگەر پۈتۈن مال - دۇنياسىنى عېرىپقا تاشلاپ بېرىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتسۇن! كىمكى بۇ پەرمانغا بويسۇنمايدىكەن، كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنسۇن» دېيىلگەن ئىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان سودىگەرنىڭ پۇت - قولىدا جان قالماي لاسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. «ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دېگەندەك، قىلمىشىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپتۇ. ئامالسىز ئايالىنى ۋە ئۆيىدىكى مال - دۇنيانىڭ ھەممىسىنى غېرىپقا بېرىپ، سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

غېرىپ ھېلىقى ئايال بىلەن توي قىلىپ شۇ ئۆيدە تۇرۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشا ھارۋا ئەۋەتىپ غېرىپنى ئايالى بىلەن ئۆز ئوردىسىغا كۆچۈرۈپ كەپتۇ. پادىشا كۈندە دېگۈدەك ئۇنى تەمبۇر چالدۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، غېرىپنىڭ ئايالىغا پادىشانىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن غېرىپنى كۆزدىن يوق قىلماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى غېرىپنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرتىپ يەنە تەمبۇر چالدۇرۇپتۇ. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشا ئەتەي ئۇخلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. غېرىپ كۆڭلىدە «پادىشا ئۇخلاۋاتىدىكەن، مەنمۇ ئازراق كۆز يۇمۇۋالاي» دەپ ئويلاپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. پادىشا ئورنىدىن ئاستاغىنە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇخلاۋاتقان ئايالىنى كۆتىرىپ ئەكىلىپ غېرىپنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. غېرىپنىڭ قولىنى ئايالىنىڭ بوينىغا ئارتىلدۇرۇپ قويۇپ، ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، پادىشا غېرىپنىڭ ئايالىنى ۋە بىرقانچە ۋەزىرنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ. غېرىپنى ۋە ئۆز ئايالىنى ئويغىتىپ غېرىپقا:

— مەن ساڭا ياخشىلىق قىلسام، ئاخىرى مېنىڭ شەنىمگە داغ تەككۈزدۈڭ! — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پادىشا ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. غېرىپنىڭ ئايالىنى زورلۇق بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۈڭشېدىن: ئوسمان ئىبراھىم.

## شاھزادە بىلەن مەلىكە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەھمۇت
دىگەن بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. مەھمۇت بالاغەتكە يەتكەندە پادى-
شا ئۇنىڭغا باشقا بىر پادىشانىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ مەلى-
كە دۇنيادا بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن
بىلەلەيدىكەن. پادىشا ناھايىتى مەرت ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا ھويلىدا تۇرسا، بىر قەلەندەر
«ھەق شەيدۇللا!» دەپ كىرىپ كەپتۇ. پادىشا غەزىنىچىسىنى دىر
لىگەن ئالتۇن ئەپچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. قەلەندەر «ئامىن»
دەپ دۇئا قىلىپ قايتىپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. يەنە پەيشەنبە
كۈنلۈكىدە ھېلىقى قەلەندەر كەپتۇ. پادىشا سەدىقە ئۈچۈن
يەنە ئالتۇن بېرىپتۇ. يەنە ھەپتە ئۆتۈپ سەھەردىلا ھېلىقى قەلەن-
دەر كەلگەن ئىكەن. پادىشا يەنە ئالتۇن تەڭلەپتۇ. بىراق قەلەندەر
ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشا ھەيران بولۇپ:

— ھەي قەلەندەر، نەچچە كۈندىن بېرى ئالتۇن بەرسەم
ئالىسەن، بۈگۈن نىمىشقا ئالمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قەلەندەر:

— سەۋەبىنى دەي دىسەم بېشىمدىن قورقىمەن، —
دەپتۇ. پادىشا:

— گۇنايىڭدىن ئۆتتۈم! — دەپتۇ. قەلەندەر:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرىنى تولىمۇ سېخى كىشى
دەيدۇ، ماڭا پادىشالىقلىرىنى يەتتە كۈن بېرىپ تۇرغان بولسىلا، —

دەپتۇ. پادىشا بىردەم ئويلىنىپ مەرتلىك بىلەن:

— بولىدۇ، — دەپتۇ. قەلەندەر ھېلىقى پادىشانىڭ پادىشالىق تاجىنى كىيىپ، تەختكە چىقىپ غەزىنىدىكى ئالتۇنلارنى خەلققە تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئالتە كۈن بولغاندا، غەزىنىدىكى دۇنيانىڭ ھەممىسى تۈگەپتۇ. قەلەندەر پۈتۈن خەلقنى بىر يەرگە يىغىپ:

— مەن يەتتە كۈنلۈك پادىشا بولغان. ئەتە پادىشالىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ — دەپ مەسلىھەت سالپتۇ. كىشىلەر بىردەك:

— بىز ئادىل پادىشاغا ئەمدى ئېرىشتۇق. سىز بىزگە مەڭگۈ پادىشا بولۇڭ! — دەپتۇ. قەلەندەر:

— ئۇنداقتا كونا پادىشانى قانداق قىلىمىز؟ — دېگەن ئىكەن، پۈتۈن خەلق:

— دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمىز! — دەپتۇ. پادىشانىڭ بىر ۋەزىرى پادىشانىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ھەي ئەخمەق پادىشايىم، بىر قەلەندەرگە پادىشالىقىڭىزنى بەردىڭىز. ئۇ غەزىنىدىكى مال - دۇنيانى چېچىپ تۈگەتتى. ئەتە سىزنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەكچى، — دەپتۇ. پادىشا قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە چۆكۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغاندا، ھېلىقى ۋەزىرى:

— ئەمدى سىلىگە بۇ شەھەردە تۇرۇشقا ئىمكان يوق، قېچىپ كەتمىسىلە بولمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشا ئايالى ۋە باللىرىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە بىرنەچچە ئون كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ بوپتۇ. كەچ كىرگەندە بىر يەرگە چۈشۈپتۇ. شۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئاتلىرىنىڭ تېرىسى بىلەن ئۇستىخانلىرىلا تۇرغۇدەك. پادىشا «بىزگە كەلگەن

ئىرادە مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، نەرسە - كېرەكلەرنى يۈدۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئايلاپ يول يۈرۈپ، مەلۇم بىر دەريانىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قاپتۇ. دەريا ناھايىتى كەڭ بولۇپ، سۈيى ئۇلۇق ئىكەن. ئۇلار ئامالسىز دەرياغا كىرىشىپتۇ. دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بارغاندا سۇ ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. پادىشا بىلەن خانىش ئېقىپ كېتىپتۇ. مەھمۇت ۋە مەلىكە ئامان قاپتۇ. ئۇلار بىردەم چۆكۈپ، بىردەم لەيلەپ، مىڭ تەستە دەريادىن ئۆتۈپتۇ. ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان مەھمۇت بىلەن مەلىكە قىرغاقتا تۇرۇپ دەرياغا قاراپ زار - زار يىغلىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار دەريانىڭ يۇقۇرىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى پادىشا بىلەن خانىشقا كەلسەك، خانىش ئېقىپ بېرىپ بىر بېلىق تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بېلىقچى بۇ خانىشنى ھۇشىغا كەلتۈرۈپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— سىزگە پادىشانى تېپىپ بېرەي، — دەپ خانىشنى بىر ساندۇققا سېلىپ شەھەرمۇ - شەھەر مېڭىپتۇ.

پادىشا دەريانىڭ بىر يېقىدىن چىقىپ، ھۇشىغا كېلىپ زار - زار يىغلاپتۇ. ئاندىن بالا - چاقىلىرىنى ئىزلەپ، دەريانىڭ ئېقىنىنى بويلاپ راۋان بوپتۇ.

مەھمۇت بىلەن مەلىكە ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر شەھەرگە كېلىپ سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى يوق بولغاچقا، مەھمۇت خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە:

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەھمۇت:

— يېگىلى نان، خەجلىگىلى پۇل يوق. شۇڭا غەم قىلىپ خىياللىنىپ ئولتۇردۇم، — دەپتۇ. مەلىكە يانچۇقىنى ئاختۇرغان ئىكەن، بىر تىللا چىقىپتۇ. ئۇ پۇلنى مەھمۇتقا بېرىپ:

— ئەتىبە بۇ پۇلغا سىز بازاردىن بىر گەز ئاقشايى،

قىرىق بىر خىل يىپ، ئاشقان پۇلغا يەيدىغان بىر نەرسە ئېلىپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

ئەتىسى مەھمۇت مەلىكىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. مەلىكە كېچىك چېغىدا چۈشىدە پەرىزات كۆرگەن، ئۇنىڭدىن ياغلىق توقۇشنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەن. ئۇ ياغلىق توقۇشنى باشلاپتۇ. ئەتىسى مەھمۇت ئويغىنىپ قارىسا، يېنىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر ياغلىق تۇرغۇدەك. مەلىكە ئۇنىڭغا:

— سىز بۇنى بازارغا ئېلىپ بېرىڭ. ياغلىقنى مىڭ تىللاغا سېتىڭ. پۇلىغا بىر گەز شايى بىلەن قىرىق بىر خىل يىپ، يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كېلىڭ! — دېپتۇ. مەھمۇت بازارغا بېرىپ ياغلىقنى بىر سودىگەرگە سېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ ياغلىقنى كۆرۈپ «قانداق ئادەم توقۇغاندۇ؟» دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پادىشانىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشا بېرىپ قارىسا، شۇنداق چىرايلىق ياغلىق.

— ھەي، بۇ ياغلىقنى كىمدىن ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— ھازىرلا بىر يىگىتتىن ئالدىم! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھېلىقى سودىگەر. پادىشا ئۇنىڭغا:

— ئۇ يىگىت قايتا كەلسە، مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ بار، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

مەلىكە يەنە بىر ياغلىق توقۇپتۇ. ئەتىسى مەھمۇت ياغلىقنى ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغاندا، بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان پادىشا ۋەزىرلىرى ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشا ياغلىقنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ.

— مىڭ تىللا! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەھمۇت.

— بۇ ياغلىقنى كىم توقۇغان؟

— ئايالىم. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشا:

— خىزمەت بېرەي قىلامسەن؟ — دەپ سورىغان ئىكەن،

مەھمۇت دەرھال:

— ئايالىمدىن سوراپ كېلەي، — دەپ قايتىپتۇ.

مەلىكە ئۆيگە ھالى پەرىشان كىرىپ كەلگەن مەھمۇتتىن ئەھۋال سورىغان ئىكەن، ئۇ بولغان گەپلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا، سىز بېرىپ خىزمەت قىلىڭ! — دەپتۇ.

پادىشا ئۇنى ھويلا سۈپۈرۈپ تازىلايدىغان، ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇيدىغان ئىشقا قويۇپتۇ. يىگىت شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشا ئۇنى غەزىنەچىلىككە تەيىنلەپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، ئۆيىڭىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئوردىدا ئولتۇرۇڭ! — دەپتۇ. مەھمۇت مەلىكە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوردىغا كۆچۈپ كەپتۇ. پادىشا مەلىكىنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ، نەپسى تاقىلداپ كېتىپتۇ. لېكىن ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماپتۇ.

بىر كۈنى ئىشىك ئالدىغا بىر قەلەندەر كەپتۇ. پادىشانىڭ بۇيرۇغى بويىچە مەھمۇت سەدىقە ئۈچۈن ئالتۇن بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەلەندەر پات - پات كېلىدىغان بولۇۋاپتۇ. مەھمۇتمۇ ئۇنى ئالتۇن بېرىپ يولغا ساپتۇ. بىر كۈنى بۇ قەلەندەر يەنە كەپتۇ. مەھمۇت ئالتۇن تەڭلىسە، ئۇ ئالغىلى ئۇنىماپتۇ، يىگىت قەلەندەرنى چىۋىق بىلەن بىر سالغان ئىكەن، قەلەندەر شۇئان بىر ئالمىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. يىگىت ھەيرانلىق ئىلكىدە ئالمىنى ئېلىپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. مەلىكە ئالمىنى ئىككى پارچە قىلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئايالچە كۆينەك چىقىپتۇ. بۇ كۆينەك شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنى كىيگەن كىشى كارامەت گۈزەل بولۇپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئورغۇنلىغان كىشىلەر «سەيلە قىلساق» دەپ ئوردىغا كىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشا ماقۇل بولۇپتۇ

ۋە ۋەزىرلىرىگە:

— ھەممىڭلار، خوتۇن - بالىلىرىڭلارنى ئېلىپ بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئۆزىمۇ قىرىق خوتۇنىنى ئېلىپ سەيلىگە چىقىپتۇ. مەھەمۇت مەلىكىنى بىرگە ئېلىپ بارمىغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشا:

— ئەي يىگىت، سەنمۇ خوتۇنۇڭنى ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. مەھەمۇت مەلىكە قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. داگار چاغدا مەھەمۇت مەلىكىگە:

— ئالمىدىن چىققان ھېلىقى كۆينەكنى كىيىۋېلىڭ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، كۆينەكنى ئۆز قولى بىلەن كىيدۈرۈپ ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشانىڭ قىرىق خوتۇنى مەلىكىنىڭ كۆينىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قاپتۇ. «بۇ چىرايلىق كۆينەكنى پادىشا ئېلىپ بەرگەن بولسا كېرەك. بۇ ئايال بىلەن پادىشانىڭ چوقۇم بىرەر ئىشى بار. بولمىسا، بۇنداق چىرايلىق كۆينەكنى نەدىن تاپالايدۇ»؟ دەپ ئويلاپتۇ. كەچتە ئوردىغا قايتقاندا، خوتۇنلار پادىشانى ئارىغا ئېلىپ «بىزگىمۇ ئاشۇنداق كۆينەكتىن ئېلىپ بېرىسەن!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشا مەھەمۇتنى چاقىرىپ:

— ئەي يىگىت، ئايالىڭ كىيگەن كۆينەكتىن ماڭا قىرىقنى كەلتۈر! بولمىسا بېشىڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. مەھەمۇت غەم - قايغۇغا پاتقان ھالدا ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ.

— مەن باشتىلا كىيمەي دىسەم، سىز ئۇنىمىدىڭىز، ئەمدى سىز پادىشاغا قىرىق كۆينەك تېپىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇنىڭغا بىر ئامال قىلىپ كۆرەي... — دەپتۇ ۋە قىرىق كۆينەكنى ئېلىپ كەلگىچە بولىدىغان ئىشلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ دەپ بېرىپتۇ:

— ئەي سۆيۈملۈكۈم، بۇ يەردىن ئون تۆت يىل ماڭسىڭىز، بىر چۆلگە بارىسىز. ئۇ يەردە بىر جادىگەر بار. ئۇ «ھەي يولۇچى

مەيەرگە كەل، نان يە، قىتىق ئىچ» دەيدۇ، سىز «قىتىق ئىچمەي-
مەن، سۇ ئىچەي» دىسىڭىز، ئۇ ئۆيىگە ماڭىدۇ. سىزمۇ ئارقىسىدىن
مېڭىڭ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ئالدىڭىزغا داستىخان سا-
لىدۇ. سىز نان يەپ، سۇ ئىچىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇڭ. جا-
دىگەر ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ بىر يەرنى باسىدۇ. شۇ ھامان
يەتمىش ئىككى ياڭزا نەغمە ئاڭلىنىدۇ. جادىگەر پەرىزات تۈس-
گە كىرىپ ئۇسۇل ئوينايدۇ. سىز يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىڭ.
بېشىڭىزنى ھەرگىز كۆتەرمەڭ. بېشىڭىزنى كۆتىرىپ قاراپ
قالىدىغان بولسىڭىز، جادىگەرگە تۇتۇلغىنىڭىز شۇ. بۇ ئىش
بىرنەچچە رەت داۋاملىشىدۇ. سىز يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىڭ.
ئاخىرى جادىگەر «ھەي ئادەم، سەن مېنىڭ سىرىمنى قانداق
بىلىپ قالدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. سىز بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەر-
سىڭىز، قالغىنىنى جادىگەر ئۆزى قىلىدۇ.

مەھمۇت يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئوردىغا كىرىپ پادىشاغا
ئۆزىنىڭ كۆينەكىنى يىگىرمە سەككىز يىلدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقى-
نى ئېيتىپتۇ ۋە ئۇزۇق-تۈلۈك راسلاپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشا
راسخوتلارنى ھەل قىلىپ بېرىپ مەھمۇتنى يولغا ساپتۇ.

پادىشا مەھمۇتنى يولغا سالغاندىن كېيىن ھەر كېچىسى
مەلىكىنىڭ ئۆيىگە بارىدىكەن. مەلىكە پادىشانىڭ قاتتىق-يۇم-
شاق ۋاستىلىرىغا پەرۋا قىلماپتۇ. ئىشىكنى زادىلا ئاچماپتۇ.

مەھمۇت تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، نۇرغۇن جەۋ-
رى-جاپالارنى تارتىپ، ئون تۆت يىل يول يۈرۈپ،
بىر دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. بۇيەردە بىر جادىگەر
بار ئىكەن. ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ، بىر قاچا قېتىققا بىر ناننى
ئېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئەي يولۇچى، مەيەرگە كېلىپ بىر ئاز تاماق يەۋې-
لىڭ! — دەپتۇ. مەھمۇت:

— مەن قېتىق ئىچمەيمەن، سۇ ئىچەي، — دەپتۇ. جا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ۋەزىرلىرىگە:

— ھەممىڭلار خوتۇن - بالىلىرىڭلارنى ئېلىپ بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئۆزىمۇ قىرىق خوتۇنىنى ئېلىپ سەيلىگە چىقىپتۇ. مەھمۇت مەلىكىنى بىرگە ئېلىپ بارمىغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشا:

— ئەي يىگىت، سەنمۇ خوتۇنۇڭنى ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. مەھمۇت مەلىكە قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ماڭار چاغدا مەھمۇت مەلىكىگە:

— ئالمىدىن چىققان ھېلىقى كۆينەكنى كىيىۋېلىڭ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، كۆينەكنى ئۆز قولى بىلەن كىيدۈرۈپ ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشانىڭ قىرىق خوتۇنى مەلىكىنىڭ كۆينىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قاپتۇ. «بۇ چىرايلىق كۆينەكنى پادىشا ئېلىپ بەرگەن بولسا كېرەك. بۇ ئايال بىلەن پادىشانىڭ چوقۇم بىرەر ئىشى بار. بولمىسا، بۇنداق چىرايلىق كۆينەكنى نەدىن تاپالايدۇ»؟ دەپ ئويلاپتۇ. كەچتە ئوردىغا قايتقاندا، خوتۇنلار پادىشانى ئارىغا ئېلىپ «بىزگىمۇ ئاشۇنداق كۆينەكتىن ئېلىپ بېرىسەن!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشا مەھمۇتنى چاقىرىپ:

— ئەي يىگىت، ئايالىڭ كىيگەن كۆينەكتىن ماڭا قىرىقنى كەلتۈر! بولمىسا بېشىڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. مەھمۇت غەم - قايغۇغا پاتقان ھالدا ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ.

— مەن باشتىلا كىيمەي دېسەم، سىز ئۇنىمىدىڭىز، ئەمدى سىز پادىشاغا قىرىق كۆينەك تېپىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇنىڭغا بىر ئامال قىلىپ كۆرمەي... — دەپتۇ ۋە قىرىق كۆينەكنى ئېلىپ كەلگىچە بولىدىغان ئىشلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ تۇرۇپ دەپ بېرىپتۇ:

— ئەي سۆيۈملۈكۈم، بۇ يەردىن ئون تۆت يىل ماڭسىڭىز، بىر چۆلگە بارىسىز. ئۇ يەردە بىر جادىگەر بار. ئۇ «ھەي يولۇچى

مەيەرگە كەل، نان يە، قىيتىق ئىچ» دەيدۇ، سىز «قىيتىق ئىچمەيمەن، سۇ ئىچەي» دىسىڭىز، ئۇ ئۆيىگە ماڭىدۇ. سىزمۇ ئارقىسىدىن مېڭىڭ. ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ئالدىڭىزغا داستىخان سالىدۇ. سىز نان يەپ، سۇ ئىچىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇڭ. جادىگەر ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ بىر يەرنى باسىدۇ. شۇ ھامان يەتمىش ئىككى ياڭزا نەغمە ئاڭلىنىدۇ. جادىگەر پەرىزات تۇسگە كىرىپ ئۇسۇل ئوينايدۇ. سىز يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىڭ. بېشىڭىزنى ھەرگىز كۆتەرمەڭ. بېشىڭىزنى كۆتىرىپ قاراپ قالىدىغان بولسىڭىز، جادىگەرگە تۇتۇلغىنىڭىز شۇ. بۇ ئىش بىرنەچچە رەت داۋاملىشىدۇ. سىز يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىڭ. ئاخىرى جادىگەر «ھەي ئادەم، سەن مېنىڭ سىرىمنى قانداق بىلىپ قالدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. سىز بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، قالغىنىنى جادىگەر ئۆزى قىلىدۇ.

مەھمۇت يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئوردىغا كىرىپ پادىشاغا ئۆزىنىڭ كۆينەكنى يىگىرمە سەككىز يىلدا ئېلىپ كېلىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئوزۇق-تۈلۈك راسلاپ بىرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشا راسخوتلارنى ھەل قىلىپ بېرىپ مەھمۇتنى يولغا ساپتۇ.

پادىشا مەھمۇتنى يولغا سالغاندىن كېيىن ھەر كېچىسى مەلىكىنىڭ ئۆيىگە يارىدىكەن. مەلىكە پادىشانىڭ قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلىرىغا پەرۋا قىلماپتۇ. ئىشىكنى زادىلا ئاچماپتۇ.

مەھمۇت تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، نۇرغۇن جەۋرى-جاپالارنى تارتىپ، ئون تۆت يىل يول يۈرۈپ، بىر دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. بۇيەردە بىر جادىگەر بار ئىكەن. ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ، بىر قاچا قىيتىققا بىر ناننى ئېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئەي يولۇچى، مەيەرگە كېلىپ بىر ئاز تاماق يەۋېلىڭ! — دەپتۇ. مەھمۇت:

— مەن قىيتىق ئىچمەيمەن، سۇ ئىچەي، — دەپتۇ. جا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىگەر سۇ ئالغىلى ئۆيگە ماڭغان ئىكەن، مەھمۇتمۇ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يىگىت سۇ بىلەن ناننى يەپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. جادىگەر بىر يەرنى باسقان ئىكەن، يەتمىش ئىككى خىل دۇزىكا ئاڭلىنىپتۇ ۋە جادىگەر پەرىزاتقا ئايلىنىپ ئۇسۇل ئوينىشقا باشلاپتۇ. مەھمۇت يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. پەرىزات سۇرىتىگە كىرگەن جادىگەر ھەرخىل ياسىنىپ، ئۇدا ئۈچ قېتىم ئۇسۇلغا چۈشۈپتۇ. مەھمۇت بېشىنى كۆتەرمەستىن ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن جادىگەر:

— ئەي ئادەم، سەن دانىشمەن ئىكەنسەن. مېنىڭ سىرىمنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟ كىم ئېيتىپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەھمۇت:

— مەلىكەم دەپ بەرگەن، — دەپ بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جادىگەر:

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ياردەم قىلاي، مەن ساڭا گىلەمدىن بىرنى بېرىمەن. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە نەچچە يىللىق يولنى باسالايدۇ. سەن ئالدى بىلەن سەنۇۋەرخان پادىشانىڭ شەھىرىگە بارىسەن. ئۇ يەردىكى بىر تاختايغا: «كىم سەنۇۋەرخان ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلايمەن دېسە، ئېيتىپ بولۇپ كالليسىنى ئالىمەن!» دىگەن خەت يېزىلغان. سەن ئۇردا ئىشىگى ئالدىغا بېرىپ ياساۋۇللارغا «مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ كەلدىم» دەيسەن. ياساۋۇل سېنىڭ پىكرىڭنى پادىشاغا يەتكۈزسە، ئۇ «كىرسۇن» دەيدۇ. سەن كىرگەندىن كېيىن راۋاقنىڭ ئۈستىگە ھاۋارەڭ گىلەمنى سېلىپ ئولتۇرىسەن. پادىشا ھېكايىنى ئېيتىپ بولۇپ، «جاللات!» دەپ ۋاقىرايدۇ. شۇ چاغدا سەن «ئۇچۇڭ گىلەم!» دىسەڭ، گىلەم سېنى بىردەمنىڭ ئارىلىغىدا سەنۇۋەرخان پادىشانىڭ قىزىنىڭ شەھىرىگە ئاپىرىپ، قىزنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرىدۇ. ئىشىكتە «كىم سەنۇۋەرخان

ھەقىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان بولسا. مەن ئۇنى قوبۇل قىلىمەن» دېگەن خەت يېزىلغان. سەن «ھېكايىنى مەن ئېيتىپ بېرىمەن» دېسەڭ، قىز سېنى قوبۇل قىلىدۇ. كىرىپ قىزنى ئەمرىڭگە ئالسەن. ئۇ سېنى بەزى ناتوغرا يوللارغا باشلايدۇ. شۇ چاغدا سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قارا مۇشۇكنىڭ بويىنىدىكى قىرىق ئاچقۇچنى ئېلىپ قىرىق ئۆينى ئاچ. ھەر ئۆيدە بىردىن ئالما بار. شۇ ئالمىلارنى ئېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كەل! — دەپتۇ.

مەھمۇت جادىگەرنىڭ دېگىنى بويىچە يولغا راۋان بوپتۇ ۋە سەنۇۋەرخان پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ:

— مانا بۇ قەپەزدىكى مېنىڭ خوتۇنۇم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ پادىشا، — بۇرۇن مېنىڭ ئىككى ئىتىم بار ئىدى. بىر كۈنى قارىسام بىرسى يوق. ئات باقاردىن سورىسام «ئايالىڭىز مىنىپ كەتتى، ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى مىنىپ سىرتقا چىقىدۇ. نەگە بارىشىنى بىلەلمىدىم» دەپ جاۋاپ بەردى. بىر كېچىسى ئايالىم بىلەن بىرگە ياتتىم. بىردەمدىن كېيىن قارىسام ئۇ يوق. تالاغا چىقتىم. ئۇ ئاتقا مىنىپ كېتىپ بارىدۇ. مەن ئات بىلەن ئارقىسىدىن قوغلىدىم. ئۇ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى. مەن مارىسام، ئۆڭكۈردە قىرىق قاراقچى بار ئىكەن. ئايالىم ئۆڭكۈرگە كىرىشى بىلەن تەڭ قاراقچىلار ئۇنى «ھەي جالاپ، نېمىشقا بۇرۇنراق كەلمەيسەن؟» دەپ تىللاپ كەتتى. ئايالىم «ئېرىمنى ئۇخلىتىپ قويۇپ كەلدىم» دەپ قاراقچىلارنىڭ قولاقلىرىدىن تۇتۇپ، ھەممىسىنى بىر قېتىمدىن سۆيۈپ چىقتى. شۇ يوسۇندا تۇرسام بىر قاراقچى ئۆڭكۈردىن چىقتى. ئۇنىڭ بېشىنى ئالدىم. ئۆڭكۈردىن بىر - بىرلەپ چىققان قاراقچىلارنىڭ بېشىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، ئوتتۇز توققۇزىنى ئۆلتۈردۈم. ئاخىرقى بىر قاراقچى مېنى تۇيۇپ قالدى. ئىككىمىز قاتتىق ئېلىشتۇق. شۇ چاغدا ئايالىم مېنىڭ ئايىغىمغا تېرىق چېچىۋەتتى. مەن يىقىلدىم. مەن

بىلەن بىللە ئەگىشىپ ئۆڭكۈرگە كىرگەن ئىتىم ھېلىقى قاراقچى-نى چىشلەپ يىقىتتى. ئۇنىڭمۇ بېشىنى ئالدىم. بۇنى كۆرۈپ ئايالىم قاچتى. قوغلاپ بېرىپ تۇتتۇم. ئۆلتۈرەي دېسەم ئىچىم ئاغرىپ قايتۇرۇپ كەلدىم. شۇندىن بېرى ئۇنىڭغا ئىتتىن ئاشقان تاماقلارنى بېرىپ، مۇشۇ قەپەزگە سولاپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ھېكايەم شۇ.

پادىشا ھېكايىنى تۈگىتىپلا جاللاتنى چاقىرىپتۇ. مەھمۇت «ئۇچۇڭ گىلىمىم!» دەپ ئۇچۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە، پادىشا-نىڭ قىزىنىڭ شەھىرىگە بېرىپتۇ. مەھمۇت پادىشانىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپ، قىزىنى ئەمىرىگە ئاپتۇ. قىز ئۇنى ناتوغرا ئىشقا باشلىغان ئىكەن، ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، قارا مۇشۈكنىڭ بوينىدىكى ئاچقۇچلارنى ئاپتۇ. ئۆيلەرنى ئېچىپ، ئالمى-لارنى ئېلىپ، جادىگەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. جادىگەر ھېلىقى ئۇچار گىلەمنى مەھمۇتقا مەڭگۈلۈككە سوغا قىپتۇ. مەھمۇت ئۇچار گىلەم بىلەن ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. قىرىق ئالمىنى يارغان ئىكەن، ئىچىدىن مەلىكىنىڭكىگە ئوخشاش قىرىق كۆينەك چىقىپتۇ. بۇنى پادىشانىڭ قىرىق ئايالى كىيىپ خوشال بولۇپ كېتىشىپتۇ. مەھمۇت بىلەن مەلىكە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ كۆرۈشۈپتۇ. مەلىكە:

— سىز كەتكەندىن كېيىن پادىشا ھەر كۈنى كەچتە ئىشىك ئالدىغا كېلىۋېلىپ مېنى ئۇخلاتمىدى. مەنمۇ ئۇخلىمىدىم، — دەپ يىغلاپتۇ. مەھمۇت ئۇنىڭغا:

— بىز ئەتە سەنۇۋەرخان پادىشانىڭ قىزىنىڭ شەھىرىگە كېتەيلى! — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. مەلىكە ماقۇل بولۇپتۇ. ئەتى-سى ئۇلار پادىشانىڭ قېشىغا كىرىپتۇ:

— ئەي زالىم پادىشا، سەن مەن كەتكەندىن كېيىن نىمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ قاراپ تۇر تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن! — دەپ

پادىشاغا ئېيتىلىپتۇ مەھمۇت. بىراق پادىشانىڭ ياساۋۇللىرى كۆپ بولغاچقا پادىشانى ئۆلتۈرەلمەي قاپتۇ. ئاخىرى ئۇچار گىلەم بىلەن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. مەھمۇت ھېلىقى شەھەرگە بېرىپ پادىشا بوپتۇ ۋە جادىگەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشىپ تۇرۇپتۇ. مەھمۇت پادىشا بولۇپ، ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەسكەر توپلاپ مەلىكىگە يامان نىيەتتە بولغان ھېلىقى پادىشانىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىپتۇ ۋە پادىشانى ئۆلتۈرۈپ، خەلقلەرنى ئازات قىپتۇ. بىر كۈنى مەھمۇت بازاردا كېتىپ بارسا، بېلى مۈكچەيگەن بىر ئادەم كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ ئادەم ئاتىسىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىپتۇ. گەپ سوراپ باقسا، بۇ كىشى ئۇنىڭ ئاتىسى بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار يىغا - زارە قىلىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئوردىغا بىر ئادەم بىر ساندۇقنى كۆتىرىپ كىرىپتۇ. ئۇ كىشى:

— پادىشاھى ئالەم، مەندە شۇنداق بىر ئامانەت بار ئىدى. ئۇزۇن يىل بولدى. ساقلاپ كەلدىم. بۇنى ئەمدى سىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەي، — دەپ ساندۇقنى بېرىپتۇ. پادىشا ساندۇقنى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ قويۇپتۇ. كېچىسى ئاتا - بالا ئىككىسى باشلىرىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلىشىپ ئولتۇرسا ساندۇقتىن «بالام، مەن بۇ يەردە» دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، ئانىسى تۇرغۇدەك. ئۇلار يىغلاپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كۆزلىرىدىن خوشاللىق ياشلىرى ئېقىپتۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىشىپتۇ.

ئاندىن ئۇلار ئەسكەر توپلاپ قەلەندەر پادىشا بولۇۋالغان شەھەرگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز شەھىرىنى ئادىل سوراپ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۇڭشې ياقا دادۇيدىن: قۇربان ئابلا

## دانا، نادان ۋە قاسساپ

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ئۈچ كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى دانا، بىرى نادان، يەنە بىرى قاسساپ ئىكەن. بۇلار گويا بىر تۇققاندەك يېقىن ئىكەن. بۇلار ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا دانا مەرتلىك بىلەن تاماق ئېلىپ مېھمان قىلىدىكەن. قاسساپ بىلەن نادان تۇرمۇشتا ئازىراقلا قىيىنىلىپ قالسا دانا ئۇلارغا ياردەم قىلىدىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. قاسساپ بىلەن نادانىڭ ھال - ئوقىتى ياخشىلىنىپ قاپتۇ. دانانىڭ بولسا كۈن ئۆتكۈزمىگى تەسكە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. دانا بىر كۈنى قاسساپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

— ئاداش، ئازراق گۆش ئۆتنە بېرىپ تۇرساڭ، — دەپتۇ.

قاسساپ:

— يوق! — دەپ قاپىغىنىمۇ ئاچماستىن، ئۇنى يولغا ساپتۇ. دانا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. ئايال قاسساپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

— ئۇستام، ئۇبدانراق گۆشتىن بەرسىلە! — دەپتىكەن. قاسساپ ئالدىدىكى بۇ ساھىپجامال ئايالغا ھېجىيىپ، گۆشنىڭ ئوبدان يېرىدىن بېرىپتۇ ۋە:

— ئېرىڭىز بارمۇ؟ ئۆيىڭىز نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېرىم بار. ئەمما ئالتە ئايچە بولدى، تاغ كەينىگە سودىگەرچىلىك قىلىپ كەتكەن. تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. ئۆيۈم

ئەھەرنىڭ چېتىدە،— دەپتۇ ئايال.

— ئۆيىڭىزنى بىر كۆرۈپ كەلسەمكەن،— دەپتۇ قاسساپ.

— ئىختىيارلىرى،— دەپ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپتۇ ئايال. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاسساپنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ۋە كەچتە ھېچقاچان كىيىپ باقمىغان ئىسىل كىيىملىرىنى كىيىپ، ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. دانا ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۆزى يوشۇرۇنۇپتۇ. ئايال ئىشىكتە چىقىپ قاسساپنى غەمزە - ناز بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن پاراڭلىشىپ چاي - پاي ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. تۇيۇقسىز بىرسى ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئايال چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي ئۆيگە ئالدىراش قايتىپ كىرىپتۇ ۋە قاسساپقا:

— ۋاي، بولمىدى! ئېرىم كېلىپ قالدى. سىلە دەرھال ماۋۇ سېۋەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالسىلا،— دەپ ئۇنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى چوڭ بىر سېۋەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، دەرۋازىنى ئاچقىلى چىقىپ كېتىپتۇ. دانا ئۆيگە كىرىپلا:

— يولدا بەك ھېرىپ كەتتىم خوتۇن، ئوبدانراق بىر تاماق ئەتكىن. ھە، راست، ھېلىقى بىر پاخلان بار ئىدىغۇ. شۇنى سويايلى!— دەپتۇ. ئۇلار پاخلاننى سويۇپتۇ. دانا:

— قوساق، ئۈچەي، قېرىنلىرىنى ئاۋۇ سېۋەتكە تۆكۈۋېتەيلى!— دەپ، سېۋەتكە تاشلاپتۇ. قاسساپنىڭ ئىسىل كىيىملىرى بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. سېسىقچىلىقتا ئۆلگۈدەك بولۇپتۇ. لېكىن قورقۇنچ ئىچىدە چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي جىم ئولتۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، سېۋەتتىكى ئۈچەي - قېرىنلارنى ئازگالغا تۆكۈۋېتەيلى دەپ، سېۋەتنى كۆتەرگەن پېتى «قاچ! قاچ!» دەپ تۇۋلاپ ئاپىرىپ يۇندا ئازگىلىغا تۆكۈۋېتىپتۇ. ئۇستى - بېشى پۈتۈنلەي يۇندىغا بۇلغىنىپ كەتكەن قاسساپ ئازگالدىن مىڭ تەسلىكتە چىقىپ، ئۆلە - تىرىلىشكە قارىماي تىكىۋېتىپتۇ. بۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرىسى

كۆرگەن دانا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەتەي:

— مانا، مانا، قاچ دىسەم يۇندا ئازگىلىدا نىمە بار ساڭا؟— دەپ قويۇپ ئۆيگە كۈلۈپ كىرىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى دانا ئازىراق ئۇن سوراپ نادان-نىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇمۇ قاسساپقا ئوخشاش قاپىغىنىمۇ ئاچماس-تىن «يوق!» دەپ دانانى يولغا ساپتۇ. بۇ قېتىممۇ دانا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئايالىنى ئەۋەتىپتۇ. ئايالنىڭ ھۆسنى - جامالىغا مەپتۇن بولغان نادان قىلغىلى قىلمىق تاپالماي قاپتۇ. ئۇ ئايالغا بىر خالتا ئۇن بېرىپتۇ ۋە:

— ئېرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېرىم بار. ئەمما ئالتە ئاي بولدى. تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن. تېخىچە كەلمەيۋاتىدۇ،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئايال. بۇ گەپنى ئاڭلىغان نادان:

— كەچتە بارسام قانداق؟ — دەپتۇ.

— ئىختىيارلىرى،— دەپتۇ ئايال.

نادان كەچتە ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. دانا ئالدىنقى قېتىمقى-دەك سىرتقا چىقىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئايال نادان بىلەن ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئىشىك چېكىلىپتۇ. ئايال سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي، ھودۇققان ھالدا كىرىپ:

— بولمىدى، ئېرىم كېلىپ قالدى. سىلى دەرھال يوشۇرۇ-نۇۋالسىلا، ھە، توغرا، كەلسىلە، مەن سىلىنى بۆشۈككە بۆلەپ قوياي،— دەپ ئۇنى بۆشۈككە بۆلەپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. دانا ئۆيگە كىرىپ:

— چاي بارمۇ؟ ئۇساپ كەتتىم،— دەپتۇ. چايدىن كېيىن، ئۆينىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە قاراپ كۆزى بۆشۈككە چۈشۈپتۇ:

— بۆشۈكتىكى كىم؟— دەپتۇ دانا.

— سىلى كەتكەندىن كېيىن تۇققان بالام،— دەپ جاۋاپ

بېرىپتۇ ئايال، دانا بۆشۈكتىكى چاپاننى قايرىپ قارىسا، بۆشۈكتە ساقاللىق بىر كىشى ياتقان.

— هوي خوتۇن، بالا بۆشۈكتە تۇرۇپلا ساقال چىقىپتىغۇ؟— دەپتۇ دانا.

— ئاپپاق قوزامنىڭ يۈزلىرىنى پاكىزە يۇيۇپ قويااي. بالام، يىغلىما جۇمۇ!— دەپ، نادانىنىڭ يۈزىدىكى ساقاللىرىنى بىرمۇ - بىردىن يۇلۇشقا باشلاپتۇ ئايال.— بالام، مۇشتەك تۇرۇپ ساڭا ساقال چىققاندىكىن. ئاغرىسا چىدا، جۇمۇ بالام!

ئاغرىق ئازاۋى جېنىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما نادان قورقۇپ غىڭ قىلماپتۇ. دانا بۆشۈكنىڭ ئاخىرىغا قاراپ:

— هوي خوتۇن، بۇ بالىنىڭ پۇتى نىمانداق ئۇزۇن؟ دەرهال هەرە ئېلىپ چىق. ئۆزىدىن بالدۇر ئۆسكەن بۇ پۇتنى ئازراق كېسىپ تاشلايلى!— دەپتۇ. نادان شۇ هامان ئاللا - تۇۋا قىلىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە يۈگۈرگىنىچە قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. دانا ئۇنىڭغا ئاگىلىتىپ تۇرۇپ:

— هەي! خەيرىيەت، ئادەم بولۇپ قايتىپ كېلەرسەن، — دەپ كۈلۈپتۇ.

دانا ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن نادوستلۇقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن. دوستى قىيىن كۈنگە قالغاندا ياردەم قولىنى سۇنمىغان قارا يۈز قاسساپ بىلەن نادانىنىڭ ئەددۈبىنى بېرىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۈگشى ياقا دادۇيىدىن: قارى مەخمۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلمۇلىپ

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشانىڭ سەككىز ئوغلى بولۇپ، كەنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ئىلمۇلىپ ئىكەن. ئۇ زىرەك، چىرايلىق ۋە دانىشمەن بولۇپ، ئۇستا قورئەنداز ئىكەن. ئۇ مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى ۋە مىڭ يىلدىن كېيىنكى ئىشلارنى تولۇق بىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاغا تەۋە بىر شەھەردە ئادەم يەيدىغان بىر ئادەمخور پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ شۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى يەپ تۈگىتىشكە ئازلا قاپتۇ. ئۇ ئاخىرى پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ماڭا يەيدىغانغا ئادەم بەر! — دەپ بېسىم ئىشلىتىپتۇ. بۇ ئادەمخور بىر ۋاقىتلىق ئوزۇقى ئۈچۈن قىرىق ئادەمنى يەيدىكەن. پادىشا ئامالسىز قېلىپ قىرىق ئادەمنى تېپىپ بېرىپتۇ. لېكىن ئادەمخور پادىشا تېپىپ بەرگەن قىرىق ئادەمنى زادىلا ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. ئەجەبلەنگەن پادىشا:

— ئەي ئادەمخور، بۇ ئادەملەرنى نىچۈك ئالمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالمايمەن. ھازىر پەقەت سېنىڭ ئوغلۇڭ ئىلمولىپنى بەرسەڭ ئالىمەن. بولمىسا شەھرىڭدىكى ئادەملىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىمەن! — دەپ جار ساپتۇ ئادەمخور.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشانىڭ بېشى قېتىپتۇ. بېرەي دىسە،

ئوغلىغا چىدىمايدىكەن. بەرمەي دىسە پۇقرالىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيمايدىكەن. پادىشا كۆپ ئويلاپ قايغۇغا چۆكۈپتۇ.

دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقان ئىلمۇلىپ:

— دادا، نېچۈك بۇنچە قايغۇرىسىز؟ سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھ بولغان ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئەھۋالنى ئۇققان ئىلمۇلىپ:

— ئىھ كېرەملىك شاھ ئاتا، مەندىن رازى بولۇڭ! مۇبادا پېشانەم ئوڭ بولسا يەتتە ئاكامنىڭ ئىنتىقامىنى شۇ ئادەمخور ئىبلىستىن ئالغايمەن. ئەگەر ئەجەل يېتىپ، ئۆلۈپ كەتسەم قىيامەت كۈنى مەشەرگاھتا كۆرۈشەرمىز! — دەپتۇ. پادىشا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئىلمۇلىپ:

— ئاتا، ماڭا بىر ئوق - يا بېرىڭ. بارغۇچە زېرىككەن چاغلىرىمدا ئوق - يا ئېتىپ ئويناپ باراي، — دەپ تەلەپ قىپتۇ. پادىشا ئوغلىغا بىر ئوق - يا بېرىپ يولغا ساپتۇ.

ئىلمۇلىپ يول بويى ئوقيا ئېتىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئادەمخور بار شەھەرگە يېقىن بارغاندا، ئوق - يارىنى ئاتقان ئىكەن. يانىڭ ئوقى ئېگىز بىر تاغ باغرىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئىلمۇلىپ ئوقنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بېرىپ قارىسا، ھېلىقى ئوق بىر قۇرۇق كاللىغا قادىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئوقنى ئالماقچى بولۇپ، ئەمدىلا قولىنى ئۇزىتىشىغا، قۇرۇق كاللىدىن زۇۋان كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— جان - جىگىرىم ئوكام ئىلمۇلىپ. مەن سېنىڭ يەتتىنچى ئاكاڭ بولىمەن. ئوكام، مېنىڭ سۆزۈمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. سەن ئادەمخورنىڭ شەھىرىگە يەتتە دەرۋازا ئارقىلىق كىرىسەن. ھەر بىر دەرۋازىدا قوش مۇشتەك قۇلۇپ بولۇپ، ئۇ قۇلۇپلار زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئادەمخور «دەرۋازىنى ئاچ»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ سېنى بۇيرۇيدۇ. شۇ چاغدا سەن ئۇنىڭغا «مەن قۇلۇپ ئېچىشنى بىلمەيمەن. سىز ماڭا ئۆگىتىڭ» دەپ تۇرۇۋالغىن. ئۇ سېنى تىللايدۇ. قاغايدۇ. لېكىن سەن ھەرگىز قۇلۇپنى ئاچما. ئۇ ئاخىرى ئۆزى ئېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئالدىڭغا داستىخان سېلىپ ئىككى پەتنۇستا نان كەلتۈ-رىدۇ. ئىككى چەينەكتە چاي قويىدۇ. چەينەكنىڭ بىرسى كۆك، بىرى ئاق. سېنىڭ ئالدىڭغا ئاق چەينەكتە قويىدۇ. بۇنىڭدا زەھەر بار. سەن ئادەمخورنى گەپكە مەلىكە قىلىپ تۇرۇپ، كۆك چەينەكنى ئالدىڭغا قويۇۋالغىن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەمخور ساز-چىلارنى ئېلىپ كىرىپ ساز چالدۇرىدۇ ۋە سېنى ئۇسۇل ئويناشقا مەجبۇرلايدۇ. سەن ھەرگىز ئوينىما، «مەن ئۇسۇل ئويناپ باقمى-غان، بىلمەيمەن. سىز ماڭا ئۆگىتىپ قويۇڭ» دەپ تۇرۇۋال. بۇ ئادەمخورنىڭ قولتۇغىدا بىر ئالتۇن قەپەز بار. شۇ ئالتۇن قەپەزدە بىر كۆك كەپتەر بار. ئادەمخورنىڭ جېنى ئەنە شۇ كۆك كەپتەر-دە. سەن ئالتۇن قەپەزدىن كۆك كەپتەرنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ، بوينىنى ئۈزۈپ تاشلا. ئادەمخور سېنى «ئوچاققا ئوت قالا» دەپ بۇيرۇيدۇ. سەن ئوت قالاشنى سىز ئۆگىتىپ قويۇڭ. مەن شاھزادە بولغاچقا ئوت قالاپ باقمىغان» دېگىن. ئۇ ئوتنى ئۆزى قالاپ، ساڭا «قازانغا ياغ قوي» دەيدۇ. سەن يەنىلا ئۇنىما. ئۇ قازان قىزىغاندا ياغ قويىدۇ. ياغ قىزىغاندا ئوچاق بېشىدىكى ئىككى زىخنى ئېلىپ، ئادەمخورنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كۆچەپ تىق. ئاندىن ياققا تاشلا. شۇنداق قىلساڭ ئادەمخور ئۆلىدۇ. شۇ چاغدا ئوغلاقتەك بىر قارا مۈشۈك ئېشىكتىن مياڭ-لاپ كىرىدۇ. بۇ مۈشۈكنىڭ بوينىدا قىرىق بىر تال ئاچقۇچ بار. سەن مۈشۈكنى ئۆلتۈر. ئۇنىڭ بوينىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئۆيلەرنى ئېچىپ، سولانغان ئادەملەرنى ئازات قىل. خەير ئۇكام قىيامەت كۈنى كۆرۈشەرمىز ...

ئىلمۇلىپ كاللىدىن ئوقنى يۇلۇپ ئېلىۋېلىپ يولىغا راۋان
بوپتۇ. كۆپ يول يۈرۈپ، ئاخىرى ئادەمخورنىڭ شەھىرىگە يېتىپ
كەپتۇ. ھەممە ئىشنى ئاكىسى دىگەندەك ئورۇنلاپتۇ. ھەممە ئۆيدى-
كى ئادەملەرنى ئازات قىپتۇ. بۇلار بىرنەچچە مىڭ ئادەم ئىكەن.
ئۇ قىرىق بىرىنچى ئۆينى ئاچقان ئىكەن، بىر چار باغ كۆرۈنۈپتۇ.
باققا كىرىپ قارىسا، ھەر خىل مىۋىلەر راسا پىشىپ مەي باغلاپ
كەتكەن. ئەتراپتا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن. بۇل-
بۇللار چاڭىلداپ سايراۋاتقان، ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار شىلدىر-
لاپ ئېقىپ تۇرغان ئىكەن. باغ ئىچىدە ئىككى بۇلاق بولۇپ،
بىرى ئالتۇن بۇلاق، بىرى كۈمۈش بۇلاق ئىكەن. ئىلمۇلىپ
ئالتۇن بۇلاقتا بېشىنى يۇغان ئىكەن، بېشىدىكى چاچلىرى ئالتۇن
بولۇپ قاپتۇ. ئۇ باغدىن چىقىپ ھېلىقى ئادەملەرنى باققا تەكلىپ
قىپتۇ. ئۇلار باققا كىرىپ، خۇرام - خۇشال ئويناشقا باشلاپتۇ.
ئىلمۇلىپ قارىسا كىشىلەر ئارىسىدا بىر كەيمە تاز تۇرىدەك.
ئىلمۇلىپ ئۇنى دەرھال كۈمۈش بۇلاققا ئاپىرىپ يۇيۇپتۇ. ھېلىقى
تازچاق كۈمۈش باشلىق بىر ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئىلمۇلىپ بۇ
شەھەرگە پادىشا بولۇپتۇ. ھېلىقى تازچاق ئۇنىڭ ۋەزىرى بوپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. ئىلمۇلىپ قۇرئى سېلىپ
كۆرسە، مۇشۇ شەھەردىن ئۈچ ئايلىق يىراق جايدا بىر شەھەر
بار ئىكەن. بۇ شەھەردىكى پادىشانىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، بالاغەت-
كە يېتىپ قالغان ئىكەن. كىچىك قىزى ئىلمۇلىپقا ئاشىق ئىكەن.
ئىلمۇلىپ كۆڭلىدە «مېنىڭمۇ مەشۇغۇم بار ئىكەن. بىر دىدار
كۆرۈشەي» دەپ ئويلاپ، تازچاقنى ئۆز ئورنىغا ۋاقىتلىق پادىشا
قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بۇرۇنقى جۇل - جۇل كىيىملىرىنى
كىيىپ، قىزنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بولدا قوغۇن
بېقىپ ئولتۇرغان بوۋايغا ئۇچراپتۇ. ئۇ ساتمىغا بېرىپ بوۋايغا
تازىم قىپتۇ. بوۋاي سالامنى قايتۇرغاندىن كېيىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئوغلۇم نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئاتا - ئانام يوق، تېنەپ - تەمتىرەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ ئالمۇلىپ.

— مېنىڭ بالام يوق. ماڭا بالا بولغىن. بۇ — پادىشانىڭ قوغۇنلۇغى. خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز باقىمىز. پادىشانىڭ ئۈچ قىزى ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىپ بۇ يەردە ئويناپ كېتىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي. ئالمۇلىپ بوۋايغا بالا بولۇپ قېلىشقا رازى بوپتۇ. ئەتىسى پادىشانىڭ ئۈچ قىزى ساتمىغا كەلسە. اتمىدا بىر جۇل - جۇل كىيەن تۇرغۇدەك.

— چوڭ دادا، بۇ قەلەندەرنى نەدىن تېپىۋالدىڭىز؟ — دەپ چوڭ قىز بىلەن ئوتتۇرانچى قىز ئالمۇلىپنى مەسخىرە قىلىشىپتۇ. كىچىك قىز بولسا گويا ھېچنىمە كۆرمىگەندەك، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئالمۇلىپ بوۋايدىن:

— دادا، بۇ يەردە سۇ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— بالام ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغ ئۈستىدىكى راۋاقنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەنە شۇ راۋاقنىڭ يېنىدا بىر بۇلاق بار، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئالمۇلىپ بوۋاينىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، ھېلىقى راۋاق يېنىدىكى بۇلاقتا يۇيۇنۇش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئۇ بۇلاق بېشىغا كېلىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ بېشىدىكى تۇماقنى ئېلىۋېتىپتۇ. مانا شۇ پەيتتە پادىشانىڭ كىچىك قىزى يىراقتىن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىكەن. يىگىتنىڭ جامالىنى كۆرگەن قىز ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئالمۇلىپ ئاللاقاچان كېتىپ قالغان. ئەتىسى قىزلار قوغۇنلۇققا كېلىشىپتۇ. ئۇلار ھەر قېتىم كەلگەندە بوۋاي ئۇلارغا قوغۇن ئۈزۈپ بېرىدىكەن. بىر كۈنى كىچىك قىز بوۋايغا:

— بوۋا، كەچۈرۈڭ! سىز دائىم بىزگە قوغۇننىڭ ناھايىتى تاتلىق پىشقانلىرىنى بېرەتتىڭىز. بىراق، يېقىندىن بېرى بۇ قوغۇنلار ئاغزىمىزغا تېتىماس بولۇپ قالدى. شۇڭا ماڭ ئاۋۇ ئوغلىڭىز قوغۇن ئۈزۈپ بەرسۇن! — دەپتۇ. بوۋاي ماقۇل بوپتۇ. ئىلمۇلىپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىز بىلەن دېيىشىدىغان گەپلىرىنى دېيىشىۋاپتۇ. لېكىن، كىچىك قىزنى ئاچىلىرى مازاق قىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلىرىغا لايىق تاللاش توغرىلىق مەسلىھەت بېرىپتۇ. قىزلار رەسىدە بولۇپ قالغاچقا بۇ ئىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە مايدەك يېقىپتۇ. قىزلار «بىز ئۆزىمىز خالىغان يىگىتكە ئالما تاشلايلى. جىمىكى ئەرلەر ئوردا ئالدىدىن ئۆتسۇن» دېيىشىپتۇ. پادىشا قىزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئەمر قىپتۇ. جارچىلار بۇ ئىشنى پۈتۈن شەھەردىكى خالايىققا جاكالاپتۇ. بەلگىلەنگەن كۈنى ھەممە ئەركەك ئۆزلىرىنىڭ يارىشىملىق، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئوردا ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. قىزلار قوللىرىدا ئالما ئېلىپ راۋاقتا ئولتۇرۇشۇپتۇ. پادىشانىڭ چوڭ قىزى ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئوغلىغا، ئوتتۇرانچى قىزى سول قول ۋەزىرىنىڭ ئوغلىغا ئالما تاشلاپتۇ. كىچىك قىز ئالمىنى تۇتقان پېتى ئۆتۈۋاتقان توپ ئارىسىغا قاراپ تۇرۇۋېرىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئالمىنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتقان ئىكەن، ئالما ئىلمۇلىپنىڭ قوينىغا چۈشۈپتۇ. ئاچىلىرى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. پادىشامۇ غەزەپكە كېلىپ ھومىيىپتۇ. لېكىن كىچىك قىز مەنىلىك كۈلۈمسىرەپتۇ. پادىشا ۋەدىسىنى بۇزالماي، نائىلاج قىرىق كېچە كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن چوڭ قىزى بىلەن ئوتتۇرانچى قىزىغا تەختنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن، كىچىك قىزىغا بولسا، ئاتخانىدىن ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ، ئىلمۇلىپ بىلەن قىز شۇنداق

ئىناق ئۆتۈپتۇكى، بىر - بىرىنى بىردەم كۆرمىسە، زادىلا چىدىشال-
مايدىكەن. بۇ قىزنى ئاچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرى قاتتىق
مەسخىرە قىلىدىكەن. ئارىدىن بىرقانچە يىللار شۇ تەرىزدە ئۆتۈپ
كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشا ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ، كۈيوغۇللىرى-
نىمۇ بىرگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار بىر جاڭگالغا كەلگەندە،
ئايرىم - ئايرىم هالدا ئوۋ ئوۋلىماقچى بولۇپ، هەر تەرەپكە
بۆلۈنۈپ مېڭىپتۇ. ئىلمۇلىپ ئىككى كىيىكنى ئوۋلاپ ئۆيگە قايتىپ
كېلىپ، گۆشلىرىنى پىشۇرۇپ تەييار قىلىپ قويۇپتۇ. كەچ بولغان-
دا پادىشا بىلەن ئىككى كۈيوغۇل قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ.
چوڭ قىزنىڭ ئېرى ئىلمۇلىپتىن ئوۋلىغان نەرسىدىن بىر ئاز
بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئىلمۇلىپ:

— ئۇنداق بولسا مەن تاماكا چېكىپ، تاماكا ئوتىدا بىر
يېرىڭگە بەلگە سالىمەن. مۇشۇ شەرتكە كۆنسەڭ، ئاندىن گۆش
بېرىمەن، — دەپتۇ. ئۇ ماقۇل بوپتۇ. ئىلمۇلىپ تاماكا ئوتىنى
ئۇنىڭ ساغرىسىغا يېقىپتۇ. ئىلمۇلىپ زاسۇيىنى قازانغا سېلىپ
ئايالى بىلەن ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، پادىشا
بىلەن ۋەزىرلەر مېهمان بولۇپ يۈرگۈدەك. ئىلمۇلىپ ئۇلارغا
قوشۇلۇپ، چوڭ قىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇلار پىشۇرۇلغان گۆش-
نى يىمەكچى بولۇپ ئاغزىغا سالغان ئىكەن، گۆش زەهەردەك
ئاچچىق ئىكەن. پادىشا گۆشنى يېيەلمەي ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ.
ئىلمۇلىپ ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشا نائىلاج ئۇنىڭ
ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئىلمۇلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا زاسۇيىنى ئەكەپتۇ.
زاسۇيىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ
ئازراق يەپ باقماقچى بولۇپ، ئاغزىغا بىر پارچە سالغان ئىكەن،
زاسۇي شۇنداق مەزىلىك، تەملىك تېتىپ كېتىپتۇ. شاھ بىلەن
ۋەزىرلەر بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ، هەش - پەش دېگۈچە
بىر لىگەن زاسۇيىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

ئۇلار ئەتىسى يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئىلمۇلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۇ بىر خورازنى قوش ئورنىدا قولىغا قوندۇرۇۋالغان ئىكەن. جاڭگالغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئايرىم - ئايرىم يولغا مېڭىپتۇ. ئىلمۇلىپ بىر ئورمانلىققا كىرىپ ئىككى كىيىكنى ئوۋلاپ قايتىپتۇ. ئۇ خېلى كۆپ يول ماڭغاندىن كېيىن كىيىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى بىر يانغا، سۆڭگىكىنى بىر يانغا دۆۋىلەپ تۇرۇشىغا، ئوتتۇرانچى قىزنىڭ ئېرى كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىرنەرسە ئوۋلىيالمىغانلىقىدىن زارلىنىپ، ئىلمۇلىپنىڭ يېنىدا دۆۋىلەگەنلىك تۇرغان گۆشكە تەلمۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىرئاز بېرىشىنى سوراپتۇ. ئىلمۇلىپ چوڭ كۆيىوغۇلغا قويغاندەك شەرت قويۇپتۇ. ئۇ ماقۇل دەپتۇ. ئىلمۇلىپ تاماكا ئوتىنى ئۇنىڭ ساغرىسىغا بېسىپ تازا كۆيدۈرۈپ بەلگە سالغاندىن كېيىن:

— قايسىنى ئالىسەن؟ — دەپ گۆش بىلەن زاسۇينى كۆرسىتىپتۇ. ئۇ زاسۇينى ئاپتۇ. ئىلمۇلىپ ئىچىدە «ئالغان نەرسەڭنىڭ تېشى ھەسەل، ئىچى زەھەر بولسۇن!» دەپ دۇئا قىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئوتتۇرانچى كۆيىوغۇل پادىشا ۋە ۋەزىرلەرنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئىلمۇلىپمۇ بۇلار ئارىسىدا بار ئىكەن. پادىشا زاسۇينى يىمەكچى بولۇپ بىر لوقما ئاغزىغا سالغان ئىكەن، زەھەردەك ئاچچىق تېتىپ يىيەلمەي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئىلمۇلىپ ئۇلارنى ئۆيگە چاقىرىپ، ئالدىغا گۆش قويۇپ بەرگەن ئىكەن، گۆش شۇنداق تاتلىق، مەززىلىك پىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ، زور ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلمۇلىپ ئايالىغا:

— سىز شاھ ئاتىڭىزغا ئېيتىڭىز بىزنىڭ شەھەرگە بىر بېرىپ كەلسەك، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەلىكە دادىسىغا ئېيتىپتۇ. شاھ قوشۇلۇپتۇ. ئىلمۇلىپ مەلىكە بىلەن ئۆز شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن، مەلىكە بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپتۇ. يولنى مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن خوشال - خۇرام كۆرۈشۈپتۇ. بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاتا - ئانىسىغا بىر بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. دادىسى ئۇنىڭدىن تولىمۇ خوشال ۋە رازى بوپتۇ. پادىشا ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ تويىنى ئۆز قولى بىلەن قايتا بىر قېتىم ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. ئىلمۇلىپ تويىنى ھېلىقى ئادەمخورنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىپتۇ. شاھ ماقۇل بوپتۇ. ئىلمۇلىپ مەلىكىنىڭ ئاتىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇلارنى توي مۇراسىمىغا تەكلىپ قىپتۇ ۋە خەتكە «مېنىڭ ئىككى قولۇم بىلەن ئىككى دىددىگىمنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. مەلىكىنىڭ دادىسى ھەيران بوپتۇ. ئاخىرى ئۇ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار ئىلمۇلىپ تۇرغان شەھەرگە كەلگەندە، ھەيۋەتلىك توي مۇراسىمى باشلىنىپتۇ. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىلمۇلىپ:

— ئىككى قولۇم بىلەن دىددىگىمنى بۇ يەردە ئېلىپ قالىمەن، — دەپ، پادىشانىڭ ئىككى قىزى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئېلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا ھەيران بولۇپ:

— بۇلار قانداقچە سىزنىڭ قولىڭىز بولىسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىلمۇلىپ ئۇلارنىڭ ساغرىسىدىكى تامغا ئىزىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشا بۇنى كۆرۈپ لام - جىم دېمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئىككى قىزى بىلەن كۈيئوغۇللىرىنى قالدۇرۇپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

شۇندىن كېيىن، ئىلمۇلىپ ئىككى كۈيئوغۇلنى ھەر كۈنى

ئۇتۇن يارغۇزۇپ، ئېغىر پاسكىنا ئىشلارغا ساپتۇ. ئىككى قىزنى بولسا ئۆي خىزمەتچىسى قىلىپ بەلگىلەپتۇ. ئەلنى ئادالىق بىلەن باشقۇرۇپ، خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ماخمۇت قارى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سادات ۋە ئادات

بۇرۇنقى زاماندا خوجا جىمك ـ جىمك دىگەن بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پۇللىرى، مال ـ دۇنيالىرى ناھايىتى كۆپ، ئەل ئىچىدە ئىززەت ـ ئابرۇيلۇق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تاپقان پۇللىرى بىلەن ھەجگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كېلىش ئۈچۈن جابدۇق قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ باينىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى سادات، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى ئادات ئىكەن.

ئۇ ئوغۇللار بىر كۈنى ئانىسىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ ـ دە، ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ باشقا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كەچ بولغاندا بىر ئورمانلىققا كېلىپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۇخلىشىپتۇ. چۈشىدە قېشىغا بىر قېرى ئادەم كېلىپ «باللىرىم سىلەر ياتقان ئورمانلىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بۇلاق بار. بۇ بۇلاقتىن ھەپتىنىڭ ھەر ئازنە كۈنى بىر جۈپ ئەڭگۈشتەر چىقىدۇ. سىلەر بۇ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىڭلار. نىمە ئارزۇيۇڭلار بولسا ئەڭگۈشتەر ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ... دەپتۇ.»

بالىلار ئويغانسا ھېلى كۆرگەنلىرى چۈش ئىكەن. لېكىن ئۇلار تەلەي سىناپ بۇلاق بېشىغا بېرىپتۇ. راست دىگەندەك ئازنە كۈنلۈگىدە ئىككى ئەڭگۈشتەر چىقىپتۇ. ئوغۇللار ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا شەھەرنىڭ ھەممە ئادەملىرى ھېيتلىق

كىيىملىرىنى كىيىشىپ پادىشا ئوردىسىغا قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن سادات بىلەن ئاداتمۇ پادىشا ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ئۇلار كىشىلەردىن سورىسا، ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن: بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇز ياشلىق ئايال پادىشاسى ياتلىق بولۇش ئۈچۈن مۇنداق بىر شەرت قويغان ئىكەن. يەنى پادىشانىڭ قىرىق مېتىرلىق راۋىقى بولۇپ، قىرىق بالداقلىق شوتىسى باركەن. ئەگەر كىم ئايال پادىشانى ئالماقچى بولسا شۇ قىرىق بالداقلىق شوتىدىن بىر يۈگۈرگىنىچە راۋاق ئۈستىگە چىقىشى كېرەك ئىكەن. ھەر بىر بالداقتا بىردىن جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرىدىكەن. ئەگەر كىمدە - كىم شوتىدا يۈگۈرۈپ چىقىۋېتىپ قايسى بالداقتا تۇرۇپ قالسا. ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى شۇ بالداقتا تۇرغان جاللات شۇ يەردىلا كېسىپ تاشلايدىكەن. نى - نى يىگىتلەر تەلەي سىناپتۇ. لېكىن ھېچقانداق يىگىت راۋاققا چىقالماپتۇ. ئۇلارنىڭ بېشى شوتا ئاستىغا دۆۋىلىنىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سادات ئەڭگۈشتەرگە ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ - دە، بىر يۈگۈرۈپلا راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. پادىشا ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ شۇ كۈنىلا توي ئۆتكۈزۈپ ساداتنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپتۇ. كېچىسى:

— ھېچكىم چىقالمىغان بۇ راۋاققا قانداق چىقالىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ، كۆڭلى يۇمشاق سادات ئۆزىدە خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. تۈن تەڭدىن ئاشقاندا پادىشا ساداتنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى ئېلىۋېلىپ ئۆزىنى راۋاقتىن تاشلىۋېتىپتۇ. سادات ئويغىنىپ قارىسا راۋاقنىڭ ئاستىدىكى قاتتىق يەردە ياتقۇدەك. ئەھۋالنى چۈشەنگەن سادات ئايالغا ئالدىنىپ قالغانلىقىغا ھەسرەت چېكىپ بىر چۆل دەشتكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ چۆلدە كېتىۋاتسا بىر چىنارنىڭ ئاستىدا ئۈچ ئاكا -

ئۇكا ئاتىسىدىن قالغان مىراسنى بۆلۈشۈش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇشۇپ تۇرغان ئىكەن. سادات بۇلارنىڭ پارىڭىنى بىر هازا ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلاردىن ئاتىسىدىن مىراس قالغان نەرسىلەرنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى سوراپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى:

— ئاتىمىزدىن بىر دانە داستىخان، بىر دانە گىلەم ۋە بىر دانە قالپاق قالغان ئىدى. ئەنە شۇلارنى بۆلۈشەلمەي تۇرىمىز، — دەپتۇ.

— ئۇ نەرسىلەرنىڭ قانداق خىسلىتى بار؟ — دەپتۇ سادات.

— داستىخاننىڭ خاسىيىتى شۇكى، — دەپتۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭى، — «ئېچىلىڭ» دىگەن هامان ئېچىلىپ يەتمىش ئىككى ياڭزا تاماق تەييار بولىدۇ. گىلەم ئۇچالايدۇ. قالپاقنى كىيگەن كىشى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن هەرقانداق مەخپى ئورۇنلارغا بىمالال كىرىپ چىقالايدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سادات كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپتۇ-دە، ئۇلارغا شۇنداق مەسلىهەت بېرىپتۇ:

— داستىخان بىرىنچى، گىلەم ئىككىنچى، قالپاق ئۈچىنچى بولسۇن. سىلەر ئاۋۇ كۆرۈنگەن چىناردىن بىر تالدىن ياپراق ئېلىپ كېلىڭلار. ئاۋال كەلگىنىڭلار داستىخاننى ئالىسىلەر. ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىڭلار گىلەمنى ئالىسىلەر. ئۈچىنچى قېتىم كەلگىنىڭلار قالپاقنى ئالىسىلەر. ئۈچ مىراسخور هېلىقى چىنارغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. سادات ئۇلار ياپراق ئېلىپ كەلگىچە قالپاق، داستىخاننى ئېلىپ، گىلەمگە چۈشۈپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچقانچە بېرىپ ئۇدۇل ئۆزىنى راۋاقتىن چۈشۈرۈۋەتكەن ئايالىنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ. شۇ كېچىسى ئايالى ساداتتىن يەنە راۋاقتا قانداق چىققانلىغىنى سوراپتۇ. سادات يەنىلا نادانلىق قىلىپ كۆرگەنلىرىنىڭ هەممىسىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۈن تەڭ بولغاندا ئايال

ئېرىنىڭ ھېلىقى نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىپ راۋاقتىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. سادات ئاللا دەپتۇ، كاللا دەپتۇ، نالە - پەرياد قىپتۇ. ئاخىرى چارە قىلالماي يەنە چۆلگە قاراپ مېڭىپتۇ. كېتىۋاتسا بىر دۆڭنىڭ كەينىدە ئىككى تورغاي سۆزلىشىپ تۇرغۇدەك. سادات ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرغايلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپتۇ.

— مېنىڭ ئىككى ئالمام بار. يەپ كېتەي دېسەم خىسلىتى ئاجايىپ. ئالمىلارنىڭ بىرسى قىزىل، بىرسى كۆك. قىزىلى قېرى ئادەمنى ياشارتىدۇ. ياش ئادەمنى قېرىتىدۇ. ئەرنى ئايال، ئايالنى ئەر قىلالايدۇ. كۆك ئالما بولسا، ئادەمنى ھايۋان، ھايۋاننى ئادەم قىلىپ قويىدۇ. شۇ كارامەتلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالمىنى ئادەمنىڭ بۇرنىغا پۇرىتىش لازىم. — دەپتۇ تورغايلارنىڭ بىرى.

يەنە بىر تورغاي:

— مېنىڭ ئىككى يامبام بار. خەجلەپ كېتەي دېسەم باللىرىم چوڭ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سادات بىر چالما ئېلىپ تورغايلارغا ئاتقان ئىكەن، تورغايلار ئالمىلار بىلەن يامبۇلىرىنى ئالالماي ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سادات كۆك ئالمىنى بىر پۇراپتىكەن شۇ ھامان ئاق قۇشقاچقا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇچقان پېتى ھېلىقى ۋاپاسىز ئايالنىڭ ھېچكىم كىرەلمەيدىغان چار بېغىغا چۈشۈپتۇ. بۇ باغنى سەكسەن ياشلاردىكى بىر بوۋاي باقىدىكەن. سادات باققا چۈشۈپلا شۇ بوۋايغا ئۇچراپتۇ. ئۇ بوۋايغا قىزىل ئالمىنى پۇراتقان ئىكەن، بوۋاي ئون سەككىز ياشلىق يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. بوۋاي خوشاللىغىدىن پادىشاغا باغدا كۆرگەنلىرىنى خەۋەر قىلىپتۇ.

— ھەي بوۋاي، ئادەم ياشارتالايدىغان شۇ يىگىتنى باشلاپ چىق، — دەپتۇ پادىشا. بوۋاي باققا كىرىپ:

— سىلىنى ئايال پادىشا چاقىرىدۇ، — دەپتۇ ساداتقا.

— مېنىڭ ئۇ يەرگە چىققىلى ۋاقتىم يوق. پادىشانىڭ ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاجىتى چۈشكەن بولسا ئالدىمغا ئۆزى چىقسۇن، — دەپتۇ سادات. ئايال پادىشا باققا چىقىپتۇ. لېكىن ئېرىنى تونۇيالماپتۇ.

— ئادەم ياشارتىدىغان يىگىت سىلىمۇ؟ — دەپتۇ ئايال پادىشا.

— ھەئە! — دەپتۇ سادات پادىشانى مەنسىتمەي.

— مەن ھازىر ئوتتۇز ياشقا كىردىم. مېنى ئون سەككىز ياشقا قايتۇرۇپ قويۇڭ، — دەپتۇ ئايال پادىشا ساداتقا.

— بولىدۇ، — دەپتۇ سادات ئايال پادىشاغا. ئۇ يېنىدىن كۆك ئالمىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ بۇرنىغا پۇراپقان ئىكەن ۋاپاسىز ئايال شۇئان بىر قارا تەخەيگە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ باغۋەن بوۋاي ھەيران قاپتۇ. سادات ئېشەكنى ئاغامچىدا باغلاپ باغدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئوردا ئەھلى ئايال پادىشانى ئىزلەپتۇ. ئەمما باغۋەن سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماپتۇ.

سادات ئەتىسىدىن باشلاپ ھېلىقى ئېشەككە ئايلانغان ئايال پادىشاغا مۆلمۇ توقماي ئوتۇن ئارتىپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىشقا باشلاپتۇ. ئېشەكنىڭ بويىنىدىن قويرۇغىچە يېغىر بولۇپ كېتىپتۇ.

سادات بىر كۈنى بۇ ئېشەكنى يېتىلەپ بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ - دە، ئېشەكنى ھويلىدىكى بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. بىر چاغدا ئاغىنىسىنىڭ ئوغلى:

— ھوي ئاكا، ئېشەكلىرى قېچىپ كەتتى، — دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. سادات شۇئان ئېشەكنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئېشەكنى قوغلاپ بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. سادات ئېشەك قوغلاپ بارغان بۇ شەھەر ئۇنىڭ ئاكىسى ئادات پادىشا بولغان شەھەر ئىكەن. ئادات سارايىنىڭ ئالدىدىكى يول بويىغا بىر خادا بېكىتىپ خادىغا بىر سىم ئۇلاپتۇ. شەھەردىكى دەردى - ئەرزى بار كىشىلەر سىمنى تارتقان ھامان سارايدىكى قوڭغۇراق جىرىڭشىيدىكەن - دە،

پادىشا ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ دەردىنى تىڭشايدىكەن. ھېلىقى قېچىپ كەتكەن ئىشەكمۇ بۇ خادىغا كېلىپ سۈركىلىپتىكەن سارايدىكى قوڭغۇراق جىرىڭشىپ كېتىپتۇ. ۋەزىرلەر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا بىر ئىشەك تۇرغۇدەك. بۇ ئەھۋالنى پادىشاغا خەۋەر قىلىپتىكەن، ئادات:

— ئادىللىقىمدىن ئىشەكمۇ ھال ئېيتىپ كەپتۇ، ئىشەكنى ئەكىرىڭلار، ئەكىرىپ قوناق تۆكۈپ بېرىڭلار. ھەر ھالدا ئاچ قالغان ئىشەك بولسا كېرەك، — دەپتۇ.

ئىشەك ئېلىپ كىرىلگەن ھامان سادات ئىشەكنى تونۇۋاپتۇ. ئادات ئاكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ئاۋارە ئىشەكنى شۇنچە ئۇزاقتىن ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى سوراپتىكەن سادات ھەممە ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

سادات بىلەن ئادات ئاتىسىنى سېغىنىپتۇ ۋە ئۇلارنى يوقلاپ بارماقچى بولۇپتۇ. ئىشەكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. پادىشا ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ساداتقا مىڭ تۆۋە قىلىپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۇلار ئەر - خوتۇن تۆت كىشى بولۇپ گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئاتا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر كۈنلۈك يول قالغاندا خوتۇن - بالىلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرى بېرىپتۇ. سەيناغا كىرسە ئۆيلەر بۇرۇنقىدەك ئەمەس. ئۆي ئىچىگە كىرىپتىكەن، ئاتىسى ئۆز باللىرىنى تونۇيالماي:

— سىلەرنى قوندۇرالمايمەن، — دەپتۇ.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قەۋرە بولۇپ، ئاتا شۇ ئىككى قەۋرىنىڭ ئارىسىدا ياتىدىكەن. ئاكا - ئۇكا:

— بۇ نېمە قەۋرىلەر؟ — دەپ سوراپتىكەن ئاتىسى:

— بىزنىڭ ئىككى ئوغلىمىز بار ئىدى. مەن ھەجگە بېرىپ كەلگۈچە ئىككى ئوغلۇم ئاغرىپ قېلىپ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مانا بۇ قەۋرىلەر شۇ ئوغۇللىرىمنىڭ قەۋرىسى، — دەپتۇ.

ئىككى ئوغۇل قەۋرىلەنى دەرھال بۇزۇپ تاشلاپتۇ. ئاندىن ئۇلار ئاتىسىغا ئۆزلىرىنى تونۇتۇپتىكەن، ئوغۇللىرىنى سېغىنغان بوۋاي يىغا - زارە قىلىپتۇ. ئوغۇللار ئاتىسىغا يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. ئۆيلىرىنى چىرايلىق ياساپ قويۇپ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۆز شەھەرلىرىگە قايتىپتۇ. سادات ئايالى پادىشا بولغان شەھەرگە پادىشا بوپتۇ. ئادات يەنىلا ئۆز پادىشالىقىدا ئولتۇرۇپتۇ ۋە خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۇڭشى ياقا داد ۋيدىن؛ نىياز ئابدۇللا

## ئەقىللىق دىۋانە

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشانىڭ شەھىرىدە بىر دىۋانە بولۇپ، ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن، ئۇنىڭ ئەقىللىقلىغى كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاغا ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشا بۇ دىۋانە بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتىدە يۈرۈپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەقىللىق دىۋانە «ھەق شەيدۇللا» دەپ پادىشانىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قاپتۇ. پادىشا بۇ دىۋانىنىڭ كەلگەنلىگىدىن خۇرسەن بولۇپتۇ. ئۇنىڭ دانىشمەنلىگىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىدىدە ئۇنىڭغا قاراپ يۈزىنى تۇتۇپتۇ. دىۋانە گېلىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشا ئىككىنچى قېتىم بېشىنى كۆرسەتكەن ئىكەن، دىۋانە ئۇنىڭغا ئېغىزىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئىشارىلەرگە قايىل بولغان پادىشا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ خىزمەتچىلىرىگە بىر پەتنۇس ئالتۇن ئەكەلگۈزۈپ ئۆز قولى بىلەن دىۋانىغا بېرىپتۇ.

ئەتراپتا تۇرغان ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ غودۇڭشىپ:

— ھەر كۈنى پادىشانىڭ ئالدىغا كىرگىنىمىزدە سالىمىمىزنى ئىلىك ئالمايدۇ، ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويمايدۇ. بىز دىگەن ۋەزىر ئەمەسمۇ، ئەجىبا، بۈگۈن نەدىكى بىر دىۋانىغا ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ باقماستىن، بىكاردىن - بىكار بىر پەتنۇس ئالتۇننى بېرىۋەتتى. بىز شۇنچىۋالا ئىشلىدۇق. ئالتۇن تۈگۈل ياخشىراق گەپكىمۇ ئېرىشەلمىگەن ئىدۇق، — دېيىشىپتۇ.

بۇ شىكايەتلەر پادىشانىڭ قولىغىغا يېتىپ قاپتۇ - دە، ئاچچىغىدا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەرقايسىڭ مېنىڭ ۋەزىرلىرىم. ئالدىڭغا نوتتۇز يىل، كەينىڭگە توققۇز يىل بولدى. بىراق ھەرقايسىڭدىن ئاشۇ دىۋانىچىلىك بىرەر پەزىلەت كۆرمىدۇم. بىلىشەمسەن، مەن ئۇنىڭغا «يۈز نىمىدىن كېتىدۇ؟» دەپ ئىشارە قىلسام، ئۇمۇ ئىشارە بىلەن «گالدىن» دەپ جاۋاپ بەردى. «باش نەدىن كېتىدۇ؟» دەپ ئىشارە قىلسام «ئېغىزدىن كېتىدۇ» دەپ كىشى ھەيران قالغۇدەك توغرا جاۋاپ بەردى. ئەگەر سىلەردىمۇ شۇ دىۋانىدا بولغانچىلىك ئەقىل - پاراسەت بولغان بولسا، مەن سىلەرگە ئالتۇن ئەمەس، شەھەرنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بەرگەن بولاتتىم.

ۋەزىرلەر پادىشانىڭ ئارقىسىدىن قىلغان شىكايەتلىرىگە خىجىل بولۇشۇپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: نىيازئابدۇللا

# قوچقار، تەخەي ۋە بۆرە

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۆتكەن زاماندا بىر هايۋانلار دۆلىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرەر باشلىق ياكى پادىشاسى يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن هايۋانلار هوقۇق تالىشىپ بىر - بىرىسىگە قەست قىلىشىدىكەن. بولۇپمۇ بۆرە ئۆزى پادىشا بولۇپ، قالغان پۇقرالارنى يەپ، پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بەكمۇ تەشنالىق بىلەن كۈتىدىكەن. لېكىن ئۇ ئۆز سىرلىرىنى تەخەي ئەمگەكچى بىلەن قوشقار دەرمەكچىنىڭ خەلق ئالەمگە يېيىۋېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىكەن. ئەمما، بۆرە «ئۇلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. ئاۋال شۇلارنى يەپ تۈگىتىش كېرەك. شۇندىلا باشقىلاردىن، هوقۇقنىڭ قولغا تەگمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ هېچبىر هاجىتى قالمايدۇ» دەپ ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ تەخەي ئەمگەكچى بىلەن قوشقار دەرمەكچىنى يېۋېتىش مەقسىدىدە ئۇلارغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. خەتتە: «ئەي قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان گالۋاڭ، ئۇزۇن قۇلاق ۋە تەرى سېسىق هورۇن دۆتلەر، گېپىمگە قۇلاق سېلىش. مەن پۈتۈن جاڭگالغا پادىشا بولماقچىمەن. بىرىنچىدىن، ئايىغىم يېنىك، يىراققا بارالايمەن. ئىككىنچىدىن، بىگىسىم قالتىس، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالايمەن. ئۈچىنچىدىن، هۆكۈمۈم ئۆتكۈر، دۈشمەننى جازالىيالايمەن. تۆتىنچىدىن، ئاچچىغىم يامان، سۆزۈمگە كىرمىگەننى ئەدەپلىيەلەيمەن. بەشىنچىدىن، خەنجىرىم ئۆتكۈر، جاهىللارنى،

ئۆلتۈرەلەيمەن. دېمەك، شاھلىق ماڭىلا خاس. ئەگەر مېنىڭ پادىشا بولۇشۇمغا قوشۇلۇشساڭ، سەنلەرگىمۇ ھوقۇق بېرىمەن. ئەگەر قوشۇلۇشمايدىكەنسەن، جاھىللارنى بىر تەرەپ قىلىش قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىمەن. جاھاننىڭ تۈۋرۈكى ئەقىللىق بۆرىدۇر» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

تەخەي بىلەن قوشقار بۆرىنىڭ بۇ تەھدىتلىك گېپىدىن ئۇنىڭ يامان غەرىزىنى چۈشىنىپتۇ - دە، قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. بۆرىگە چوقۇم تاقابىل تۇرۇشتىكى ئامال - چارىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشىپ، بۆرىگە ئەقىللىق كىشى بىلەن گالۋاڭنى ئايرىش تەكلىۋىنى يېزىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بۆرە بەكمۇ خۇشال بولۇپتۇ - دە، دەرھال رەقىپلىرىنىڭ يېنىغا چېپىپتۇ. جامائەت بۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنى سېزىپ قوشقار بىلەن تەخەيگە ئېچىنىپتۇ - دە، نەسىھەت قىلىشىپتۇ. لېكىن قوشقار بىلەن تەخەي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ:

— كەمسىتىش، ئېزىلىش، خورلىنىشقا قارشى تۇرمىساق، ئاخىرى پاجىئەلىك تۈردە ئۆلىمىز. يېڭىش - يېڭىلىش ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىدۇ. ئەگەر بىز ئۆلسەك ئۆلپەتلىرىمىز ئاتلىنىدۇ. يېڭەلىسەك پۈتۈن جانىۋارلار شاتلىنىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۆرە ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاۋال قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئوڭ بىلەن تەتۈرنى پەرق ئېتەلمىگەن بۇ ئىككى قاپاقۋاش مەيدانغا چىقسۇن. ئۇلارنىڭ كۆمپىسىنى كۆرسىتىشكە يول بېرىمەن. ئاندىن ئۇلارنى بىراقلا يوقىتىپ، تەخەينىڭ يۈرىكىنى، قوشقارنىڭ ئۆپكىسىنى يەيمەن. گۆشىنى كېيىن يەيمەن. سەنلەر بۇلارنىڭ جېنىنى تىلەپ، تۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن بىردىن بالىلىرىڭنى ماڭا بېرىشىسەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تەخەي بىلەن قوشقارنىڭ غەزىۋى

تىخىمۇ ئۆرلەپتۇ. كۆپچىلىكمۇ بىردىن بالىسىنى بەرگەندىن كۆرە بۆرە بىلەن كۆرەش قىلىش، تەخەي، قوشقارغا ياردەم بىرىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇلار مەيدانىغا بىرىشىپتۇ. بۆرە ياۋۇزلۇق بىلەن:

— ھۈنىرىڭ، ئىسمى - زاتىڭ نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ تەخەيدىن.

— ھۈنىرىم ئۈسسۈيمەن. خوشنىلار مىنى «ئۈسسىگەك تەخەي» دەپ ئاتىشىدۇ، — دەپتۇ تەخەي ياندۇرۇپلا، — سىنىڭ ئىسمىڭ، ھۈنىرىڭ نىمە؟

— مىنىڭ ئىسمىم شىپالىق بۆرە. ھۈنىرىم تىپىش. مىنى خەقلەر «تەپكەك بۆرە» دىيىشىدۇ، — دەپتۇ بۆرە.

— مىنىڭ ئىسمىم قوشقار، — دەپتۇ قوشقار، — ھۈنىرىم چىشلەيمەن. شۇڭا مىنى ئاغىنىلىرىم «چىشلىگەك قوشقار» دەپ ئاتىشىدۇ.

بۆرە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— ئەي قاپاقۋاشلار، قولۇڭدىن كىلىشسە ئاۋال گۈمپاڭنى كۆرسىتىش. كىيىن مىنىڭدىن يامانلاشما! — دەپتۇ.

تەخەي بىلەن قوشقار بۆرىنىڭ قىشىغا كەپتۇ، قوشقار بۆرىنىڭ ئالدىغا، تەخەي يىنىغا ئۆتۈپتۇ.

— گۈمپاڭنى كۆرسىتىش! ۋاقتىنى ئالما! — دەپتۇ بۆرە.

قوشقار ئىككى قەدەم كەينىگە يىنىپ توختاپتۇ.

— نىمە تۇرىسەن؟ — دەپتۇ بۆرە.

— كۆزۈڭ بەك قورقۇنچلۇقكەن، يۇمۇۋالغىن. ئاندىن ھۈنىرىمنى كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ قوشقار.

«مەن بۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يىگەن ئىدىم. قوشقارنىڭ ئۈستۈنلىكى چىشى بولمايدۇ. قىنى كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇپ تۇراي. ئۇ قانداق قىلالايدىكىن» دەپ ئويلىغان بۆرە كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەل شۇ چاغدا قوشقار ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ شۇنداق ئۈسسۈپتۇكى، بۆرە بەش غۇلاچ يىراققا ھالقىپ چۈشۈپتۇ. بۆرە ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا تەخەي بۆرىنىڭ قوللىرىدىن چىشلەپ سۆرەپتۇ. قوشقار يەنە بىرنەچچىنى ئۈسسۈپتۇ. تەخەي بۆرىنىڭ قوسىقىغا قاتتىق بىر دەسسەپتىكەن بۆرىنىڭ يۈرىكى مىجىلىپ، ئېغىزىغا ئېتىلىپتۇ. بۆرىنىڭ بېشى قېيىپ، پۇتلىرى تىترەپ، قوسىقىغا قان تولۇپتۇ ــ دە، ئۆلۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق جانىۋارلار خەتەردىن قورقماي بىرلىشىپ چەك قىلغاندىلا كۈچلۈك دۈشمەننى يەڭگىلى، بەختلىك تۇرمۇشقا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۈگشى قاراگىغۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئەمەر ئابدۇل

## سودىگەرنىڭ خوتۇنى

بۇرۇن شۆھرىتى پۈتۈن ئالەمگە تارقالغان، ئادالەتلىك بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. شاھزادە بىر كۈنى دادىسىغا:

— ئى دادا، مەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىم. سېنىڭ بار چېغىڭدا كۆڭلۈمنى ئېچىپ يۇرت ئارىلاپ كەلسەم، سەپەردىن كۆزۈم پىشىپ قالسا، — دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ.

پادىشا بالىسىنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئامانلىقىغا دۇئا قىلىپ يولغا سېپتۇ. شاھزادە تېخى ياش بولغانلىقى ئۈچۈن دادىسىنىڭ قول ئاستىدىكى شەھەرلەردىن يىراققا ماڭمايلا پۇل ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۈگىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنى غېرىپچىلىق بېسىپ ھالى تەڭ بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى بىرەر ـ يېرىم ناننى تىلەپ يەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ مەلۇم بىر شەھەرگە بېرىپ بىر غېرىپ ـ مۇساپىرلار چۈشىدىغان سارايغا چۈشۈپتۇ. شۇ ساراي بار كوچىدا بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن، ھەر كىمنىڭ زوقىنى تارتقۇچىلىكى بار بىر ئايالى بار ئىكەن. بۇ ئايالغا شاھزادىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرگەنلىكىگە قارىماي، كېچە ـ كۈندۈز شۇ ئايالنىڭ ئۆيىنى چۆگىلەپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سودىگەر بۇ ئايالنى تالاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىلىۋېتىپتۇ. لېكىن ئاغزىدىن «تالاق» سۆزى چىقىپ كېتىشىگىلا پۇشايمان قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قازى سودىگەرگە:

— سەن خوتۇنۇڭنى تالاق قىلىۋەتكەن بولساڭ، شۇ ھالى بىلەن ساڭا دۇرۇس بولمايدۇ. ئايالىڭنى خالىس بىر كىشىگە نىكا قىلدۇرۇپ بىر كېچە قوندۇرساڭ، ئەتىسى ئۇنىڭ نىكايىدىن ئاجرىتىپ ئالساڭ ئاندىن ساڭا دۇرۇس بولىدۇ، — دەپتۇ. سودىگەر يۇۋاش - يۇمشاقراق بىر كىشىنى تاپماقچى بولۇپ يۈرگىنىدە ئالدىغا شاھزادە ئۇچراپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىر مىسچىتنىڭ ئىمامىنى تېپىپ خوتۇنىنى شاھزادىگە بىر كېچىلىك نىكالاپ قويۇپتۇ.

بۇ ئايالنىڭ شۇ كېچىسىلا شاھزادىگە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا سودىگەر كەلگەن ئىكەن، ئايال ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىماپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئېرىنى بولۇشىغا تىللاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاخۇنۇم:

— ھازىر ئايالىڭ ئاراي بولسىمۇ مۇشۇ بالىنىڭ نىكايىدا. ئايالىڭنى ئۇ قويۇپ بەرسە سېنىڭ، قويۇپ بەرمىسە ئۇنىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر ئايلىق مۇددەت بېرەيلى، — دەپ سودىگەرنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. شاھزادە بىر ئايدىن كېيىن ئايالنى نىكايىدىن ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا تىل خەت يېزىپ بېرىپتۇ. ئارىدىن يىگىرمە يەتتە كۈن ئۆتۈپتۇ. شاھزادە ناھايىتى ئۇستا سازچى ئىكەن. ئۇ تەمبۇرنى شۇنداق چىرايلىق چالىدىكەنكى، ھەر قانداق كىشى قايىل بولىدىكەن. شاھزادە ياش بولغاچقا، سودىگەرنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىغا، تەمبۇر چېلىشىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادىنىڭ دادىسى خەلقنىڭ قانداق شىكايەتلىرى بارلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن پۇقراچە ياسىنىپ، شاھزادە ياشاۋاتقان كوچىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ دەل شاھزادە تەمبۇر چېلىۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەمبۇرنىڭ

مۆگىدىن مەس بولۇپ ئېشىكنى قېقىپتۇ. ئېشىكنى شاھزادىنىڭ ئايىلى ئېچىپتۇ. پادىشا مۇشۇ ئۆيدە بىر كېچە قونۇپ قېلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. شاھزادە تەمبۇر چېلىپ، ئايىلى ئۇسۇل ئويناپ مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ. بۇلار كېچىچە پاراڭلىشىپ يېتىپتۇ. پادىشا بۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. لېكىن بۇلارغا ئۆزىنى تونۇتماي ئوردىغا قايتىپتۇ. بۇ ئىككىيلەن ئەر-خوتۇن بولۇپ يىگىرمە توققۇز كۈن بولغان كۈنى تۇيۇقسىز ئىشىكى ئالدىغا ئوتتۇز تۆگە مال ۋە پادىشانىڭ يارلىغى كەپتۇ. يارلىقتا پادىشا ئاتىلىق سۆيىتى بىلەن ئۆز بالىلىرىنىڭ مەرىكىسىنى مۇبارەكلەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سودىگەر پادىشادىن قورقۇپ شاھزادىدىن ئايالىنى تەلەپ قىلالماپتۇ. باشقا بىر خوتۇن ئېلىپ جاھان ئۆتكۈزۈپ قاپتۇ. شاھزادە بۇ ئايالى بىلەن بەختلىك كۈن كەچۈرۈپ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۇڭشې ياقا دادۇيدىن: ئابدۇغەنى يۈسۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## پەرىزات قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر شاھزادە ئۆتكەن ئىكەن. بۇ شاھزادە كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يۇرت كېزىپ يۈرۈپ بىر كاتتا شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى بىلىپ بولغۇچە بىرنەچچە زامان ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

شاھزادە بىر كۈنىسى كوچا ئايلىنىپ يۈرسە بىر تاكىتاكچى:

ــ ماڭا كىم بالا بولسا ئۇنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى قاندۇرىمەن. ماڭا بىر ئايدا بىر كۈن خىزمەت قىلىپ بەرسىلا بولۇۋېرىدۇ، ــ دەپ كوچىمۇ ـ كوچا جار سېلىپ يۈرگۈدەك. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە شۇ كىشىگە بالا بولىدىغانلىقىنى يېتىدۈرۈپتۇ. تاكىتاكچى شاھزادىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ:

ــ سەن ئۆزەڭگە بىر قىز تاپ، كىمنىڭ قىزى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئېلىپ بېرىمەن، ــ دەپتۇ. شاھزادە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئارىلاپ بىر قىز تېپىپتۇ. تاكىتاكچى شاھزادىگە ھەشەمەت بىلەن توي قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىنى پۇزۇر ياساپتۇ، ئۆيىنىڭ تاملىرىغا گىلەم، ئاستىغا پاياندار سېلىپ بېرىپتۇ. بۇلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، يىگىرمە توققۇز كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار توي قىلىپ ئوتتۇزىنچى كۈنى ئاخشىمى پادىشانىڭ ئىككى ئادىمى كېلىپ شاھزادىنى ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ـ دە:

ــ كېچىچە قوتاندىكى قوتازلاردىن ئالتىنى تۇلۇمچە

سويىسەن. يەتتە ئاتنى ئىگەرلەپ توقۇيسەن، — دەپتۇ. شاھزادە بۇلارنى تەييارلاپ بۇيرۇق كۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

— سەن ھازىر تەييارلان، يولغا چىقىمىز، — دەپتۇ پادىشا. شاھزادە نەگە بېرىشنى بىلەلمەيلا ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. پادىشا ۋەزىرلىرى بىلەن شاھزادىنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر تاغ ئارىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. شاھزادە قارىغۇدەك بولسا، بۇ جاي ئادەملەرنىڭ كېسىلگەن باشلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، تاغنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغۇدەك.

پادىشا ئېلىپ كەلگەن ئادەملىرىدىن بىرسىگە:

— قوتازنىڭ تۇلۇمچە سويۇلغان تېرىسىنىڭ ئىچىدىكى مەينەتچىلىكنى ئادالىۋەت، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇ كىشى تۇلۇمنىڭ ئىچىگە كىرىشى بىلەن پادىشانىڭ بىرنەچچە جاللاتى تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ ھېلىقى كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

بۇ يەردە بىر سۇمرۇغ قۇش بولۇپ، ھەر كۈنى بىر ئادەمنى ھېلىقى ئالتۇن ـ كۈمۈش بار تاققا كۆتىرىپ چىقىپ يەيدىكەن. پادىشا دائىم بۇ يەردە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ پۇتىغا بىر ئادەمنى ئېسىلدۇرۇپ ئۆلگەن كىشىنى قۇشقا بېرىدىكەن ۋە ئۆلمىگەن كىشىگە تاغ ئۈستىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى پەسكە تاشلىتىپ غەزىنىسىنى تولدۇرۇدىكەن. شاھزادىنى ئۆيلەپ قويغان ھېلىقى تاكتاكچى پادىشاغا ئۆلتۈرۈلمىدىغان ئادەم تېپىپ بېرىدىغان ئالدامچى ئىكەن.

شاھزادە بىر چوڭ تاشنىڭ كەينىدە بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا سۇمرۇغ قۇش غۇيۇلداپ چۈشكىنىچە شاھزادىنىڭ گەجگىسىدىن ئېلىپلا تاغ ئۈستىگە كۆتىرىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە تاغ ئۈستىدە قۇش بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇنىڭغا يەم بولماي ئامان قاپتۇ. ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى دەسسەپ يۈرۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇنى يەكلى بولمايدىكەن، شۇڭا قوسىغى ئاچ قاپتۇ. ئۇ ئۇزۇق ئىزلەپ بىر گۇمبەزگە كىرگەن ئىكەن، گۇمبەز ئىچىدە ئاپپاق ساقاللىق بىر مويسىپىت ئادەم ئولتۇرغۇدەك. ئاقساقاللىق كىشى شاھزادە بىلەن ناھايىتى ئوچۇق چىراي كۆرۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، «بىسمىللا» دەپتىكەن. داستىخاندا قىرىق خىل غىزا ھازىر بولۇپتۇ. ئىككىيلەن قوسىغىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بىر ھازا مۇڭدىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادە بۇ بوۋاي بىلەن بىر نەچچە يىل بىللە ياشاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي پىرىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا شاھزادىگە:

— زېرىكسىڭىز بۇ ئۆيلەرنى ئېچىپ زىيارەت قىلىڭ. لېكىن قىرىق بىرىنچى ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئاچقۇچى بولماڭ، — دەپ، ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ كېتىپتۇ. بوۋاي «يەتتە كۈندە كېلىمەن» دەپ ۋەدە قىپتۇ.

بوۋاي كەتكەندىن كېيىن شاھزادە زېرىكىپتۇ ۋە بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرگۈسى كەپتۇ، ئۇ ئۆيلەرنى بىر-بىرلەپ ئېچىپ كۆرۈشكە باشلاپتۇ. بىرىنچى ئۆيدە شۇ زاماندىكى بارلىق باتۇرلارنىڭ رەسىملىرى بار ئىكەن. ئىككىنچى ئۆيدە باتۇرلارنىڭ جەڭ قوراللىرى بار ئىكەن. ھەر بىر ئۆينىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىكەن. شاھزادە قىرىق ئۆينى كۆرۈپ بولۇپ، قىرىق بىرىنچى ئۆينىمۇ كۆرگۈسى كەپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر باغ پەيدا بولۇپتۇ، باغنىڭ ئىچىدە سۈزۈك سۇلار شىلدىرلىشىپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بار ئىكەن. يىگىت بۇ گۈزەل مەنزىرىگە زوقلىنىپ تۇرغاندا، بىر توپ كۆك كەپتەر ئەگىپ كېلىپ كۆلنىڭ بويىغا قونۇپتۇ-دە، ھەر بىرى

بىردىن گۈزەل قىزغا ئايلىنىپتۇ. قىزلار يېشىنىپ سۇدا چۆمۈلۈشۈپتۇ. بىر بىرسىنى قوغلىشىپ ئويناپتۇ. شاھزادە دالدىدا تۇرۇپ بۇلارنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن بىرسىنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋاپتۇ. قىزلار دەرھاللا كىيىملىرىنى كىيىپ كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، شاھزادە كىيىمىنى ئېلىۋالغان قىز كەپتەرگە ئايلانالماي شاھزادىگە «كىيىملىرىمنى بېرىڭ» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. شاھزادە خىجالەت بولۇپ قىزنىڭ كىيىمىنى بەرگەن ئىكەن، ئۇ قىز كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ ئېسى - يادى شۇ قىزدا قاپتۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاقساقال بوۋاي قايتىپ كەپتۇ. شاھزادە باغدا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بوۋايغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي:

— قىرىق بىرىنچى ئۆينى ئېچىپ قويۇپسىز، بولغۇلۇق بوپتۇ. ئەمدى كۈتۈپ تۇرۇڭ. چارشەنبە كۈنى ئۇلار يەنە كېلىدۇ. كەلگەن چاغدا كىيىمىنى يەنە ئېلىۋېلىڭ. قىز يالۋۇرغاندا سىز «ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلسىڭىز بېرىمەن» دېسىڭىز، كىيىمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن «قوبۇل قىلدىم» دەيدۇ. لېكىن سىز كىيىمىنى بەرگەندىن كېيىنمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

دىگەندەك چارشەنبە كۈنى كەپتەرلەر يەنە كەپتۇ. شاھزادە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىرسىنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋاپتۇ. كىيىمسىز قالغان پەرىزات قىز شاھزادىگە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. شاھزادە بوۋاينىڭ دىگىنى بويىچە:

— سىز ئۆزىڭىزنى ماڭا قوبۇل قىلسىڭىز، ئاندىن بېرىمەن، — دەپتۇ. پەرىزات قىز كىيىملىرىنى ئېلىۋېلىش قەستىدە:

— مەن ئۆزەمنى سىزگە قوبۇل قىلدىم، — دەپتۇ. كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن نىمە ئۈچۈندۇر ئۇچۇپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادىمىزاتلار ئارىسىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

بوۋاي بۇ ئىككىيلەننىڭ ئىكاسىنى ئوقۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار كۆڭۈللۈك ئۆي تۇتۇپ قاپتۇ. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئىككى پەرزەنت كۆرۈپتۇ. چوڭ ئوغلى بەش ياشقا، كىچىك ئوغلى ئۈچ ياشقا كىرىپتۇ. بىر كۈنى پەرىزات قىز:

— يۇرتۇمنى، ئاتا-ئانامنى بەك سېغىنىپ كەتتىم. بىر ئايلىق رۇخسەت بەرسىڭىز كۆرۈپ كەلسەم، — دەپ ئېرى شاھزادىگە يالۋۇرۇپتۇ. شاھزادە ئامراق خوتۇنىنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىدىماي بىر ئايلىق رۇخسەت بېرىپتۇ. لېكىن قىز كېتىپ بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، قىز كەلمەپتۇ. ئىككى ئاي ئۆتۈپتۇ، ھەتتا يىل ئۆتۈپتۇ، قىز كەلمەپتۇ. شاھزادە ئايالىنى سېغىنىپ كۈندىن-كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى چىدىماي «بالىلىرىم بەك يېتىمسىراپ كەتتى. ئانىسىنى تېپىپ كەلسەم» دەپ بوۋايدىن رۇخسەت سوراپتۇ. بوۋاي ئانىسىز قالغان ئىككى نارەسىدىنىڭ ھالىغا ئىچىنىپ شاھزادىگە رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە يەتتە كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئۇچرايدىغان گۈمبەزدە تۇرۇشلۇق پىرى-ئۇستازىغا خەت يېزىپ بېرىپتۇ.

شاھزادە يەتتە كۈن مېڭىپ ھېلىقى گۈمبەزگە كىرىپتۇ. بۇ گۈمبەزدە ماڭلىيىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي شاھزادىنى قارشى ئاپتۇ. بوۋاي شاھزادىگە بىر ھاسا، بىر كەش ۋە ئۈستىۋاش بېرىپ:

— بۇ ھاسىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئالدىڭغا تاغ كەلسە بۇ ھاسا شوتا بولالايدۇ، دەريا كەلسە كۆۋرۈك بولالايدۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇچرىسا قورال بولالايدۇ. مانا بۇ كەشەڭنىڭ چەمى ئۇپراپ تۈگىگۈچە ماڭساڭ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىسەن، — دەپتۇ.

شاھزادە نى-نى ئېگىز تاغلاردىن، ھەيۋەتلىك دەريالاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى ئايالى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. سەپەر ئۈستىدىكى

پۈتۈن توسالغۇلارنى خاسىيەتلىك ھاسا يېڭىپتۇ. ئايالى بىلەن قايتىشىدىمۇ خاسىيەتلىك ھاسا ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە پەرىزات ئايالى بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆي تۇتۇپ جاھاندىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۇڭشې ياقا دادۈيىدىن:
ئابدۇغېنى يۇسۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەگگىلەرنىڭ خىيالى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. بۇرۇنقى زاماندا بىر مەھەللىدە ئەمەت، ئەخەت، سەمەت دىگەن ئۈچ بەگگى ياشىغان ئىكەن. بۇ بەگگىلەر ئىش ـ ئوقەتنىڭ غېمىنى قىلمىغاچقا بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ قاپتۇ ـ دە، خىلۋەت بىر جاينى تېپىپ كۆڭۈل ئېچىشماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلار خىلۋەت جاي ئىزلەپ مېڭىپتۇ. ئۆزلىرىچە خىيال سۈرۈپ مەھەللىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ يوغان توغراق يېنىغا بېرىپ قالغانلىقلىرىنىمۇ سەزمەي قېلىشىپتۇ. ئەمەت ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، توغراققا قاراپ:

— ھەي ئاغىينىلەر، توختاڭلار. مۇشۇ يەرنىڭ ھاۋاسى كۆڭۈلگە ئارام بېغىشلىغۇدەك تۇرىدۇ. مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرۇشمايمىزمۇ؟ — دەپتۇ. ئەخەت بىلەن سەمەتمۇ توغراققا بىر پەس قارىشىۋالغاندىن كېيىن ماقۇل بولۇپ، توغراقنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇلار بىر ئاز دىمىنى ئېلىشقاندىن كېيىن ئەمەت ئەخەتكە:

— قېنى بۇرادەر، چىلىمىڭنى چىقارمامسەن، تارتىشقاچ ئولتۇرايلى، — دەپتۇ. بۇلار غاڭزىسىدىن غىرىچ ئوت چىقىرىپ، ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ بەڭ چېكىشىپتۇ. بارا ـ بارا باشلىرى پىقىراپ، كۆزلىرى خۇمالىشىپتۇ. چىلىمگە مەس بولۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۆز پاراڭلىرىدىن زوقلىنىپ تېلىقىپ ـ تېلىقىپ

كۆلۈشۈپتۇ. بىر چاغدا ئەمەت توغراققا ئەلەسلىك بىلەن قاراپ، توغراقنىڭ غوللىرىنى سىلاپتۇ ۋە:
— مۇشۇنداق كەڭ يەرگە سايە تاشلايدىغان توغراق بىزنىڭ باغدا بولۇپ قالسا ھەر كۈنى شۇ جايدا ھوزۇر قىلساق نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دەپتۇ. سەمەت:
— ۋاھە! بۇ توغراق خۇددى يامغۇر ياققاندا باشقا تۈتىدىغان كۈنلۈككە ئوخشايدىكەن، — دەپتۇ.
بۇ گەپلەرنى تىڭشاپ ياتقان ئەخەت ئىرىككەندەك بولۇپ:
— قويۇڭلار ئاغىنىلەر، بۇ توغراقنىڭ غولى بەكمۇ تۈز ئىكەن. بۇنى كېسىپ غولىدىن چۆچەك چاپسا نەچچە چۆچەك چىقار؟ — دەپتۇ.
— ئىككى يۈز چۆچەك چىقىدۇ، — دەپتۇ سەمەت. ئەمەت خۇددى يېڭىدىن ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ - دە:
— ئىككى يۈز چۆچەكنى ئىككى يۈز قويغا تېگىشەيلى، — دەپتۇ.
— بۇ قويلارنى مۇشۇ يەردىلا بۆلۈشۈپ ئالغىنىمىز تۈزۈك، — دەپتۇ ئەخەت.
— بۇمۇ ياخشى گەپ. قېنى ئەمسە، نەچچىدىن ئالىمىز؟ — دەپتۇ سەمەت.
— ئاتمىش بەشتىن ئالساق، بەش قوي ئېشىپ قالىدىكەن. چۆچەك چاپىدىغان ئەقىل مەندىن چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېشىپ قالغان بەش قوينى مەن ئالاي، — دەپتۇ ئەخەت.
— ياق، چۆچەكنى قويغا تېگىشىدىغان ئەقىل مەندىن چىقتى. بەش قوينى مەن ئېلىشىم كېرەك، — دەپتۇ ئەخەت.
— ياق، مەن ئېلىشىم كېرەك. چۆچەك چاپىدىغان توغراقنى ھەممىدىن بۇرۇن مەن كۆرگەن، — دەپتۇ ئەمەت.

بۇ ئۈچ بەڭگى تالىشا ـ تالىشا، ئاخىرى مۇشتلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار مۇشتلىشىۋېتىپ مەسچىتكە نامازغا ماڭغان مەزىناخۇنۇمنى كۆرۈپ قېلىپ چاقىرىپ كەپتۇ.

— مەسچىتكە ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن. ناماز قازا قىلىپ كەتسە بولمايدۇ. قېنى گېپىڭلارنى دەۋېرىڭلار، — دەپتۇ مەزىن.

— بۇ گەپنى شۇنداقلا ئاڭلاپ قويسىلا بولمايدۇ. بىز قوي بۆلۈشەلمەكچى ئىدۇق. كېلىشەلمەيۋاتىمىز، ئۆزلىرى كېلىشتۈرۈپ قويسىلا، — دەپتۇ بەگلەر.

مەزىن بىر تۇرۇپ نامازغا ئالدىراپتۇ. بىر تۇرۇپ «بىر ۋاخ نامازنى قازا قىلسامۇ قىلىپ بىر قويغا ئىگە بولمايمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بەگلەرنىڭ يېنىغا كەپتۇ. مەزىن يېقىن كېلىپ بولغۇچە بەگلەر چۇقۇرىشىپ گەپلىرىنى باشلاپتۇ.

— يەتمىش قوينى مەن ئېلىشىم كېرەك، چۈنكى چۆچەك چاپىدىغان توغراقنى مەن كۆرگەن، توغراقتىن چۆچەك چېپىشنى مەن دېگەن، — دەپتۇ ئەمەت.

— ئىككى يۈز چۆچەك چىقىدىغانلىقىنى مەن ئوتتۇرىغا قويغان، شۇڭا يەتمىش قوينى مەن ئېلىشىم كېرەك، — دەپتۇ سەمەت.

— چۆچەكنى قويغا تېگىشىشنى مەن ئوتتۇرىغا قويغان، — دەپتۇ ئەمەت.

بۇلارنىڭ گېپى ئاياقلاشمىغاندىن كېيىن مەزىننىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ كېتىپتۇ ـ دە:

— توختاڭلار، توختاڭلار، — دەپ ۋاقىراپتۇ. بەگلەر جىم بولۇپ بىر بىرسىگە ھۆرپىيىشىپ قارىشىپ تۇرۇپتۇ.

— ئادىل ۋە خالىس ئايرىپ قويسىلا. بىزمۇ ئەجىرلىرىنى قايتۇرارمىز، — دەپتۇ ئەخەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مەزىن، — قوي دىگەن چوڭمۇ بولىدۇ، كىچىكمۇ بولىدۇ. ئورۇقمۇ بولىدۇ، سېمىزمۇ بولىدۇ. مېنى قويۇڭلارنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىڭلار. مەن ھەممىڭلار رازى بولغۇدەك بۆلۈپ قوياي.

— ۋاي مەزىناخۇنۇم، — دەپ چۇقۇرۇشۇپتۇ بەگلەر، — قوي تېخى يوق. چۆچەك چېپىپ قويغا تېگىشىدىغان توغراق تېخى بېشىمىزغا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. مانا مۇشۇ توغراق، مانا مۇشۇ.

مەزىن شۇندىلا بۆلۈپ بېرىش ھەققىگە بىرنى ئالماقچى بولغان قويلارنىڭ بەگلەرنىڭ مەسلىكتىكى خىيالى ئىكەنلىگىنى چۈشىنىپتۇ - دە، بەگلەرنى تىللىغىنىچە كەشىنى شاقىلدىتىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۆڭشى قاراڭغۇ دادۋيىدىن:
ئابدۇرېھىم غوپۇر

## بەڭگىلەر

بۇرۇن بۇرۇنىسىدىكەن، تۇرخۇن مورىسىدىكەن. توخۇ ئۇۋۇسىدا، كەندىر توپىسىدا، چىلىم غاڭزىسىدىكەن. ئەنە شۇ زاماندا مەلۇم مەھەللىدە باقى، ساقى، مەتۇاقى دىگەن بەڭگىلەر ئۆتكەن ئىكەن. بۇ بەڭگىلەرنىڭ كۈنى ئەتىدىن - كەچكىچە بەڭ چېكىش بىلەن ئۆتىدىكەن. ئۇلار كۈزدە كەندىر پىشقاندىلا ئىشلەيدىكەن. ئۇلار ئەنە شۇ چاغدا دىخانلارنىڭ كۈزلۈك يىغىم ئىشلىرىنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كەندىرلىرىنى ئادالاپ بېرىش باھانىسى بىلەن يىللىق دەسمايىسىنى يىغىۋېلىشىدىكەن.

ئۇلار بىر كۈز كۈنى باغ سەيلىسى قىلىشماقچى بولۇشۇپ، مەھەللىنىڭ نەق چېتىدىكە جايلاشقان بىر باققا بېرىشىپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى ئۇلارنى كۆرۈپ «ئېھتىمال باغ سەيلىسى قىلغاچ كاۋاپ سالدىغانلار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، بېغىغا باشلاپ قويۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. بەڭگىلەر باققا كىرىشىپ ئورۇن ئېلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن باغنىڭ ئىگىسىنى بىر پەس ماختىشىپتۇ. ئاندىن چىلىملىرىنى بىر بىرىگە سۇنۇشۇپ دوس تارتىشقىلى تۇرۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە چىلىم بىر قانچە نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن كۆزلىرى خۇمالىشىپ، باشلىرى پىقىراشقا باشلاپتۇ. باقى ئىككى تىزىنى بېشىدىن ئېگىز چىقىرىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ چىلىم تارتقىلى تۇرۇپتىكەن، ساقى:

— ھەي ئاداش، بوشراق تارت، ئۆلۈپ قالىسەن

بىكار، — دەپتۇ.
— «بەگلەر بەك تارتىشار تېتىقى بىلەن، ھەركىم تۇغۇلار رىسقى بىلەن» دەپتىكەن. بىزنىڭمۇ رىسقىمىز تۈگىگەن كۈنى بۇنى بوش تارتساقمۇ، ھەتتا تارتمىساقمۇ ئۆلۈپ قېلىۋېرىمىز دىگىنە ئاداش، — دەپتۇ باقى.
— چېكە ئاداش، چەك. دەرتكە بىرنى، ئەلەمگە بىرنى چېكىۋەت ئاداش، — دەپتۇ ساقى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە چېكىشىپ چېلىمنىڭ ئايلىنىشتىن توختاپ قالغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. كۆزلىرىنىڭ پەيسىز خىيال قاناتلىرى بىلەن ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ بىردىن دەرەختكە يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپتۇ.
ئۇزاققا بارماي مەتۋاقى بېشىنى كۆتىرىپ:
— ھەي ئاغىنىلەر، ماۋۇ ساقى بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرمەسۇنمۇ؟ — دەپتۇ.
— شۇنداق قىلسۇن. ھېلىقى بېشى يوغاننى ئېيت جۇمۇ ئاداش، — دەپتۇ باقى. ساقى چۆچەك باشلاشتىن بۇرۇن ئاغزىنى ھۆللىۋالماقچى بوپتۇ - دە:
— ئاغىنىلەر، ماڭا ئاۋال بىر نوگاي سۇ بېرىڭلار، — دەپتۇ باقى. بىر تۇپ ئالمىغا يۆلىنىپ ئىككى تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئولتۇرغان مەتۋاقىنى سۇغا بۇيرۇپتۇ. مەتۋاقى «ھە، ماقۇل، مانا» دەپ قويۇپتۇ - يۇ، يەنە ئايىغى يوق خىياللىرىغا غەرق بولۇپتۇ.
باقى «ساقى ئەمدى ھېكايىنى باشلايدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن ساقى بەڭگىدىن زۇۋان چىقماپتۇ.
— ھەي ئاداش! بىزگە ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان چۆچەك قېنى؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ باقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىتكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

— سۇ قىنى؟ سۇ!؟ — ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ۋاقىراپتۇ ساقى. باقى كۆزىنى ئېچىپ قارىسا مەتۋاقى ھەدەپ خورەك تارتىۋاتقۇدەك.

— ھەي مەتۋاقى قوپ! مەن سېنى سۇغا بۇيرۇغىلى نەۋاخ؟ — دەپتۇ باقى.

— كىمنى دەۋاتىسەن؟ — دەپتۇ مەتۋاقى بېشىنى تەستە كۆتىرىپ.

— سېنى دىمەي كىمنى دەيتتىم، قوپ، سۇ ئېلىپ كەل. ساقى چۆچەك ئېيتىپ بەرمەكچى، — دەپتۇ باقى، — ئۇ بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ، ئۇساپ!

— ئۇسسىغان بولسا سۇنى ئۆزى تېپىپ ئىچسۇن، مەن ئۇسسۇمىغاندىكىن! — دەپ گوڭراشقا باشلاپتۇ مەتۋاقى.

— قوپ دىدىم قوپ! — دەپتۇ باقى مەتۋاقىغا ھۆكۈرەپ، — مەن سېنى سۇغا بۇيرۇسام ئۇنىمايدىغان نىمە ھەددىڭ؟ ھۆرت - پۆرت دىسەڭ ھېلى بىكار قولىغىمدىن خوراز قىچقارتىمەن!

مەتۋاقى قورقۇنچىدا ئورنىدىن تۇرۇپتىكەن ساغىرىسى سۆگەتنىڭ غولىغا تېگىپ ئالدىغا دۈم چۈشۈپتۇ. قوپماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتەرگەن ئىكەن، بېشى باقىنىڭ قوسىغىغا تېگىپ ئارقىسىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باقى سۇغا مەتۋاقى بىلەن بىللە بېرىپ، سۇنى ئۇنىڭغا كۆتەرتىپ ئۆزى ئالدىدا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئارقىدا كېلىۋاتقان مەتۋاقى بىر چوماققا پۇتلىشىپ گۇپ قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان باقى كۆزنى ئاچماي، ئارقىسىغىمۇ قارىماي:

— يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قوپالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ مەتۋاقى.

— سۇنى تۆكۈپ قويدۇڭمۇ - يا؟

— چىنە قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى، شۇ چىنىنى تاپالمايۋاتىمەن.

شۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ تۆكۈلۈپ كەتكەنلىگىگە كۆزى يەتكەن باقى:

— ئاداش ساقى، ھېچيەردىن سۇ تاپالمىدۇق. ئالدى بىلەن چۆچەكنى ئېيتىپ بەرسەڭ. ئاندىن كېيىن سۇغا راسا تويغۇزساق، — دەپتۇ. بۇ گەپكە ئىشەنگەن ساقى لەۋلىرىنى تامشىپ چۆچەكنى باشلاپتۇ:

بۇرۇن بۇرۇندىكەن. تېرىق تۇلۇمدىكەن. يىتىم بۇلۇڭدىكەن، قاغا قارىقچى، تۈلكە يالاقچى، بۆرە ماراقچى ئىكەن. سېغىزخان چەدىكەن، قۇيرۇغى يەردىكەن. قېيىنى ئانامنىڭ قىزى مەندىكەن. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى تۇغۇلمىغان چاغ ئىكەن. شۇ زاماندا ئۆتكەن بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇللار جاڭگالدا مال باقىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىردىن ئالاھىدىلىگى بار ئىكەن. چوڭىنىڭ بۇرنى يوغان ئىكەن. ئوتتۇرانچىسىنىڭ كۆزى چوڭ ھەم قولى ئۇزۇن بولۇپ، قولى قىرىق گەز سوزۇلىدىكەن. كىچىگىنىڭ بېشى يوغان بولۇپ، تۇمسىغىغا بەش يۈز قوي پاتىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشىپ، ناھايىتى ياخشى ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە ئۇلارنىڭ ئاتىسىغا قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۇ ئادەم باللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— باللىرىم، مېنىڭ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۇزاققا بارماي ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەندىن قالغان ئۈچيۈز ئەللىك قوينى ھەر بىرىڭلار يۈزدىن ساناپ، ئۆزەڭلارنىڭ قىلىپ بەلگە سېلىۋېلىڭلار. لېكىن ھەرگىز ئايرىۋالماي ھازىرقىدەك بېقىڭلار. قالغان ئەللىك قوينى بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە قايسىڭلار سايىۋەن

بولالساڭلار شۇ ئىلىڭلار.

بوۋاي ئۇزاققا قالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بالىلىرىمۇ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ بىرگە ياشاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتتۇرانچى ئوغۇل قويلارنى يېغىپ كېلىش ئۈچۈن جاڭگالغا كېتىۋېتىپ يىراقتىن كېلىۋاتقان قاراقچىلارنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئاكىسى بىلەن ئىنىسىگە مەلۇم قىپتۇ.

قاراقچىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئۈچ ئوغۇل ساراسىمىگە چۈشۈپ نېمە قىلارنى بىلمەي تەمتىرىشىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كىچىكى:

— قويلارنى مېنىڭ تۇمىقىمغا سولاپ قويۇپ، ئۆزىمىز قېچىپ كەتسەك بولۇۋېرەمدۇ؟ — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ناھايىتى خوشال بولۇپ، بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل قولىنى بىر سوزغان ئىكەن، قويلار ئالدىغا يىغىلىپتۇ. كىچىك ئوغۇل شۇئان قويلارنى تۇماققا سولاپتۇ. لېكىن قاراقچىلار ئاڭغىچە يېقىنلاپ كېلىپ قاپتۇ. قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئاكا ـ ئۇكىلار ساراسىمىگە چۈشۈپ تۇرغاندا چوڭ ئوغۇل دەرھال ئەقىل تېپىپ ئىككى ئىنىسىنى ئۆزىنىڭ بۇرنىغا سولىۋاپتۇ. ئەمما ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ قولى سوزۇلۇپ، كۆرۈنۈپ قاپتۇ. كىچىك ئوغۇلنىڭ بېشى يوغان بولغاچقا ئاكىسىنىڭ بۇرنىنى يىرتىۋېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ چوڭ ئوغۇل ئاغرىق ئازاۋىغا چىداپ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنداق تۇرغاندا قاراقچىلار كېلىپ قاپتۇ. كەلگەن قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ:

— ھەي، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟! — دەپ سوراپتۇ. چوڭ ئوغۇل قاراقچىلارنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئاز قورقۇپتۇ. لېكىن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ:

— مەن مۇساپىرمەن. جاھان كەشتىلىك قىلىپ جان باقىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى

ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئادەمنىڭ قولىغا ئوخشايدىغان ئۇزۇن بىر نەرسىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ:

— بۇرنىڭدىن ساڭگىلاپ تۇرغان نىمە؟

— ئادەم، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇل تەمكىنلىك بىلەن.

— نىمىشقا بۇرنۇڭغا سولىۋالدىڭ؟ ئادەم بولسا چىقار، بىز كۆرىمىز، — دەپتۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىغى سەل قورققان ھالدا.

— ياق، چىقىرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇرنۇمنىڭ ئىچىدىكى بۇ ئىككى كىشى قاراقچى ئىكەن. ياخشى گەپ قىلسام پەيلىدىن يانمىغۇدەك. شۇڭلاشقا بۇرنۇمغا سولاپ ئېلىپ ماڭدىم. چوڭقۇرلۇغى قىرىق گەز كېلىدىغان بىر قۇدۇغۇم بار. شۇنىڭغا تاشلاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇل.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاراقچىلار قورقىشىپ غال ـ غال تىترەشكە باشلاپتۇ ۋە چىرايلىق گەپ بىلەن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپتۇ.

— ئەي بۇرادەر، سەن ھېلى ئىككى ئادەم دىگەن ئىدىڭ، ھازىر بۇرنۇڭنىڭ ئىچىدە بىرلا ئادەم تۇرىدىغۇ؟ — دەپتۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىغى.

— يەنە بىرسى ماۋۇ بۇرنۇمدا. ئۇنىڭ قولىدا قىلىچ بار ئىكەن. مەن ئۇنى قىلىچ ـ پىلىچلىرى بىلەن بۇرنۇمغا سولىسام بۇرنۇمنى يىرتىۋەتتى، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇل.

قاراقچىلار قارىسا راست شۇنداق تۇرغان. ئۇلار قورقۇپ ئاستا كېتىۋېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپ:

— ئەي بۇرادەر، بىز قاراقچى ئەمەس. سەندىن شۇنداقلا بىر گەپ سوراپ قويغان ئىدۇق. خاپا بولمىغىن. خەير، كۆرۈشەرمىز، — دەپتۇ ـ دە، بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ ئوغۇل بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپتۇ. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئارتۇق چاغلىشىپ، ئېشىپ قالغان ئەللىك قوينىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

— ئەللىك قوينى مەن ئېلىشىم كېرەك، — دەپتۇ چوڭ ئوغۇل، — سىلەرنى بۇرنۇمغا سولىۋالمىغان بولسام قاراقچىلار هالاك قىلىۋەتكەن بولاتتى.

— ئەللىك قوينى مەن ئېلىشىم كېرەك، — دەپتۇ ئوتتۇرانچى ئوغۇل، — قاراقچىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى مەن كۆرمىگەن بولسام، ئۇلار ھەممە قويلارنى ئېلىپ كېتەتتى.

— مەن ئېلىشىم كېرەك، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — مەن قويلارنى تۇمىغىمغا سولىۋالمىغان بولسام ئۇلار كۆرۈپ قالغان بولاتتى...

ساقى ھېكايىسىنى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە باقى گەپنى بۆلۈۋېتىپتۇ:

— قويساڭا ئاداش بۇنداق گەپنى. ئەگەر مەن ئاشۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولغان بولسام ئۇنچە ئاۋارە بولماي تۇرۇپچۇ ئەللىك قوينى ئالغان بولاتتىم. بولدى، قوي، بۇ ئادەمنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىدىغان چۆچەككەن، ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى، — دەپ يەنە دوس تارتىشقىلى تۇرۇپتۇ.

— ھەي ئاغىنىلەر، بەك چەككەن ئادەم خۇداغا يېقىن بولارمىش. چۈنكى بەك چەككەن ئادەم غەيۋەت ـ شىكايەتتىن يىراق تۇرىدىكەن؛ كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلمايدىكەن، — دەپتۇ ساقى.

— توغرا دېدىڭ ئاداش، — دەپتۇ مەتۋاقى، — بىزدىن بۇرۇنقىلار مۇنداق بىر تەمسىل قالدۇرغان ئىكەن «ھاراق پادىشادۇر، مۇسەللەس ۋەزىر، نەشە پاسكىنادۇر، بوزا بىنەزىر»

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساقى راسا كۈلۈپتۇ. ئەمما باقى غەزەپ بىلەن

مەتۋاقىغا ئېسىلىپتۇ. ئۇنىڭ بارماقلىرى مەتۋاقىنىڭ بويىنىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ساقى ئاجرىتىپ قويماقچى بولۇپتىكەن، باقى ئۇنى تىللاپ:

— ئاڭلىمىدىڭمۇ، بۇ خوتۇنى تالاق ھازىرلا نەشىنى «پاسكىنا» دەۋاتامدۇ؟ — دەپتۇ. گەپنىڭ تەكتىگە چۈشەنگەن ساقمۇ باقىغا ماسلىشىپ مەتۋاقنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا باغۋەن كېلىپ بۇلارنى قوغلاپتۇ ۋە پۈتۈن بالا - چاقىلىرىغا بەڭگى بولماسلىق ھەققىدە كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقا گۈڭشىپ قاراڭغۇ داۋۇيىدىن: ئابدۇرېھىم غوپۇر.

www.uyghurkitap.com

**维吾尔民间故事选（8）（维吾尔文）**

新疆大学中文系 79—2 班学生收集整理

责任编辑：马合木提江

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

850×1168毫米　32开本　9.5印张

1985年7月第1版　1985年11月第1次印刷

印数：1 —— 29,000

---

统一书号：M10098·956　　定价：0.72 元